# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى



ھەقسىز ئالماشتۇرۇلىدىغان ئىچكى ماتېرىيال



2007

吐鲁番学研究

Turpanological Research

2

شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى





تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان
« ئائىلە تۇرمۇشى » تەسۋىرلەنگەن ھەيكەللەر
( جىن، تاڭ دەۋرى 4 ـ 10 ـ ئەسىر)



2007 ـ يىل 2 ـ سان

## تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

(ئومۇمىي 16 ـ سان)

تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى:
**ئابلا قاسىم**

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:
**ئابلىكىم قېيۇم**
**ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

باش مۇھەررىرى:
**ئابلىم قېيۇم**

ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان
ئالىي مۇھەررىرى:
**ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

تەھرىرلىرى:
**ئابدۇگۈل ئابلىمىت، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق، زۇلپىيە مۇھەممەت، ئۆمەر ئابدۇقادىر**

**مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە:**
بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ تاشقى كۆرۈنىشى
**مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە:**
بۇدداغا تاپىنغۇچى راھىپلار، رەسىمنىڭ ئېگىزلىكى 168cm، كەڭلىكى 104cm. رەسىمنىڭ ئۈستى تەرىپىدە براھما يېزىقىدىكى بېغىشلىما بار.
(قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋر ـــ 9 ـ 10 ـ ئەسىر) لىكوكنىڭ «قوچو» ناملىق رەسىملىك توپلىمىنىڭ 16 ـ بېتىدە

※※※※※※ **مۇندەرىجە** ※※※※※※※

### مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى

دەۋرىمىزدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا ........ ئابلىم قېيۇم (1)
مەكتىتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرى توغرىسىدا ........ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس (16)

### ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى

ئۆتەڭ قەدىمكى بوستانلىقنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش توغرىسىدا قىسقىچە دوكلات ........ ئەنۋەر مەمەت (25)
ئەجدادلىرىمىز تېئۇنغان كۆك (ئاسمان) كە چوقۇنۇشقا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ........ مۇھتەرەم سۇلايمان (28)

### يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى

دۇنخۇاڭ ـ تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت بۇددىزم يادىكارلىقلىرى ........ ئا. م. ئۆمىديار. ئە. ئى. قۇتلۇق (35)
قەدىمكى تۈرك يازما مەدەنىيىتىدىكى ياۋرو ـ ئاسىيا رايون تەركىبلىرى توغرىسىدا ........ دېمىرى. د. ۋاسىلېۋ (تەرجىمان: مامۇتجان ئىمىن ئېلتېكىن) (68)
ئۇيغۇرلارنىڭ «چىلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان ـــ يېزىقى» ھەققىدە ........ غالىپ بارات ئەرك (76)

### قوچو ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

تۇرپان ئۇيغۇر مەشرەپلىرى توغرىسىدا ........ مۇھەممەت نىياز (94)
قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش ئادىتىدىن «گۈزەللىككە ئىنتىلىشى» غا نەزەر ........ مامۇتجان تىلەك (98)
ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ غوزچە كىيىم ـــ كىيىش ئىسلاھاتىنىڭ ئېلىمىزنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ........ يۈسۈپجان مۇسا (103)
تۇرپاننىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن گۈللىنىشكە باشلانغان سودا ـ تىجارەت تەرەققىياتىغا نەزەر ........ ھىممەت نىياز (110)

### مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر

ملڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگو ـ كورىيە دىپلوماتىيە ئالاقىسىغا تۆھپە قوشقان ئىككى ئۇيغۇر دىپلومات ........ ئەبەي ئىمىن (120)
سۇلتان مامۇت خوجا ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمى ........ مامۇت غازى (128)
ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ........ دىلئارام مەخمۇت (134)
قايدا سەن ھەبىبۇللا ـــ قەدرىڭ ئۆتۈلدى بۆلەكچىلا ........ قاسىم خوجا (139)

### تارىخىي ماتېرىياللاردىن تەرمە

قەدىمكى يىپەك يولىدا يېڭى ئېچىلغان بىر دەستە خۇشپۇراق گۈل ـــ «تۇرپان تارىخى» ناملىق مەخسۇس ئەسەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ........ ھەبىبۇللا خوجا لىمجىنى (145)
تەيۋەندىكى ئۇيغۇر تەتقىقاتى ........ نيۇ رۇجى (تەرجىمان: ياسىن بوساق) (150)

## 吐鲁番学研究

2007 第二期，维吾尔文

（总第十六期）

编委会

主任：

阿不拉·卡斯木

副主任：

阿布力木·克尤木

艾尔肯·伊明尼牙孜

主编：

阿布力木·克尤木

特邀编审：

艾尔肯·伊明尼牙孜

编辑：

阿布都古力。阿不利米提，

艾尔肯·伊明尼牙孜，

祖亚·买买提，

吾买尔·阿布都·哈地尔

**封一**

吐鲁番柏孜克里克千佛洞外景

**封四**

比丘供养像壁画，高1.68米，宽1.04米。画面上端有婆罗密文榜题，高昌回鹘时期。柏孜克里克9窟左甬道口左壁，乐柯克《火州》图版 16 b（左图）

※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※

# 目录

※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※

**文物研究**

关于文物工作的重要性……阿布力木·克优木(1)

论麦盖提的文物遗址……吐尔逊别克·依布拉音木(16)

**考古研究**

关于ötäng 古墓的考古报告……艾尼瓦尔·买买提（25)

论我们祖先崇拜蓝天（天生）的考古遗产……木合特然木·苏莱曼(28)

**文献研究**

敦煌吐鲁番出土的回鹘文佛教文献……阿不拉江·买买提 艾尔肯·伊明尼牙孜(35)

古代突厥文书文化欧亚地域因素……（俄）. Dmitri · D · Vasilif (68)

论回鹘人的相似 “秦文”……阿力甫·巴拉提·爱尔克(76)

**回鹘文化研究**

关于吐鲁番维吾尔麦西来夫…… 买买提·尼亚孜(94)

古代维吾尔妇女服饰习惯来看《审美》观……马木提江·提来克（98)

组织骑兵穿胡式服饰改革对后期军事艺术的影响……玉苏甫· 沙（103)

论吐鲁番 19 世纪末期繁盛的商业事业……依米提·尼亚孜(110)

**历史人物研究**

明朝时期贡献给中韩外交关系的两位回鹘外交人物……艾拜·依明(120)

苏力塘.马木提和卓与他的生涯……马木提·阿孜(128)

维吾尔人名与及其时代特征……地拉热木·马合木特(134)

艾比布拉！你在哪里，我们在想念你……哈斯木·贺加(139)

**史志扎记**

简介《吐鲁番历史》一书……艾比布拉·火加(145)

台湾的维吾尔研究……牛汝极（150)

# دەۋرىمىزدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى

ئابلىم قېيۇم

«تۇرپان» دېگەن بۇ ئاتالغۇ چەت ئەل ۋە دۆلىتىمىزگە ناھايىتى تونۇشلۇق بولغان ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق مەدەنىيەتلىك قەدىمكى ئانا يۇرتىنىڭ، شۇنداقلا يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ تونۇلغان يۇرتىمىزنىڭ نامى.

بۇ ھەقتە ئېلىمىزدىكى ئاتاقلىق ئالىم فىڭ جياشېڭ ئەپەندى «شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن ئوخشىمايدۇ، ئۇ تارىختا مەدەنىيەت رايونى دەپ ئاتالغان» دەيدۇ ①.

چەت ئەللىك ئالىملاردىن پروفېسسور گىرىگورىيېفمۇ «شىنجاڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا مەدەنىيەت ـ مەرىپەت جەھەتتە ئۆز قوشنىسى باكتېرىيەدىن قېلىشمىغان» دەيدۇ②.

گېرمانىيىلىك ئالىم كىلىمكېيت «قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان. 1928 ـ 1929 ـ يىللىرى ھەمدە 1930 ـ يىللىرى جۇڭگولۇق ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى تۇرپان، قارا شەھەر، كۇچار، قۇمتۇرا، قىزىل بۇددا غارلىرى (مىڭئۆيلىرى) دا ئىككى قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، ئۇ يەنە خوتەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى رايونلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان، دەيدۇ③. ئۇ يەنە «تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەتكە قوشقان ئالاھىدە تۆھپىسىنى سۆزلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ» دەپ يازىدۇ.

چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدە بولسۇن ياكى دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ئەسەرلەردە بولسۇن، تۇرپان قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا مەدەنىيەتلىك رايونلارنىڭ بىرى ئىدى.

جۇڭگولۇق ۋە چەتئەللىك ئالىملارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە خاتىرىلەپ ئۆتكەن بايانلىرىغا مۇناسىپ ھالدا تۇرپان ئويمانلىقىدىن تېپىلغان ھەم ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ھەر خىل مەدەنىيەت شەكىللىرىنىڭ ئۆرنەكلىرى بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يۇقىرىقى بايانلىرىمىزنىڭ ئەمەلىي پاكىتى ۋە دەلىلىدۇر.

ھارماس، ئىمگەكچان، ئىجاتكار ئەجدادلىرىمىز ئەنە شۇ يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى ئانا دىياردا ياشاپ، ئاۋۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ئۈزلۈكسىز ھالدا مەدەنىيلىكنى قوغلىشىپ، ئۆز تۇرمۇشىدا مەدەنىيەتنىڭ ھەر خىل كارتىنىلىرىنى يارىتىپ، مەدەنىيەتلىك ھاياتنى توختاۋسىز داۋاملاشتۇرۇپ، پۈتكۈل شىنجاڭ رايونىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەجدادلىرىمىز پۈتكۈل تۇرپان رايونىنى قۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەم ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. تارىختىكى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاھالىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ھالدا كۆچۈپ كېلىش ـ كېتىش جەريانىدا، ئۇيغۇرلار پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، ئۆزىنى مۇستەھكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۈتكۈل شىنجاڭ رايونىنىڭ ئاساسلىق مىللىتىگە ئايلىنىپ ھازىر بۈيۈك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ ئاتالماقتا.

## 1. دۇنياغا داڭلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىز

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر داۋامىدا ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمەتلىرى داۋامىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىندى. بۇ مەدەنىيەت

يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىنغاندىن كېيىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرى تەرىپىدىن ئەتىۋارلاندى ھەم ناھايىتى ياخشى قوغدالدى. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بىر قىسمى رەتلىنىپ، تەتقىق قىلىنىپ كەڭ جامائەتچىلىككە سۇنۇلدى. يەنە بىر قىسمى داۋاملىق رەتلىنىمەكتە ھەم تەتقىق قىلىنماقتا.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش بىر خىل ئىجتىمائىي ھەرىكەت. بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ مۇشۇ خىل ئىجتىمائىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق كەڭ جامائەتچىلىكنى مەدەنىيەت تەتقىقاتى نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلىيەلەيمىز، روھىي ئوزۇق بىلەن ئوزۇقلاندۇرالايمىز. تارىخىي بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرالايمىز. كۆپچىلىككە مەلۇم، تارىخنى چۈشىنىش ئۈچۈن پەقەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغىلا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەر مىللەت كەڭ خەلق ئاممىسى ئورتاق ياراتقان تارىخنىڭ پاكىتى. ھەممىمىزنىڭ ئۆز تارىخىمىزغا پاكىت بولالايدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىز بار ھەم ناھايىتى كۆپ، ئۇلار ھەم خىلمۇ خىل شەكىللەرگە ئىگە.

مەسىلەن، يەر ئۈستىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن: قەدىمكى شەھەرلەر، خىلمۇ خىل شەكىللەردە قۇرۇلغان ئوت تۇرلىرى، قەدىمكى زامانلاردىكى دىنلارنىڭ پائالىيەت سورۇنلىرى، ئىبادەتخانىلار، مىڭئۆيلەر، لەنگەر ـ ئۆتەڭ، قونالغۇ، بېكەتلەر، قەدىمكى مەھەللە خارابىلىرى بار. يەر ئاستىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن: ھەر خىل ـ ھەر شەكىلدە قۇرۇلغان ۋە قويۇلغان قەدىمكى قەبرىستانلىقلار، ھەر خىل تىل يېزىقلاردا يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار، خىلمۇ خىل ئىشلەنگەن ئەرەنچە ـ ئايالچە كىيىم ـ كېچەكلەر، ساپالدىن ئىشلەنگەن خىلمۇ خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ھەر خىل ساپال جابدۇقلار، ھەر خىل رەڭدە ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرى، تۆچ بۇيۇملار، خىلمۇ خىل ئىشلەنگەن تۆمۈر بۇيۇملار بار. تاشتىن ياسالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن: تاش پالتا، تاش ئورغاق، تاش پىچاق، بىلەي تېشى، تاش ئوق ئۇچى، تاش بىلىق ئىلغۇچ، تاش ھاۋانچا تېشى، تاش قىرغۇچ، تاش كەكە، تاش مارجان، تاش ھاۋانچا، تاش ئىستاكان قاتارلىقلار بار. قىيا تاشلارغا چېكىلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن: ھەر خىل يارىتىلغان قىيا تاشلارغا چېكىلگەن ئوبراز قاتارلىق ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ھەرقايسى تارماق جەريانلىرىنىچە چېتىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قەدىمكى مىراسلار بولۇپ، بۇلار مۇشۇ ماكاندا ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز بايان قىلىپ ئۆتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن بەزىلىرىگە ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىقلا ئېرىشەلەيمىز. بىز ئېرىشكەن ھەر خىل شەكىلدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا قارىتا ھەرقايسى نۇقتىلاردىن ئىلمىي تەتقىقات يۈرگۈزۈش ئارقىلىقلا خۇلاسە چىقىرالايمىز، ھەم چىقارغان خۇلاسە مەزمۇنىدىن كەڭ خەلق ئاممىسىنى خەۋەردار قىلالايمىز. بىز ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق خىلمۇ خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئېرىشىمىز، بىز پەقەت ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىقلا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ چىقىرالايمىز. بىز قېزىپ چىققان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مەيلى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە بولسۇن، تەبىئىي پەن ساھەسىدە بولسۇن ھەممىسىگە چېتىلىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرغۇچى ئىككى پەنگە ئوخشاشلا مۇلازىمەت قىلىدۇ، چۈنكى بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەت ئىجتىمائىي پەن ھادىسىلىرى بىلەن تەبىئىي پەن ھادىسىلىرىدىن ئىبارەت ئىككى خىل پەندىن تۈزۈلگەن. بۇ يەردە بىز تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئىش، ھازىر ئىنسانلار ياشاۋاتقان يەر شارىنىڭ پەيدا بولۇشى بۇ بىر تەبىئەت ھادىسىسى، يەر شارىدىكى تەدرىجىي تەرەققىيات داۋامىدا

ئىنسانلارنىڭ شەكىللىنىپ، مۇكەممەللىشىشى بۇ ئىجتىمائىي پەن ھادىسىسى، گەرچە ئىنسانلار يەر شارىدىن نەچچە يۈز مىليون يىللار كېيىن شەكىللەنگەن بولسىمۇ، يەر شارى يەنىلا ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلماقتا. ئىنسانلار ئۆزىدىكى ئەقىل ـ ئىدراكقا تايىنىپ، يەر شارىنى بويسۇندۇرۇپ، يەر شارىنىڭ خوجايىنى بولۇپ ياشىماقتا. بارلىق تەبىئىي پەن ھەرىكەتلىرى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئىجتىمائىي پەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان ھەم پۈتكۈل جەمئىيەت ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەت. تۇرپان رايونىدىكى يەر ئۈستىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولسۇن، ۋە ياكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتى داۋامىدا قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولسۇن ھەممىسىلا ناھايىتى داڭلىق، جۇملىدىن خەلقئارادىكى ئىلىم ئەھلىگە تونۇشلۇق. مۇشۇ سەۋەبلىك، شىۋىتسىيىلىك سىۋېن ھېدىن، رۇسىيىلىك بارتولد، فرانسىيىلىك پېللىئوت، ياپونىيىلىك ئوتانى، گېرمانىيىلىك گرۇنۋېدېل، لېكوك، رۇسىيىلىك ئولدېنبۇرگ، ياپونىيىلىك جۇرۇيچاۋ④ قاتارلىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنى ئۆزىگە قاتتىق رام قىلىۋالغان.

غەربىي شىمالغا كەلگەن چەت ئەللىكلەر ياكى تۇرپان ئويمانلىقىغا مەخسۇس كەلگەن چەت ئەللىكلەر بولسۇن، ھەممىسىلا بوستانلىق مەركىزى شەھەرلەردىن بايقالغان قەدىمكى پۈتۈكلەر، رەسىملەر، ئويمىلارنى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كەتتى ھەم تەتقىق قىلدى.

يارغول قەدىمكى شەھىرى، بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى، ئىدىقۇت (قوچو) قەدىمكى شەھىرى، ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى (يەر ئاستى مۇزېيى) كارىز قاتارلىق داڭلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى دۇنيادىكى «دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەركۈنىمىز ناھايىتى تىرىشىپ خىزمەت ئىشلىمەكتە.

## 2. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تارىخىمىزدىكى رولى ۋە ئورنى

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ تۈرى كۆپ، شەكلى ھەر خىل. ھەربىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تارىخىمىزدىكى تۇتقان ئورنى ۋە رولى بار. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ چوڭلىرىدىن سۆز ئاچساق، مەسىلەن، قوچو قەدىمكى شەھىرى، يارغول قەدىمكى شەھىرى قاتارلىقلار بار. بۇ قەدىمكى شەھەرلەر پەقەت بىر ئاددىي تۇرالغۇلۇق رولىنىلا ئويناپ قالماي، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مەدەنىيەتلىكنىڭ سىمۋولى قاتارىدا مەيدانغا كېلىپ، دۇنيادىكى داڭلىق قەدىمكى مەركىزى شەھەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەينى زامانلاردا بىر دۆلەتكە ۋاكالىتەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلقئارالىق چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن خەلقئارادا ئۆز ئورنىنى تاپقان، ئىناۋىتىنى تۇرغۇزغان. ئەينى چاغلاردا مەدەنىيەتنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى دەپ ئاتالغان تۇرپان بوستانلىقىلا مەدەنىيەت قىياپىتى جەھەتتە ناھايىتى رەڭدارلىققا ئىگە ئىدى.

جۇملىدىن تۇرپان شەرقتىن ـ غەربكە سوزۇلغان چوڭ يول بىلەن جەنۇپتىن ـ شىمالغا سوزۇلغان چوڭ يولنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىغا جايلاشقان، شەرقتىن ـ غەربكە سوزۇلغان بۇ يول قومۇلدىن ئۆتۈپ موڭغۇل يايلىقىغا كىرگەن ھەمدە دۇنخۇاڭغىچە تۇتاشقان. جەنۇپتىن ـ شىمالغا سوزۇلغان يول بولسا كروران بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالى بېقىدىكى يىپەك يولى بىلەن تۇتاشتۇرغان. شۇڭا تۇرپاننىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئورنى ئۇنى شەرقنىڭ كۆپلىگەن ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلىرىنىڭ توپلانغان نۇقتىسىغا ئايلاندۇرغان⑤.

مۇشۇنداق بىر مۇھىم تۈگۈنگە جايلاشقان تۇرپان رايونى ئۆزىنىڭ تۆت ئەتراپىدىن كەلگەن مەدەنىيەت شەكىللىرىنى پەقەت ئۆز ئەينى بويىچە كۆچۈرۈپ كېلىپلا قالماي بۇ مەدەنىيەت شەكىللىرىنى بۇ ۋادىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئويمانلىق مەدەنىيىتىگە خاس شەكىل بىلەن قوراللاندۇرۇپ، خاس ئويمانلىق مەدەنىيەت شەكلى بىلەن كىرگەن ھەم ئالاھىدە بىر قىياپەتتە ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە تارقاتقان. مەسىلەن، تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن

ساكيامونىغا تەزىيە بىلدۈرۈۋاتقانلارنىڭ تەسۋىرى سىزىلغان تام رەسىمى بار، ئۇ تام رەسىمى بۇ يەرگە يىغىلغان ھەرقايسى قوۋم - مىللەتلەرنىڭ خىلمۇ خىل قىياپەتلىرىنى ئوچۇق ئىپادىلىگەن⑥. بۇنچە كۆپ مىللەتلەرنىڭ بۇ جايغا توپلىنىشىنىڭ قىسمەن سەۋەبى ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى ئاساس قىلغان بولسا، يەنە بىر سەۋەبى بۇددا مەدەنىيەت نامايەندىسىنى ئاساس قىلغان. بۇ خىل كۆپ مىللەت ئالاھىدىلىكى تۇۋەندىكى پاكىتلاردىن دەلىل ئىگە بولالايدۇ. تۇرپاندا ساقلىنىپ قالغان تارىخىي ھۆججەتلەر ھەر خىل تىللاردا بولۇپ، بۇلار لاتىن يانتۇ يېزىقىدىن (ئىفتالىتلار، يەنى ئاق ھۇنلار بۇ خىل يېزىقنى ئىشلەتكەن) تارتىپ سۇرىيە يېزىقىغىچە، ھەتتا خەنزۇ يېزىقىغىچە 24 خىل يېزىقتا يېزىلغان⑦. بۇ يەردە بايان قىلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ يېزىق شەكىللىرىدىن ئەينى زاماندا تۇرپان ئويمانلىقى ناھايىتى قىزغىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىل تازا گۈللەنگەن دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى؛ نۇرغۇن مىللەتلەر بۇ يەرگە توپلاشقانلىقى؛ ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئارتۇقچىلىقى بىلەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى جارىي قىلدۇرۇپ، پۈتكۈل تۇرپان ئويمانلىقى مىقياسىدا ئالەمگە مەشھۇر چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكى؛ پۈتكۈل تۇرپان جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ھەم يىراق دەۋرلەردە ناھايىتى قىزغىن، داغدۇغىلىق كەيپىياتنى شەكىللەندۈرگەنلىكى؛ مانا بۇلار مەدەنىيەتلىك مەركىزى شەھەرنىڭ مەدەنىيلىكتە مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، تۇرپاندا نۇرغۇنلىغان مىڭئۆي خارابىلىقلىرى بار. بۇ مىڭئۆي خارابىلىقلىرىنىڭ رولى تېخىمۇ ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن، مىڭئۆيلەر ئالدى بىلەن كىشىلەرنى ھەر تەرەپتىن تەربىيىلەشتە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرۇپ، قەدىمكى زامان تۇرپان جەمئىيىتىدە مائارىپلىق رولىنى ئالاھىدە جارىي قىلدۇرغان. يەنە بىر تەرەپتىن مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش ۋە مەدەنىيەت تارقىتىشتا ئۆز

رولىنى جارىي قىلدۇرغان، مىڭئۆيلەرگە ئالاھىدە قىلىپ نۇرغۇن سۈرەتلەر سىزىلغان بولۇپ، بۇ سۈرەتلەرنىڭ بەزىلىرى بۇددا نوملىرىدا ھېكايە قىلىنغان بايانلارغا ئاساسەن، تىزما - ئۇلانما سۈرەت شەكلىدە سىزىلغان. پۈتكۈل بىر ھېكايىنىڭ جەريانى تام سۈرىتى شەكلى ئارقىلىق، بىر - بىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈلگەن. ئەگەر بۇ ھېكايىنىڭ مەزمۇنى بىر ئېغىز ئۆيگە سىغماي قالسا ئىككىنچى ئېغىز ئۆيگە داۋاملاشتۇرۇپ سىزغان. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن كىشىلەرنى دىنىي ئەھكاملار ئارقىلىق قىزىقتۇرۇپ تەربىيىلەش مەقسىتىگە يەتكەن.

تۇرپان رايونىدىكى مىڭئۆيلەر ئەينى زامان جەمئىيىتىنىڭ ۋە ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان بولۇپ، ئۆزىدە ئىپادىلىگەن دىنىي تۈس بەكرەك قويۇق ئىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئەينى زاماننىڭ ھۆكۈمرانلار قاتلىمى دىنىي زىيالىيلار بولغان، دىنىي بىلىملەردىن ساۋات ئالماي تۇرۇپ ئەينى زامان جەمئىيىتىنى باشقۇرماق ۋە تېزگىنلىمەك مۇشكۈل ئىدى. قەدىمكى زاماندىكى ئىلىملەردە دىنىي تۈس ناھايىتى قويۇق ئىدى. دىنىي مەزمۇن ئارىلاشمىغان يەككە - يېگانە كۆز قاراش، پىكىر، نەزەرىيە دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا مىڭئۆي بېزەكلىك غارلىرى ياسىلىپ دىنلارنىڭ تۈرى، مەزمۇنى بويىچە رەسىملەر سىزىلىپ، تامغا سىزىلغان مەزمۇنلار بويىچە شۇ يۇرتتىكى، كىچىك باللاردىن تارتىپ چوڭلارغىچە تەربىيىلەنگەن. يەنە مىڭئۆيلەردىكى بېزەك سۈرەتلەردە گۈزەل سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە مەزمۇنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. چۈنكى ھەرقانداق سۈرەتنىڭ ئۆزى گۈزەل سەنئەت كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولىدۇ. سۈرەتنىڭ ئۆزى گۈزەل سەنئەت. سەنئەتنىڭ سۈرەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى ھەم ئىنسانىيەتكە زوق ئاتا قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن قەدىمىي شەھەر، مىڭئۆيلەردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان قەدىمكى قەبرىستانلىقلار بار. قەدىمكى قەبرىستانلىقلارنىڭ ھەممىسى تارىخىي ئابىدىلەر بولۇپ، مەيلى ئۇ ھايات ۋاقىتدا پۈتكۈل جاھاننى زىل - زىلىگە سالغان

كاتتا ئەمەلدار بولسۇن ياكى ئۆز تۇرمۇشىنىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزۈشكە ئامال قىلالمىغان قەلەندەر بولسۇن ھەممىدىلەنگە بىردىن لەھەت ئۇيۇلۇپ، قەبرە راسلانغان ھەم شۇ كىشى مۇشۇ لەھەتكە ياتقۇزۇلغان. مانا بۇ قەبرىلەر شۇ كىشىلەرنىڭ (قەبرە ئىگىلىرىنىڭ) مەڭگۈلۈك ئابىدىسى بولىدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا مېھرى - شەپقەت، ئىنسانىي ئىززەت - ھۆرمەت، قىممەتلىك ئابروي - ئىناۋىتى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. جۈملىدىن ئىنسانلار تارىخىدىكى ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدىن تارتىپ تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى دەۋرگىچە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئوخشاشلا، ئىنسانلار ئارىسىدا بىرىنىڭ يەنە بىرىگە نىسبەتەن مېھرى - مۇھەببىتى، ئىززەت - ھۆرمىتى شەكىللەنگەن. ئىنسانلاردىكى بۇ خىل بىر - بىرىگە بولغان ئىززەت - ھۆرمىتى، ئىنسانلار ئالەمدىن ئۆتسە لەھەتكە دەپنە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەنگەن، چۈنكى ئۇ بىر ئىنسان، ئۇ ھايات ۋاقتىدىلا ھۆرمەتلىنىپ قالماي، ئىنسانىي ھاياتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنمۇ ھۆرمەتلىنىشى لازىم. جۈملىدىن ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتى بىلەن دەپنە قىلىنىشى، ئۆزۈتۈش مۇراسىمىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى، قەبرىگە قويۇلۇشى قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئالەمدىن ئۆتكەن شۇ كىشى ئۈچۈن زور ھۆرمەت جۈملىسىدىندۇر.

ھەر قانداق مەدەنىيەت يادىكارلىقى مىللەت تارىخىنىڭ شاھىدىدۇر. پەقەت مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىلا بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى، جەمئىيىتىنى، مەدەنىيىتىنى، سىياسىيىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ ھەم شۇ مىللەت يارىتىپ تارىخنىڭ شاھىدى بولالايدۇ. بۇ ھەقتە گېرمانىيىلىك يىپەك يولى تەتقىقاتى بويىچە تونۇلغان ئالىم كىلىمكېيت مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەدەنىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۇرپان خۇددى بىر پارچە بۇلۇتقا ئوخشاش ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەلگەن مەنىۋى مەزمۇن بىلەن يېزىق شەكىللىرىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرەلمىگەن ھەم كۆلەملەشتۈرەلمىگەن. شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ يەردىكى مەدەنىيەت مەلۇم مەدەنىيەت يۈزلىنىشى يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان، بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكچە روھ بىلەن تۈرك - ئۇيغۇرچە روھ يېتەكچىلىك قىلغان مەدەنىيەت. شۇڭا كىشىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغايدىغىنى شۇكى، بۇ بوستانلىق ئەنئەنىسىنىڭ خەلقئارالىشىشقا باي بولۇشى، يەنى تىرەپ - تەرەپتىن كەلگەنلەرنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇشى ئىدى»⑧.

بۇنىڭدىن شۇنداق بىر نۇقتىنى چۈشىنىۋېلىش مۇمكىنكى، قەدىمكى زاماندا تۇرپان ئويمانلىقىغا كەلگەن، تۇرپان خەلقى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان مەدەنىيەت شەكىللىرى ناھايىتى كۆپ بولغان. تۇرپاندىكى خەلقلەر بۇ مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تىرىشقان، ئۆزىگە خاس تۇرپان مەدەنىيىتىنى يارىتىشقا زور كۈچ سەرپ قىلغان. بىراق پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى ھەر خىل سەۋەبلەر ۋەجىسىدىن تۇرپانغا خاس، تۇرپانچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت شەكلىنى شەكىللەندۈرەلمىگەن ھەم شۇنداق بىر بىرلىككە كەلگەن مەدەنىيەت شەكلىنى يارىتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يەردىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى، بىراق قەدىمكى زاماندا تۇرپاندىن ئىبارەت بۇ ئويمانلىقتا ياشىغان خەلقلەرنىڭ مىللىتى ئوخشىمايدۇ، ئېتنىك تەركىبلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. مانا مۇشۇنداق ئوخشىماسلىقلار بىرلىككە كەلتۈرەلمەسلىكنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىدۇر. شۇڭا تۇرپان ئويمانلىقىدا ئەينى زاماندا ئىشلەتكەن يېزىق شەكىللىرىلا 24 خىلغا يەتكەن. تۇرپان ئەنە شۇ بىراق زامانلاردىلا ئېچىۋېتىشكە ماھىر، قوبۇل قىلىشقا قادىر قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىدى.

تۇرپاندا بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى، مانى دىنى، نىستورى دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىقلار مەۋجۇت بولغان. بىر مۇنچە دىنلار بىرلا ۋاقىتتا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەم شۇ مىللەت شۇ تەركىبنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتقان ھەم روھى تۈۋرۈكلۈك رولىنى ئوينىغان. چۈنكى، دىنىي قاراش قەدىمكى زامانىدىلا ھەرقايسى

مىللەتلەر ئارىسىدا شەكىللەنگەن، تۇتقىلى، كۆرگىلى، يىگىلى ھەم يەتكىلى بولمايدىغان پەقەت ئۆزىنىڭ روھىيىتى ئارقىلىقلا ھېس قىلغىلى بولىدىغان، پەقەت مۇشۇ روھىي قاراش ئارقىلىق ئۆزىنى تېزگىنلەيدىغان، بىر خىل روھىي ئامىل بولۇپ، شۇ روھىي ئامىللار ئىنسانلارنى تېزگىنلىيەلىگەن. ئەگەر شۇ روھىي ئامىل ئىنسانلارنى تېزگىنلەپ تۇرمىسا بۇ ئالەم نېمىگە ئوخشاپ قالار؟ ھەر خىل ئاڭغا ئىگە بولغان ئىنسانلارنى باشقۇرۇش مۇمكىن بولارمۇ؟ بۇنىڭدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئاجايىپ مۇھىم روللارنى ئوينىغان ھەم ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

### 3. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەقىقىي بايلىق

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مەنىۋى بايلىق ھەم ماددى بايلىق. چۈنكى تارىختىن بۇيان ئىنسانلار ياراتقان مەدەنىيەت شەكىللىرى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارقىلىق خەلقى ئالەمگە مەلۇم بولغان. تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن كىشىلەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ جەلپكارلىقىغا مەپتۇن بولۇپ، بىر ئۆمۈر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىنسانىيەت تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك سىرلارنى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىغا تايىنىپ ئېچىپ بەرگەن. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئالدى بىلەن مەنىۋى بايلىق. مەيلى چەت ئەلدە بولسۇن ياكى ئېلىمىزدە بولسۇن ئوخشاش. ھەرقانداق بىر ئىنسان مەنىۋى بايلىققا باشقا ھەرقانداق بايلىققا قارىغاندىمۇ ئارتۇقراق ئېھتىياجلىق. سەۋەب — مەنىۋى بايلىق ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىزدە ساقلىنىدۇ، مەنىۋى بايلىق ئىنسانلار ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم، چۈنكى ئىنسانلار ھاياتىدىكى نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارنى، مەغلۇبىيەتلەرنى، مەنىۋى بايلىقى بىلەنلا يېڭىپ كېتەلەيدۇ. مەيلى تۇرمۇشتىكى مەغلۇبىيەت بولسۇن، خىزمەتتىكى مەغلۇبىيەت بولسۇن ئىنسانلار ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى روھى بايلىقى بىلەن يېڭىپ، يېڭى ھاياتقا مەردانىلارچە يول ئاچىدۇ. ئىنسانلار، تارىختىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرۈش ئارقىلىق روھىي ئوزۇققا ئېرىشىدۇ، روھىي جەھەتتىن ئوزۇقلۇققا ئېرىشىش مەنىۋى جەھەتتىكى بايلىققا ئېرىشكەنلىك بىلەن باراۋەر. مەسىلەن، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جاڭ چيەن، شەرقى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جەن چاۋ، شەرقىي جىن دەۋرىدىكى فاشيەن، شىمالىي ۋېي دەۋرىدىكى سۇڭ يۈەن، خۇي شېڭ، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋېي جيې، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شۈەنجۇاڭ، دۇخۇەن، سۇڭ دەۋرىدىكى ۋاڭ يەندې، گاۋ جۇيخۇي، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چيۇچۇجى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چېن چېڭ⑨ قاتارلىق ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆتكەن زاتلار جۇڭگودىن تاكى چەت ئەللەرگىچە ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساياھىتى ئېلىپ بارغان. ئۇلار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن روھى ئوزۇق ۋە مەنىۋى بايلىق ئېلىپ ئۆزلىرىنىڭ شۇ دەۋردىكى يۇكسەك ھەم ئۇلۇغۋار ئىشلىرى ئۈچۈن شۇ ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزى ئۇچراتقان ھەم كۆرگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن روھى ئوزۇق ئالغان ھەم مەنىۋى بايلىققا ئېرىشكەن، شۇنداقلا ئۆز مەقسەت مۇددىئالىرىغا يەتكەن.

ئەينى زامان ھۆكۈمىتى جياڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا مەخسۇس ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان ئاساسلىق ۋەزىپە غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەر بىلەن كەڭ دائىرىدە ئىتتىپاق تۈزۈپ، ھۇنلارغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش. جياڭ چيەن بۇ قەدىمىي يۇرتقا كېلىپ، غەربىي يۇرت خەلقى بىلەن ھونلارغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى مەسلىھەتلەشكەن، شۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلقنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرۈپ ناھايىتى ھاياجانلانغان ھەم شۇ يەردىكى خەلقنىڭ روھىدىن ئىلھام ئېلىپ، نەتىجىدە ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان. ئەينى زامان ھۆكۈمىتى ئۇنى ناھايىتى كاتتا تارتۇقلىغان.

بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن چەت ئەللىكلەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى قىلىپ، تۇرپان رايونىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى

ئۆز دۆلەتلىرىگە ۋە رايونلىرىغا يۆتكەپ كەتكەن. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى تۇرپاندىن ئۆز دۆلەتلىرىگە يۆتكەپ كېتىشتىكى مەقسەت ـ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەققىي بايلىق ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، مەسىلەن، قەدىمكى جەسەتلەر، ساپال بۇيۇملار، تۈچ بۇيۇملار، كىيىم ـ كېچەكلەر، يازما يادىكارلىقلار، يېمەك ـ ئىچمەككە تەۋە يادىكارلىقلار بار. بۇلارنى تەتقىق قىلىشتىن مەقسەت، قەدىمكى جەسەتلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، قەدىمكى زاماندىكى ئىنسانلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى، قانداق كېسەللەرگە دۇچار بولغانلىقى، قانداق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغانلىقى دېگەندەك تەرەپلەرگە :سبەتەن ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، زامانىۋى تۇرمۇش جەريانىدىكى ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتلەردە تەجرىبە توپلاش، يۇقىرىقى مەقسەتلەر ئۈچۈن چەت ئەللەردىن جۇڭگوغا جۈملىدىن تۇرپان رايونىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا قىزىققۇچىلار (ئېكسپېدىتسىيىچىلەر) مۇ خېلى كۆپ. مەسىلەن، رۇسىيىدىن كوزلوۋ، ئەنگلىيىدىن يوۋنگخۇسبوند، ياپونىيىدىن نىشى توكومرو، شۋېتسىيىدىن سۋېن ھېدىن، رۇسىيىدىن بارتولد، يەنە ئەنگلىيىدىن ستېين، فرانسىيىدىن پېللىئوت، ياپونىيىدىن ئوتانى، گېرمانىيىدىن گرۈنۋېدېل، لىكوك، ياپونىيىدىن خىنوتىسوتومو، رۇسىيىدىن ئولدېنبۇرگ، ئامېرىكىدىن لاتىمور⑩، قاتارلىقلار بولۇپ، بەزىلىرى بىرنەچچە قېتىمدىن جۇڭگوغا كەلگەن، تۇرپانغا بىر نەچچە رەت ئىچكىرىلەپ كىرگەن. ئۇلار نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ھەر خىل قاتناش قوراللىرى ئارقىلىق ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كەتتى. ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا قارىتا، بەزىبىر ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. ئىلمىي قىممىتى بار كىتابلاردىن توملاپ ـ توملاپ نەشر قىلدۇردى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىز ھەقىقىي بايلىق. شۇڭا چەت ئەللىكلەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۆرنەكلىرىمىزنى ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ بېرىپ، بۇ بايلىقلاردىن پايدىلىنىپ ھەر خىل تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. قەدىمكى جەسەتلەرنى ئاناتومىيىلىك ئۇسۇل بىلەن تەتقىق قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ياشاش مۇھىتى، كېسەللىك ئەھۋالى، تۇرمۇش ئادەتلىرى، تەبئىي ياشاش مۇھىتى، يېمەك ـ ئىچمىكى. مىجەز ـ خۇلقى قاتارلىق جەھەتلەردىن ناھايىتى ياخشى تەجرىبىلەرگە ئېرىشتى ھەم نۇرغۇن ئەمەلىي تەجرىبە ماتېرىياللىرىنى توپلىدى.

چەتئەللىكلەر ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى ئارقىلىق، ئىنسانلاردىكى بىر خىل ئورتاقلىقنى بايقىدى. ئىنسانلاردىكى بۇ ئورتاقلىق مەدەنىيەتكە ئىنتىلىش ھەم مەدەنىيەت يارىتىش ئىدى.

مەيلى ئۇ قانداق مىللەت ياكى قانداق ئېتنىك تەركىب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەر ۋاقىت ھەرقانداق شارائىتتا مەدەنىيەت يارىتىشنى ئويلايدۇ ھەم مەدەنىيەتكە ئىنتىلىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئىنسانلار تارىخىنى، مەدەنىيەت تارىخى ياكى مەدەنىيەت يارىتىش تارىخى دەپ قارايمىز. چۈنكى مەدەنىيەت تارىختىن ئايرىلالمايدۇ، تارىخمۇ مەدەنىيەتتىن ئايرىلالمايدۇ، مانا بۇ ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە بايلىق.

## 4. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ سىپلىشتۇرمىسى

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، شەكلى ھەر خىل. بۇ ھەر خىل شەكىلدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىنسانىيەت تارىخى تەرەققىياتىنىڭ سىپلىشتۇرمىسى بولۇپ، كونا بىلەن يېڭىنى پەرقلەندۈرۈشتە، زامانىۋىيلىق بىلەن قەدىمىيلىكنى پەرقلەندۈرۈشتە، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىقنى پەرقلەندۈرۈشتە، پەن ـ تېخنىكا بىلەن ئىپتىدائىيلىقنى پەرقلەندۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم ئەمەلىي سىپلىشتۇرما بولالايدۇ. بىز مۇشۇنداق ھەر خىل سىپلىشتۇرمىلار ئارقىلىق جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. يارغول قەدىمكى شەھىرى ئەينى زامانلاردا ھەقىقەت قوش ـ قاڭقىللار دۆلىتىنىڭ پايتەختى، مەدەنىيەت، ئىقتىساد مەركىزى بولغان.

ئەينى زاماندا ناھايىتى قۇدرەت تاپقان. يارغول قەدىمىي شەھىرى قوش - قاتقۇل دۆلىتىنىڭ پايتەختى، مەدەنىيەت، ئىقتىسادىنىڭ مەركىزى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىنسانلارنىڭ توپلىنىش، مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلىشىشتەك شەھەر مەدەنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن. يارغول قەدىمىي شەھىرى ئەينى چاغلاردا پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا ھەتتا ياۋروپا ئەللىرىگە تونۇلغان كاتتا شەھەر ئىدى. بىراق ھەر خىل توقۇنۇشلار سەۋەبىدىن قاتتىق ۋەيران بولۇپ، ھازىر ئەينى زامانىدىكى دۇنياۋى سەلتەنىتىدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىدى. يارغول قەدىمىي شەھىرىنى ھازىرقى زامانىمىزدىكى زامانىۋى ئەسلىھەلەر بىلەن تولغان، زامانىۋى ئۈسكۈنىلىرى تولۇق بولغان زامانىۋى شەھەرلەر بىلەن ھەرگىزمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بىراق يارغول قەدىمىي شەھىرى ھازىرقى زامانىۋىلىققا تولغان شەھەرلەرگە ئوخشاشلا شەھەر ئىدى. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە بولسۇن زامانىۋى شەھەرلەرمۇ يەنىلا شەھەر، بۇ ئورتاقلىق. يارغول قەدىمىي شەھىرى ئىپتىدائىي شەھەر ئىدى، ھازىرقىلىرى پەقەتلا زامانىۋى شەھەر، يەنىلا مەدەنىيەت - ئىقتىساد مەركىزى. يەنە كېلىپ ئىككىسى ئوخشاشلا شەھەر دەپ ئاتىلىدۇ. خۇددى دانىشمەن ئالىملىرىمىز ئېيتقاندەك، كونىلىرى بولمىغان بولسا، ھازىرقى يېڭىلىرى، زامانىۋىلىرى ھەرگىزمۇ بولمىغان بولاتتى. تۇرپاندا، قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە پۈتۈن دۇنياغا داڭ چىقارغان قوچو قەدىمىي شەھىرى دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەر بار، نۇرغۇن ئالىملار، بۇ قەدىمىي شەھەرنى ياۋروپادىكى دۇنياغا داڭلىق پاڭپېي قەدىمىي شەھىرىگە ئوخشىتىدۇ ھەم جۇڭگولۇقلارنىڭ پاڭپېي قەدىمىي شەھىرى دەپ ئاتىشىدۇ. ياۋروپادىكى پاڭپېي قەدىمىي شەھىرىمۇ مەدەنىيەت ھەم ئىقتىساد مەركىزى بولغان 1500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە شەھەر. پاڭپېي قەدىمىي شەھىرى ئۆز تارىخىدا تازا گۈللەنگەن، ئاۋاتلاشقان، خەلقى باياشات، بەختلىك ئۆتكەن شەھەر ئىدى. بەختكە قارشى بىر قېتىملىق يانار تاغ پارتلاش سەۋەبلىك، بۇ قەدىمىي شەھەرنى يانار تاغنىڭ لاۋىلىرى يۇتۇپ كەتتى، بۇ تەبىئىي ئاپەت سەۋەبىدىن بولدى.

قوچو قەدىمىي شەھىرى بولسا، بۇنىڭدىن 1500 يىللار ئىلگىرى پۈتكۈل قوچو دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىدى. مەدەنىيەت، ئىقتىساد، سىياسىي، ھەربىي ئىشلار مەركىزى ئىدى. دەل شۇ زامانلاردا قوچو دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان قوچو شەھىرى ھەر جەھەتتىن تازا گۈللەنگەن، قۇدرەت تاپقان، خەلقى باياشات ناھايىتى بەختلىك ئىدى. بىراق خىلمۇ خىل توقۇنۇشلار جەريانىدا بۇ ئۇلۇغ شەھەر ۋەيران بولدى. بۇنى ئىنسانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ھەرقانداق بىر شەھەرنىڭ تازا گۈللەنگەن، قۇدرەت تاپقان بىر دەۋرى بولىدۇ. بىراق ۋەيران بولۇش سەۋەبى ئوخشاش بولمايدۇ، گۈللىنىش شەكلىمۇ ئوخشاش بولۇپ كەتمەيدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقان ئىككى شەھەرگە ئوخشاش.

شۇنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ياۋروپادىكى پاڭپېي قەدىمكى شەھىرى ياۋروپادا قەد كۆتۈرۈپ گۈللەنگەن، قۇدرەت تاپقان شەھەر. قوچو - ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى بىلەن پاڭپېي قەدىمىي شەھىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، تەبىئىي مۇھىتى، زېمىن تەۋەلىكى، بۇ ئىككى شەھەردە ياشىغان خەلقلەرنىڭ مىللىتى، ئىرقى، ئېتنىك تەركىبى دېگەنلەر گەرچە ئوخشىمىسىمۇ، بۇ ئىككى قەدىمىي شەھەر ئالدى بىلەن شەھەر مەدەنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن ئالاھىدىلىكى بىلەن، ھەم ئەينى يىللاردىكى ئىقتىسادى جەھەتتىكى تەرەققىياتى ۋە قۇدرىتى بىلەن جاھانغا تونۇلغان. بىرى تاش خىش قۇرۇلمىلىق، يوللىرىغا تاش يېپىتىلغان، قورام تاشلار بىلەن گۈل نەقىشلەنگەن شەھەر. يەنە بىرى توپىدىن سوقما تام سوقۇلغان، يوللىرىغا ھېچقانداق تاش يېپىتىلمىغان، تاملىرى پۈتۈنلەي خام توپا، بىراق تاملىرىغا ھەر خىل گۈل - نەقىشلەر سىزىلىپ، چىرايلىق بېزەلگەن شەھەر ئىدى.

قوچو - ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنى پاڭپېي قەدىمىي شەھىرىگە سېلىشتۇرۇشتىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئۇلۇغلۇقى بىلەن، پاڭپېي قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئەينى دەۋرىدىكى ئۇلۇغلۇقى ئىدى ھەم ھەر ئىككىسىدىلا شەھەر

مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدە گەۋدىلىنىشىدە ئىدى. يۇقىرىدا بىز بايان قىلغان ئەھۋاللار ئىككى قەدىمىي شەھەرنىڭ ئاساسلىق پەرقلىرى ۋە ئاساسلىق ئورتاق تەرەپلىرى. ئاساسىي پىكرىمىزگە كەلسەك، مەيلى پاڭپېي قەدىمىي شەھىرى بولسۇن، ياكى قوچو ـ ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى بولسۇن يارغول قەدىمىي شەھىرى بولسۇن، ھازىرقىدەك زامانىۋىلاشقان شەھەرلەرگە يەتمەيدۇ. قەدىمىي شەھەرلەردە، ئاشۇ قەدىمىي زامان جەمئىيىتىگە، ۋەزىيىتىگە لايىق بولغان ئەسلىھەلەرلا تەسىس قىلىنغان. پەقەت كوچا ـ رەستىلەرنىڭ ئىككى يېقىغا ئاددىي دۇكان ـ ماگزىنلار، شارائىت يار بەرسە، ئاددىي، كىچىك دائىرىدىكى ئاشپۇزۇللارلا تەسىس قىلىنغان، ئەنە شۇلار ئارقىلىقلا شۇ زاماندىكى خەلقلەرنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلاتتى.

دېمەك، بۇ سېلىشتۇرمىلار، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ ئەمەلىي سېلىشتۇرمىلىرى. ئوخشىمىغان ئىككى خىل زامان ۋە ئىككى خىل دەۋرنىڭ پەرقى ۋە سېلىشتۇرمىسى. ئىپتىدائىيلىق بولمىسا، زامانىۋىلىق بولمايتتى. زامانىۋىلىق ئىپتىدائىيلىقتىن تەرەققىي قىلغان. زامانىۋىلىقنىڭ ئانىسى ئىپتىدائىيلىق. شۇڭلاشقا جۇڭگولۇقلار ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنى ياۋروپادىكى پاڭپېي قەدىمىي شەھىرىگە ئوخشىتىدۇ. بۇ ئىككى قەدىمىي شەھەر ئوخشاشلا ئۇلۇغلۇققا ئىگە.

## 5. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ قىممىتى خېلى كۆپ تەرەپلەردىن ئىپادىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن تارىخىي تەتقىقات جەھەتتىكى قىممىتى مەيلى جۇڭگو ياكى چەت ئەلدە ھەرقانداق بىر تەتقىقاتچى تارىخنى تەتقىق قىلىشتا، پەقەت ئەنە شۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغىلا مۇراجىئەت قىلىدۇ. پەقەت ئەنە شۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىلا تارىخ تەتقىقاتچىلىرىمىزغا قەدىمكى زامان تارىخىمىز ھەققىدە نۇرغۇن سىرلارنى، ھەر خىل مەخپىيەتلىكلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئەگەر بىز ئەجدادلىرىمىزدىن قېپقالغان بىرەر مۇزىكىنى تەتقىق قىلماقچى بولساق، بۇ خىل مۇزىكىنىڭ، بىزدىن يىراق تارىخىي دەۋرلەردىكى ئىپتىدائىي نۇسخىسى بولمىسا، بىز بۇ مۇزىكىنى تەتقىق قىلىش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز ھەم بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتىمىزنى ئوڭۇشلۇق ھالدا باشقا ئېلىپ چىقالايمىز. مەسىلەن، ئەجدادلىرىمىزدىن ھازىرغىچە، چەتئەللەردىن جۇڭگوغىچە بىر مۇزىكا بار، ئۇ مۇزىكىنىڭ ئىسمى غۇڭقۇ، غۇڭقۇ دېگەن بۇ مۇزىكا شىنجاڭ رايونىدىن ناھايىتى كۆپ قېزىلدى، ئىلگىرى قېزىلغانلىرى مىڭ يىللاپ توپا ئاستىدا تۇرۇپ، چىرىپ كەتكەچكە، مۇكەممەل چىقمىدى. يېقىن ياڭخەي قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى 2005 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش، رەتلەش خىزمىتى داۋامىدا، بۇ قەدىمكى قەبرىدىن بىر دانە خېلى مۇكەممەل ساقلانغان قەدىمىي مۇزىكىلاردىن بولغان غۇڭقۇنىڭ ساق ئەۋرىشكىسى قېزىۋېلىندى. ئىلگىرى تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلغان تار دائىرىدىكى قېزىش خىزمىتى داۋامىدا غۇڭقۇ دېگەن قەدىمكى مۇزىكىنىڭ باش قىسمى بۆلەكلىرى چىققان، بىراق بۇنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن، ھەم نېمە دەپ ئات قويۇشنىمۇ بىلەلمەي تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا ياڭخەي قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن ساپمۇ ساق ساقلانغان غۇڭقۇنىڭ تېپىلىشى ناھايىتى كاتتا ئىش بولدى. ياڭخەي قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ قەدىمىي مۇزىكىنىڭ تېپىلىشى بىلەن، بىز ئىلگىرىكى قېزىش داۋامىدا بايقالغان، نېمىلىكىنى بىلمىگەن، نېمە دەپ ئىسىم قويۇشنىمۇ بىلەلمىگەن نامەلۇم مەدەنىيەت يادىكارلىقىغا غۇڭقۇ دېگەن ئىسىمنى قويدۇق. ھەم ئۇنىڭ، سۇ ئالىدىغان چۆمۈچ (ئىلگىرى نېمىلىكىنى بىلەلمىگەن چاغدا بۇ يادىكارلىققا چۆمۈچمىكىن دېگەن گۇمان قىلغان ئىدۇق) بولماستىن بەلكى، ئىنسانلارغا خۇشاللىق بېغىشلايدىغان ھەم شاتلىق ئاتا قىلىدىغان قەدىمىي مۇزىكىلىرىمىزدىن بولغان غۇڭقۇ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇپ، داگوگۋاڭرۇي قاتارلىق

ئېكسپېدىتسىيەچىلەر تەرىپىدىن شەرقىي شىمالغا ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ، ھازىر لۇشۇن مۇزېيىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۆلۈمى» دە كۆرگەزمىگە قويۇلغان. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقنىڭ نىمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى تاكى شۇ كەمگىچە بىلەلمىگەن. 1990 - يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىدىن لىنۇك، ئابلىم قىيۇم قاتارلىق ئىككى نەپەر مۇتەخەسسىس لۇشۇن مۇزېيىنى مەخسۇس زىيارەت قىلغاندا، لۇيشۇن مۇزېيىدىكى خىزمەتچى خادىم، ئەينى زامانلاردا تۇرپاندىن ئېلىپ كېتىلگەن بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقىغا تاكى شۇ چاققىچە ئىسىم قويىمىغانلىقىنى، تۇرپان مۇزېيىدا مۇسۇنىڭغا ئوخشايدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولسا نىمە دەپ ئاتىغانلىقىنى سورىغان. ئۇلار بۇ مەسىلىگە قارىتا ئەتراپلىق ئويلىنىپ، بۇ خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقىغا ئوخشايدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى تۇرپاندىمۇ بار، بىراق بىۋاستە كۆرگەزمىگە قويۇلمىغان. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقى «گۈل بېسىش قېلىپى» دەپ ئاتىلىدۇ دەپ جاۋاب بەرگەن. دېمەك، لۇشۇن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقى سىرتتىن قارىغاندا، كۆنلۈكنىڭ تۇتقۇچىغىمۇ ئوخشايدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇ پەقەت گۈل بېسىش قېلىپى. قەدىمكى ئەجداتلىرىمىز قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا گۈزەللىككە ئىنتىلگەن ھەم گۈزەللىك يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. گۈل بېسىش قېلىپى، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك يارىتىش جەريانىدا ئۆزلىرى كەشىپ قىلغان گۈزەللىك يارىتىشتىكى ئەمەلىي ئۆرنەكلىرىنىڭ بىرى ھەم گۈزەللىك ياراتقانلىقىنىڭ ئەمەلىي پاكىتىدۇر.

يەنە قەدىمىي شەھەرلەر، قەدىمىي شەھەرلەرنىڭمۇ ئەمەلىي تەتقىقات جەھەتتە ناھايىتى زور ئەمەلىي قىممىتى بار. تۇرپان شەھىرىگە ئوخشاش ھازىرقى زامان شەھەرلىرى بولسا، يارغول قەدىمىي شەھىرى، ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى قاتارلىق شەھەرلەردىن ئۆرنەك ئېلىپ تەرەققىي قىلغان. جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك تۇرغۇنلىغان قۇرۇلۇش ۋە لايىھىلەش ئالىملىرى يارغول قەدىمىي شەھىرى، ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى قاتارلىق قەدىمىي شەھەرلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، ھازىرقى زامان شەھەر قۇرۇلۇشلىرىنى لايىھىلەشتە ناھايىتى قىممەتلىك ئەمەلىي ئۆرنەك ئىكەن دەپ، قەدىمىي شەھەرلىرىمىزگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى.

ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنى دۆلىتىمىز ئىچىدىكى بەزى ئالىملىرىمىز ياۋروپادىكى پاڭپېي قەدىمىي شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىغا ئوخشىتىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئوخشىتىشمۇ ئېھتىمال شۇ ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلار ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بارمىسا، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتمىسە ھەرگىزمۇ بۇنداق خۇلاسىگە كېلەلمەيدۇ.

ھەر تەرەپلىمە بەھىرلىنىش جەھەتتىكى قىممىتى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئۆزىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن، جاھان كىشىلىرىگە ئىستېتىك زوق ئاتا قىلىش ئالاھىدىلىكى بار. مەيلى جۇڭگولۇق ياكى چەت ئەللىك ھەربىر تۇرپانغا كېلىپ، تۇرپاندىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرگەن كىشى بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن بىر خىل بەھىر ئالىدۇ، روھىيىتىدىكى بوشلۇقنى ئۆزى كۆرگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقىدىن بەھىرىمەن بولۇش ئارقىلىق تولدۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرگەن كىشىدە، قەدىمكى زاماندا ياشاپ ئۆتكەن قەدىمىي ئەجدادلىرىمىز ياراتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساياھەت قىلىش، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ. بۇ خىل ئىستەك ئەمەلىيەتتە، شۇ كىشىدىكى روھىي ۋە مەنىۋى بوشلۇقنىڭ پەيدا بولغانلىقى. بىز تونۇشلىۋاتقان قەدىمىي شەھەرلەر، شەھەرلىشىش تارىخىنى، شەھەر مەدەنىيىتى تارىخىنى، ئىقتىسادى تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۆزىدىكى «تارىخنىڭ شاھىدى» لىق ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەمەلىي ئىقتىسادى

قىممەت يارىتىش رولىغا ئىگە. بىزنىڭ تارىخىمىز بىز بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىگىز- پەس، ئەگرى - دوناي، ئۇزۇك - ئۇزۇك خارابىلىقلارغا سىڭىپ كەتكەن.

دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى داۋامىدا، ساياھەت ئىشلىرى ئىلگىرىكىدەك ھەقسىز مۇلازىمەت شەكلىدىن، ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىش شەكلىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. پۈتكۈل تۇرپاندىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىلىرى ھەقسىز ئېچىۋېتىلىشتىن ئىشىك بېلىتى بىلەن ساياھەت قىلىشقا تەرەققىي قىلدى. نەتىجىدە، دۆلەت ئۈچۈن نۇرغۇن ئىقتىسادىي قىممەت ياراتتى. ئىلگىرىكى دۆلەت مەخسۇس ياردەم بېرىدىغان تۈرلەر ئۆزىمىز ئىشىك بېلىتى ئارقىلىق توپلىغان مەبلەغ بىلەن ھەل بولىدىغان بولدى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىلىرىدىن قىلىنغان كىرىم ئارقىلىق، ئىلگىرىكى دۆلەت مەخسۇس ياردەم بەرمىسە بولمايدىغان مەسىلىلەر ھەل قىلىندى، دۆلەتنىڭ شۇ تۈردىكى يۈكى يەڭگىللىدى.

دۆلىتىمىزنىڭ چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن، قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش دېگەن چاقىرىقى، ئىسلاھات- ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ھەقىقىي ۋۇجۇتقا چىقتى. قەدىمىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىز، بۈگۈنكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى جەريانىدىكى ئىقتىسادىي بايلىق يارىتىشتىكى ئەمەلىي قىممىتى. يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن بىر نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا بولىدۇكى، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ساقلىنىۋاتقان ھەربىر مەدەنىيەت يادىكارلىقنىڭ ھەر تەرەپلىمە قىممىتى بار، مەيلى تارىخىي تەتقىقات جەھەتتىكى قىممىتى بولسۇن ياكى مەدەنىيەت تارىخىي تەتقىقاتى جەھەتتىكى قىممىتى بولسۇن ۋە ياكى ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتى جەھەتتىكى قىممىتى بولسۇن، مەيلى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى جەھەتتىكى تەتقىقات قىممىتى بولسۇن ناھايىتى مۇھىم ھەم باشقا ھەرقانداق نەرسە ئۇنىڭ ئورنىنى ئالالمايدىغان دەرىجىدە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە.

**6. تۇرپان رايونىدا ئىشلەنگەن ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر**

تۇرپاندا ئىشلەنگەن ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر ناھايىتى كۆپ. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تۇرپان رايونى چەت ئەللىك ۋە جۇڭگولۇق ئالىملار تەرىپىدىن «يەر ئاستى مۇزېيى» دەپ ئاتالدى. بۇ ھەم تۇرپان رايونىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىغا ناھايىتى ماس كەلگەن ھەم ناھايىتى جايىدا قويۇلغان نام.

18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگىچە، ئازاتلىقنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە تۇرپان رايونىدىكى ھەر بىر قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ كەلدى. ئۇ چەتئەللەردىن كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچى بولسۇن ياكى دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن ئارخېئولوگىيە ئالىمى بولسۇن تۇرپاننىڭ يەر ئاستى مۇزېيلىق ئەھۋالىنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پۈتكۈل جاھانغا تونۇتتى. تۇرپان رايونىنىڭ قانداقلىكى جايىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتى داۋامىدا ئىشلەنگەن ئەمەلىي خىزمەتلەردە قېزىلغان ھەربىر قەبرە «بىردىن يەر ئاستى مۇزېيى» بولۇپ، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ چىقتى.

1956 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى يارغول قەدىمىي قەبرىستانلىقىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتى ئېلىپ بارغان. بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتى داۋامىدا ناھايىتى كۆپ ساندىكى ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر داۋامىدا يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقلار ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردىن مۇستەسنا قالمىدى. بۇنىڭغا ئەمەلىي مىسال، 1980 - يىلى 10- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت

يادىكارلىقلىرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، پۈتۈن شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتى تۇرپان ۋىلايىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلىرىدىن كەلگەن 40 قا يېقىن كۇرسانت تۇرپانغا جەم بولۇپ، تەربىيىلەشكە قاتناشتى. بۇ قېتىمقى تەربىيىلەش داۋامىدا، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقارمىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر دەرس سۆزلىدى. تەربىيىلەش كۇرسىدا، نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئۆگىنىشتىن سىرت، ئەمەلىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلدى. نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەمەلىي بىلىملەردىن دەرس ئۆتۈلدى. ئەمەلىي دەرس يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا تەۋە بولغان قەدىمىي قەبرىلەرنى قېزىش، خەرىتىسىنى سىزىش، قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رەتلەش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىش، رەتلەپ چىقىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يېزىق ئارقىلىق شەرھىيلەش، قەبرىلەرنى قېزىش دوكلاتىنى يېزىش ھەم قەبرىلەرنىڭ دەۋرىنى بېكىتىش قاتارلىق نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان بىلىملەر بولۇپ، بۇ قېتىمقى كۇرسىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولدى. ھەربىر كۇرسانتنىڭ قەلبىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. شۇ قېتىم كۇرسقا قاتناشقان كۇرسانتلار ھازىر شۇ ساھە بويىچە غوللۇق كۈچ بولۇپ قالدى. شۇ كۇرستا يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا قويۇلغان قەدىمىي قەبرىلەردىن سىناق پراكتىكىسىغا ماسلاشتۇرۇپ ئۈچ دانە قەبرىنى قازدۇق، ئۇستازلارنىڭ ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن، قازغان ھەربىر قەبرىنىڭ تۈز كۆرۈنۈش خەرىتىسى بىلەن كەسمە يۈزلۈك خەرىتىسىنى سىزدۇق ھەم قەبرىگە دەپنە قىلىنغان بۇيۇملاردىن، ساپال قاچا، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم زىننەت بۇيۇملىرىنى قېزىپ رەتلەپ چىقتۇق. ھەربىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرنى ماسشتاب بويىچە خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتۇق. بۇ قېتىم قىدىرىپ تەكشۈرگەن ئەمەلىي ئەھۋاللاردىن، يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى قەبرىستانلىققا قويۇلغان بۇ قەبرىلەرنىڭ ئارىسىدا يەنە ئىككى قات قويۇلغان قەبرىلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىدۇق. شۇ چاغدا كۇرستا دەرس سۆزلىگەن ئالىم - مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ بىزگە دەپ بېرىشىچە، بۇ خىلدىكى ئىككى قات «ئاستى - ئۈستىگە ئوخشاش قىلىپ قويۇلغان قەبرىلەرنىڭ ھۇنلارغا تەۋە قەبرىلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى». بۇ قەبرىلەرنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتى ھۇن قەۋملىرىنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتى ئىكەن. شۇنداقلا ھەم شىمالىي شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىنمۇ مۇشۇنداق قەبرىلەرنىڭ قېزىۋېلىنغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەكىتلەپ ئۆتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، 1993 - يىلىدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن - مائارىپ، مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ ياردىمى بىلەن، يارغول قەدىمىي شەھىرىنى رېمونت قىلىش مەزگىلىدە رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۇرۇپ يارغولنىڭ غەربىي غول قەدىمىي قەبرىستانلىقىدا جۇڭگو - ياپونىيە ھەمكارلىقىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش، تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى. بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتى داۋامىدا ناھايىتى قىممەتلىك، ئەتىۋارلىق، ئاز تېپىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىندى. بۇ قېتىم ھەم دۆلەتنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن بىرمۇنچىسى قېزىۋېلىنغان. بۇلار ھەم تارىخىمىزغا شاھىد.

يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى غولنىڭ شىمالىي يار ئۈستىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقمۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن - مەدەنىيەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان يارغول قەدىمىي شەھىرىنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئارخېئولوگىيە سېپىدىكى ئالىم- مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ

ھارماي تىرىششى نەتىجىسىدە نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىندى. بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقتا «غوزلار قەبرىستانلىقى» دەپ ئىسىم قويۇلدى. تەتقىقات داۋامىدا قەبرىستانلىق ۋە قەبرىگە قويۇلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەقىقىي ئەھمىيىتى بىلەن تەتقىق قىلىندى. شىمالىي غولنىڭ شىمالىي ئېگىزلىكىگە قويۇلغان بۇ غوزلار قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋرى بىرقەدەر قەدىمكى بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ شەكلى تىك قۇدۇق شەكلىدىكى يان ئۆيلۈك قەبرىلەر بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ ئەتراپىغا ھايۋانلار دەپنە قىلىنغان، دەپنە ئادىتى ۋە دەپنە قىلىش ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسلانغاندا، قۇللۇق جەمئىيەت تۈزۈمى دەۋرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر خېلىلا كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن. ئادەم كۆمۈلگەن قەبرىلەرنىڭ ئەتراپىغا چۆرىدەپ مەخسۇس ھايۋانلارنى كۆمۈش ئادىتى، خېبېي، شەنشى، ئەنخۇي، خېنەن، سەنشى، خۇبېي، خۇنەن، جياڭسۇ قاتارلىق ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ، بۇ خىل ئەھۋال تۇرپان رايونىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر داۋامىدىمۇ بايقالدى. دېمەك، دۆلەت چوڭ ھەم ئۇلۇغ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا يەرلىك خاس ئالاھىدىلىكلەرمۇ ساقلىنىپ قالىدۇ ۋە داۋاملىشىپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن باشقا، يەنە 1993 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن ـ مائارىپ، مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ ياردىمى بىلەن يارغول قەدىمكى شەھىرىنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، يارغول قەدىمكى شەھىرى غەربىي غولىنىڭ غول ئېگىزلىكىدە مەخسۇس ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ئورنىدىكى ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر بۇ ئېگىزلىكتىن ناھايىتى نۇرغۇن ساندىكى تاش قوراللارنى يىغىۋالغان. يىغىۋالغان تاش قوراللار، تاش قىرغۇچى ئەسۋاب، تاش پىچاق، تاش ئورغاق، تاش پالتا، تاش مېغىزى، تاش ماتېرىيالى ئېلىش قورالى دېگەندەك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەجداتلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئىشلەتكەن ئەمەلىي بۇيۇملار. ئالىملىرىمىزنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ تاش قوراللارنىڭ دەۋرى كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە تەۋە بولۇپ، بۇنىڭدىن 10000 يىلدىن 15000 يىللار ئىلگىرىدىكى دەۋرگە تەۋە ئىكەن. دېمەك، يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، تۇرپان يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئەجداتلىرىمىز ياشاپ، ئاۋۇپ، تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن ئانا ماكانلىرىمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىمۇ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تارىخ، ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقى، جەمئىيەتشۇناس ئالىملارغا بىرقەدەر تونۇش. سەۋەب، ماقالىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ «يەر ئاستى مۇزېيى» دەپ ئاتالغانلىقى ھەققىدە ئەمەلىي دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ ئۆتتۇق.

ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ تارىخى، جەمئىيەت، مەدەنىيەت، ئىقتىسادى، مىللەتلەر، دىن، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى تەتقىقاتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىممىتى ھەققەتەن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي پەن ھەم تەبىئىي پەن ساھەسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ناھايىتى نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەينى زاماندىكى ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتى بىلەن ھازىرقى زامانىۋى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئەمەلىي سېلىشتۇرما بولسا، بەزى پەن ـ تەتقىقات نەتىجىلىرى ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە داۋاملىق ئىشلىتىلمەكتە. مەسىلەن، تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان يېزىق تۈرلىرى 24 خىلغا يەتكەن⑪. بۇ يېزىق تۈرلىرى ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئۆز تۇرمۇشى داۋامىدىكى پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يېزىقلارنىڭ بەزىلىرى تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئىشلىتىشتىن قېپقالغان بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرى ئەينى چاغلاردىكىدىنمۇ ياخشى تەرەققىيات يۆرىستىگە ئېرىشىپ، تېخىمۇ

تەرەققىي قىلىپ دۇنياۋى يېزىققا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەت تىلى ۋە يېزىقى قىلىنىپ ئىشلىتىلمەكتە. يەنە بىر مىسال، ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن ناھايىتى مۇھىم ئۆلچەم بىرلىكى قورالى «گەز»، «چى» دېگەن ئەسۋاب چىقتى. بۇ گەزنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى ھازىرقى زاماندا بىز ئىشلىتىۋاتقان ئۆلچەم بىرلىكى ئەسۋابى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بىر مىللىمېتىرمۇ ئوشۇق ياكى كەم ئەمەس⑫. بىز زامانىمىزدا ئۆلچەم بىرلىكى قورالى قىلىپ، رەخت قاتارلىق گەز - ماللارنى ئۆلچەشتە ھازىرمۇ ئەمەلىي ئىشلىتىۋاتقان «گەز» بىلەن تامامەن بىردەكلىككە ئىگە. بۇمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى زامانلاردا ئۆز تۇرمۇشىغا بېغىشلاپ كەشىپ قىلغان پەن - تېخنىكا قورالى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە قەغەز ياساش تېخنىكىسى. تۇرپان رايونى ئالىملىرىمىزنىڭ ئېيتقىنىدەك كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۇچراشقان جايى ھەم مەدەنىيەت تارقاتقان جاي بولغاچقا، ناھايىتى نۇرغۇن ھەر خىل تېمىدىكى كىتابلارنى نەشر قىلغان ھەم تارقاتقان. كىتاب نەشر قىلىش ئۈچۈن چوقۇم زور تۈركۈمدە قەغەز بولۇشى كېرەك، شۇڭلاشقا تۇرپاندىكى كىشىلەر قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغان. قەغەز ياساشتا ئىشلىتىلگەن ئاساسلىق مەنبە، ئۈجمە دەرىخىنىڭ پوستى، كېۋەز پوستى، قومۇش غولى قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ، ئالاھىدە ئەھۋاللار ئاستىدا پاختىنىمۇ قەغەز ياساپ ئىشلەتكەن. دېمەك، تۇرپان رايونىدا قەغەز ئىشلەپچىقىرىش، نەشرىياتچىلىق، باسمىچىلىق ئىشلىرى ئەينى زاماندا ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. مەخسۇس قەغەز ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار قۇرۇلغان. شۇڭلاشقا، نۇرغۇنلىغان بۇددا نوملىرى بېسىلىپ تارقىتىلغان، تارقىتىش دائىرىسى ئۆز دۆلىتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ئەتراپىدىكى نۇرغۇن ئەللەرگە تارقاتقان. ئەينى زامانلاردا قوچو دۆلىتى بۇددا دىنى كەڭ ئومۇملاشقان دۆلەت بولغاچقا، ئۆز ئەتراپىدىكى ئەللەرگە بۇددا دىنىنى تارقىتىش، تەشۋىق قىلىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار بۇددا دىنىنى ئۆز دۆلىتىدە ئومۇملاشتۇرۇپلا قالماي يەنە، ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە ۋە خەلقلەرگە كۆچەپ تارقاتقان. ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى زاماندا ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجى بولغان دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويغان ھەم ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئېھتىياجىنى قانداق قىلىپ قاندۇرۇش مەقسىتىدە ئۈزلۈكسىز ھالدا پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان، نەتىجىدە قەغەزنى كەشىپ قىلىپ، يېڭى بىر پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ياراتقان. بۇ پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭلا ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ قالماي، قوشنا ئەل - دۆلەت خەلقلىرىنىڭمۇ ئېھتىياجىنى قاندۇرغان. قەغەزچىلىك كەشپىياتى قەدىمكى تۇرپان خەلقىنىڭ يەنە بىر پەن - تېخنىكا نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۇرپاندا ئازاتلىقتىن كېيىن ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر ناھايىتى كۆپ ئىشلەنگەن رايونلارنىڭ بىرى. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تۇرپاندا مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورۇنلىرى بىر قەدەر مەركەزلىك توپلاشقان بولۇپ، ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەت ئېلىپ بارماق بىرقەدەر قولايلىق. ھەرخىل قولايلىق شارائىتلار، تۇرپاندا ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەت ئىشلەشكە قولايلىق شارائىتلارنى ھازىرلىغاچقا، ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقى ساھەسىدىكى نۇرغۇن ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر تۇرپان رايونىدا كۆپ قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغان ھەم پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى بايقاپ چىققان. جۈملىدىن، ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىمۇ يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت بولۇپ، پەقەت يۇقىرى تېخنىكىغا تايىنىپلا يۇقىرى پەن - تېخنىكىنى ياراتقىلى بولىدۇ ۋە پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى بايقىغىلى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە، 2003 - يىلى 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ياڭخەي قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى داۋامىدا، ياڭخەي قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن،

لايىدا ياسالغان، ھەجىمى كىچىك بولغان تۇرخۇن «ئىس ماڭدۇرغۇچ» بايقالدى. بۇ تۇرخۇن زادى نېمە ئېھتىياج بىلەن ياسالغان؟ ماقالىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا توختىلىپ ئۆتكەندەك، بۇ تۇرخۇننىڭ بىر خىل مىتال تاۋلاش ئېھتىياجىدىن كەشىپ قىلىنغان پەن - تېخنىكا نەتىجىسى بولۇشىدا گۇمان يوق. چۈنكى ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا گۈزەللىككە ئىنتىلگەن ۋە گۈزەللىكنى ياراتقان ئىدى. مىستىن، كۈمۈشتىن، ئالتۇندىن ۋە باشقا شەيئىلەردىن ئوخشاش ئاسان تاۋلىنىلى بولىدىغان مىتاللاردىن ھۆسۈن گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى ياسىغان، جۈملىدىن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساشتىن ئىبارەت بۇ ئېھتىياج، ئەجداتلىرىمىزدىن مانا شۇنداق بىر كەشپىيات يارىتىشنى تەلەپ قىلغان. نەتىجىدە كىچىك تىپتىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى كەشپ قىلغان.

تۇرپاندا ئىشلەنگەن ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر ناھايىتى كۆپ. ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەت جەريانىدا بايقالغان پەن - تېخنىكا كەشپىياتلىرىمۇ ئاز ئەمەس. جۈملىدىن يېقىندا، شىنجاڭ گېزىتىنىڭ بىر نەپەر مۇخبىرى ياپونىيىلىك مۇھەت تەتقىقاتى ئالىمى خورى ماساخىرو ئەپەندى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، خورى ماساخىرو ئەپەندى ئېيتقان، «ئەپسۇس، ئۇيغۇرلاردا ئالغا ئىنتىلىش روھى سەل كەمچىل ئىكەن»⑬ دېگىنىدەك، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى يىراق قەدىمىي زامانلاردا ناھايىتى تىرىشچان ئىدى، داۋاملىق ھەر خىل پەن - تېخنىكا كەشپىياتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھەر قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمەتلىرى جەريانىدا ھەر خىل پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى بايقىلاتتى. قەدىمىي زامانلاردىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار «پەن - تېخنىكا بايلىق» دەپ قارايدۇ. ھەر قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش خىزمەتلىرى ھەم بۇ نۇقتىلارنى ئىسپاتلىدى. ھازىرچۇ، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىگە نېمە بولدى؟ تىرىشچانلىقلار نەگە كەتتى؟

ھەر قېتىملىق تۇرپاندا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمەتلىرى ھامان ياخشى نەتىجىلەر بىلەن ئاخىرلىشاتتى.

ئىزاھات:

①②ئىسمائىل تۆمۈرى «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 - يىل نەشرى 1 - بەت.
③كىلىمكېيت گېرمانىيە «قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 73 - بەت.
④ شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى «غەربىي رايونغا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر» دېگەن كىتابتىن.
⑤ كىلىمكېيت، «قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 326 - 327 بەتلەر.
⑥⑦ كىلىمكېيت، «قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 307 - بەت.
⑧ كىلىمكېيت «قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 328 - بەت.
⑨«غەربىي رايونغا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى دېگەن كىتاب.
⑩«غەربىي رايونغا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى دېگەن كىتاب.
⑪ كىلىمكېيت «قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
⑫ تۇرپان مۇزېيىدا كۆرگەزمىگە قويۇلۇۋاتقان ئەمەلىي بۇيۇم.
⑬ شىنجاڭ گېزىتى 2007 - يىلى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى 6 - بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۇرپانشۇناسلىق ئاكادېمىيىسىنىڭ كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچىسى)
تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

# مەكىتتىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس

دۇنياغا مەشھۇر تەكلىماكان قۇملىقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە جايلاشقان مەكىت ناھىيىسى گەرچە 1920 ـ يىللاردا مەمۇرىي باشقۇرۇش ئېھتىياجىدىن ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن مەلىكە ئامانىنسادەك مەشھۇر شەخسلەر ياشاپ ئۆتكەن بۇ ماكانىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۇرۇقلىرىدىن بولغان مەركىت ۋە دولان قەبىلىلىرىنىڭ تارىخىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما بۇ ماقالىمىزدا پەقەت مەكىت ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم مەدەنىيەت ئىزلىرىنىلا تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغاچقا، ئومۇمىي تارىخقا مۇناسىۋەتلىك بولغان زور مەسىلىلەرنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇشقا مەجبۇرمەن.

ئەمدى ئەسلى تېمىغا كەلسەم، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئورنى ھەمدە مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ 1990 ـ ۋە 1993 ـ يىللىرى تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1996 ـ يىلى 3 ـ ئايدا رەسمىي ھۆججەت تارقىتىپ، «قۇم مازار قەبرىستانلىقى»، «كۆك تونلۇق ئاتام مازىرى»، «قىزىلجى مازىرى»، «شىھىت دۆڭ مازىرى»، «ئەھمەت قازى ئاخۇنۇم مازىرى» قاتارلىق بەش قەدىمىي مازارنى «ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلغان بولۇپ، تۆۋەندە بۇ بەش نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئورۇننى ئايرىم ـ ئايرىم تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## *1. قۇم مازار قەبرىستانلىقى*

قۇم مازار قەبرىستانلىقى مەكىت ناھىيىسىنىڭ قەدىمكى يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولغان يانتاق يېزىسى ئوي بوغداي كەنتىنىڭ شىمالىدىكى قۇم ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئالاھىدىلىكى بويىچە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرى شەرقىي قىسمىدىكى قۇم دۆڭلىرى ئۈستىگە جايلاشقان ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر بولۇپ، بىر قاراشتىلا قەدىمىيلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. يەنە بىرى غەربىي قىسىم تەكشىلىككە جايلاشقان قەبرىلەر بولۇپ، بۇلار ئاساسەن يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن ئىبارەت.

شەرقىي قىسمىدىكى قۇم دۆڭلىرى ئۈستىگە جايلاشقان ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، مۇتەخەسسىسلەر قۇم مازار قەبرىستانلىقىنى شىنجاڭغا ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇن (مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىن بۇرۇن) شەكىللەنگەن دەپ يەكۈن چىقارغان بولۇپ، رەندىلەنمىگەن ئەمما چاسىلانغان قوپال ياغاچ تاختايلاردىن ياسالغان تاۋۇتقا سېلىپ دەپنە قىلىنغان جەسەتلەر، يۇقىرىقى يەكۈننىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

قۇم مازار قەبرىستانلىقىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 30 مىڭ كۋادراتمېتىر بولۇپ، شەرق تەرىپى تەبىئىي زەي كۆل بىلەن، غەرب تەرىپى يېزا يولى ۋە دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. مازارنىڭ ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 14 كىلومېتىر كېلىدۇ.

## *2. كۆك تونلۇق ئاتام مازىرى*

كۆك تونلۇق ئاتام مازىرى يانتاق يېزىسى ئۈيلۈق كەنتىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، مازار نامى ئەسلىدە بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان يەتتە كىشىنىڭ قەبرىسىگە قويۇلغان. (ھازىر بۇ قەبرىلەر يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ جامائەت قەبرىسى ئىچىدە قالغان). كىشىلەر ئادەتتە بۇ مازارنى «كۆك

تاللىق ئاتام مازىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى گەرچە ھازىر مازار ئەتراپىدىكى تال ـ توغراقلار ھەر خىل بۇزغۇنچىلىقلار تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ لېكىن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغا كەلگىچە بۇ يەردە سان ـ ساناقسىز كۆك تال (توغراق لىق بىر تۈرى) بولغان ۋە ئەل ئىچىدە بۇ ھەقتە مۇنداق بىر رىۋايەت ساقلانغان: رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان يەتتە زات ئەسلىدە توغراق مۇئەككەللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ خاسىيىتىدىن تارىم ۋادىسىدىكى پايانسىز توغراقلىقلار، جۈملىدىن تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان يەكەن دەرياسى بويلىرىدىكى تاللىقلار يىل بويى كۆكىرىپ ياشناپ تۇرىدىكەن. ئۇل توغراق مۇئەككەللىرىنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى، كۆزى ۋە كەيگەن تونلىرى توغراق يوپۇرمىقىنىڭ رەڭگىدە بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى ئاسانلىقچە كۆرەلمەيدىكەن...

ھازىر گەرچە «كۆك تونلۇق ئاتام» قەبرىلىرى جامائەت قەبرىلىرىنىڭ ئارىسىدا قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلگىرى يەر يۈزىدىن تەخمىنەن ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى سېغىز توپىلىقتا بولۇپ، يەتتە زاتنىڭ ھەممىسى ئىچى كاۋاك توغراق ياغاچلىرى تاۋۇت قىلىپ، شۇنىڭغا دەپنە قىلىنغان. قەبرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە دەپنە قىلىش ئۇسۇللىرىدىن، بۇ قەبرىلەرنىڭمۇ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى چاغلارغا تەۋە ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

### *3. قىزىلجى مازىرى*

قىزىلجى مازىرى مىلادىيە 10 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان قىزىلجى خېنىم نامىغا قويۇلغان بولۇپ، كىشىلەر ئادەتتە بۇ مازارنى «قىزىلجى خېنىم» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. قىزىلجى خېنىم قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان بىر مەلىكىسى بولۇپ، ئەينى چاغدا بىر نەچچە ھەمراسى ئىسلام دىنى تارقىتىش ئۈچۈن چىقىپ، مۇشۇ يەردە ۋاپات بولغان ۋە دەپنە قىلىنغان.

مازارنىڭ ئورنى قىزىل ئاۋات يېزىسى قىزىلجى كەنتىنىڭ شەرقىي ـ شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، تەبىئىي ھالدا ئىككى چوڭ بۆلەككە بۆلۈنگەن. شەرق تەرىپى جاڭگالغا، قالغان ئۈچ تەرىپى تېرىلغۇ يەر ۋە كەنت مەھەللىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 5000 كۋادراتمېتىر كېلىدۇ. مازارنىڭ مەركىزى قىسمىدىكى چوڭ مەقبەرىگە قىزىلجى خېنىم دەپنە قىلىنغان بولۇپ، بۇ مەقبەرە يۈزى 4 × 4.5 مېتىر كېلىدىغان قەبرە سۇپىسى ئۈستىگە كېسەك بىلەن سېلىنغان. قەبرىنىڭ ئايلانمىسى يەتتە مېتىر، ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 42 كىلومېتىر كېلىدۇ.

### *4. شىھىتدۆڭ مازىرى*

شىھتدۆك مازىرى ئاقسۇ بىلەن خوتەننى تۇتاشتۇرىدىغان چوڭ يولنىڭ مەكىت بۆلىكى بويىغا جايلاشقان بولۇپ، تاشيول بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر كىلومېتىر، ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 12 كىلومېتىر كېلىدۇ.

تارىخىي مەلۇماتلاردىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، يەنە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىنىڭ 1533 ـ يىللىرى سوپىلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىقتا مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئاتاغلىق مۇرىتى مەككە خوجا مۇشۇ يەردە شىھىت بولغان ۋە بىر دۆڭگە دەپنە قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەر «شېھىتدۆڭ ئىزى» دەپ ئاتىلىپ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن. گەرچە ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى گۈمبەز ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ۋە ھەم يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرى كۆپىيىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن مازارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز دۆڭ ۋە ئۇنىڭدىكى تۇغ ـ ئەلەملەر بىلەن تولغان قەدىمىي توغراق ھېلىھەم 《شېھىتدۆڭ ئىزى》 غا بەلگە بولۇپ تۇرماقتا.

### *5. ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم مازىرى*

ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم مازىرى مىلادىيە 1907 ـ يىلدىن 1941 ـ يىلغىچە ياشىغان مەرىپەتپەرۋەر دىنى زات، تەرەققىي پەرۋەر شائىر ئەھمىدى (ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم) نامىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ئەينى دەۋرىدە مەكىت ناھىيىسىنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان.

شائىر ئەھمىدى يەتتە ياشقىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولۇپ، كېيىن قەشقەر ھېيتكا مەدرىسگە تەربىيىگە

بىرىلگەن. ئۇ يەردە ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەندىن سىرت، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرگەن. 1927- يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ قايتىپ كېلىپ، قازى بولغان. بىراق، قەشقەردە بىلىم تەھسىل قىلغان مەزگىللىرىدە ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى ئىلغار پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، رېئالنى مەسىلىلەردە مۇتەئەسسىپلەر بىلەن كېلىشەلمەي، قازىلىقنى تاشلاپ يەكەنگە كېتىپ، ئارال قۇمباغدا مودەرىسلىك قىلغان. 1933 - يىلى ئوقۇتقۇچى تالىپلارنى يېڭىچە پەننى مەكتەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، مەكتىكە قايتىپ كېلىپ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇ ئۆز ھاياتىدا 380 دىن ئارتۇق غەزەل، مۇخەممەس، روبائى يازغان ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىدىن بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى تۈركىي - ئۇيغۇرچىسىغا ئۆرىگەن.

بۇ زاتنىڭ مازىرى غازكۆل يېزىسىنىڭ لايلىق پاختىلىق كەنت چىغلىق مەھەللە تەۋەسىدە بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى ئىككى مىڭ كۋادراتمېتىر، ناھىيە بازىرىغا بولغان ئارىلىقى 15 كىلومېتىر كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلار بىرىنچى تۈركۈمدە ئېلان قىلىنغان نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى بولۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش - باشقۇرۇش ئورنىنىڭ تەلىپى ۋە مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش - باشقۇرۇش ئورنىدىكى كەسپىي خادىملار ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرىغا قارىتا ئىككىنچى قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «نەۋرۇزدۆڭ مازىرى»، «چاچلىق ئانام مازىرى»، «قىلىچ بۇغراخان مازىرى»، «جەينەك بۇغراخان مازىرى»، «گۈلجەمەن خېنىم مازىرى»، «زۇلۇقۇم مازىرى»، «ئارسلان خېنىم مازىرى»، «ئاچادۆڭ مازىرى»، «قۇيلۇق ئاتام مازىرى» ۋە «قارا ساقال ئاتام مازىرى» قاتارلىق 10 قەدىمىي مازارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان رىۋايەت، پىشقەدەملەرنىڭ ئاغزاكى مەلۇمات ۋە باشقا تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىپ، دەسلەپكى قەدەمدە رەتلەپ چىقتى. تۆۋەندە ئۇنى بىر - بىرلەپ تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

### *1. قىلىچ بۇغراخان مازىرى*

قىلىچ بۇغراخان مازىرى مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھائىغىتلىق يېزا ئاقبۆلۇم كەنت 3 - مەھەللىۋى گۇرۇپپا تەۋەسىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 3 - 4 كىلومېتىرچە كېلىدۇ. مازارنىڭ كۆلىمى 76 مو بولۇپ، مەكىت ھائىغىتلىق چوڭ يولىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن تەخمىنەن 500 مېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان، مازارلىقتا قەدىمىي ۋە ھازىرقى قەبرىلەر بولۇپ، ھەممىسى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. قەبرىلەرنى ئارىلاپ يۇلغۇن، توغراقلار ئۆسكەن. پىشقەدەملەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئەسلىدە بۇ مازارنىڭ ئورنى تېرەك بويى ئېگىز قۇم دۆۋىلىرى ۋە قۇچاق يەتمەيدىغان يوغان توغراقلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، 1950 - يىللاردىن كېيىنكى ھەر خىل ھەرىكەتلەر داۋامىدا توغراقلار كېسىلىپ، قۇم دۆۋىلىرى يەرلەرگە قۇيۇلۇپ تۈگىتىلگەن.

قىلىچ بۇغراخان مازىرى ھازىرقى كىشىلەر ئارىسىدا «قارى ھاجىمنىڭ مازىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ بەلگىلىك تارىخىي سەۋەبى بولۇپ، ئەسلىدە 1912 - يىلى يۇرتتىكى ئاتاغلىق جامائەت ئەربابى قارى ھاجىم، مازار يېنىغا چوڭ مەسچىت سېلىپ، جامائەت ئۈچۈن ياخشى دىنىي سورۇن ھازىرلاپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئۇ سالدۇرغان مەسچىتنى «قارى ھاجىمنىڭ مەسچىتى» دەيدىغان ئادەت شەكىللەنگەن.

ئەسلىدە قىلىچ بۇغراخان مازىرىنىڭ يازما تەزكىرىسى بار بولۇپ، ئۇنى قارى ھاجىم مەسچىتىگە ئىمام بولغانلار ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد بىر - بىرىگە قالدۇرۇش ئارقىلىق ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان ئاپەتلىك يىللاردىكى كىتاب كۆيدۈرۈش دولقۇنىدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. تەزكىرە كۆيدۈرۈلۈشتىن

ئىلگىرى ئۈتى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، قىلىچ بۇغراخان ئەسلىدە قاراخانىلارنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى بولۇپ، تارىختىكى ئوردا خېنىمدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق جەڭدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانىدى. كېيىن ئەتراپىدىكى ئاز ساندىكى يېقىنلىرى بىلەن چېكىنىپ، ھازىرقى مازار ئورنىغا كەلگەندە، كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن رەقىبلىرى بىلەن ئېلىشىپ شېھىت بولغان ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ يەر قەبرىستانلىققا ئايلىنىپ، ئەل ئارىسىدا «قىلىچ بۇغراخان مازىرى» دەپ ئاتالغان.

يۇقىرىقىلار گەرچە ئاغزاكى مەلۇمات بولسىمۇ، لېكىن بىز قارا خانىلار تارىخىنى راۋاقلاپ باقىدىغان بولساق ھەقىقەتەن مىلادىيە 998 ـ يىلى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ئەلى ئارسلانخان باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بىلەن بۇددىست ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئارىسىدا ئوردام چۆللىگىدە بىر نەچچە كۈنگە سوزۇلغان قانلىق جەڭنىڭ بولغانلىقىنى ھەمدە شۇ جەڭدىكى ئەلى ئارسلانخاننىڭ شېھىت بولۇپ، قوشۇنىنىڭ ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىدەك تارىخىي پاكىتقا ئېرىشەلەيمىز.

دېمەك، يەرلىك پىشقەدەملەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتى بىلەن يازما تارىختىكى پاكىتلار بىر ـ بىرىگە بەكمۇ جىپسىلىشقان بولۇپ، بۇنى يېڭىشەھەر ھاراپ يېزىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان ھاڭگىتلىق يېزىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، بىزنىڭچە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ئەھۋاللارنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

### *2. جەينەك بۇغراخان مازىرى*

جەينەك بۇغراخان مازىرى، قىلىچ بۇغراخان مازىرىغا ئوخشاشلا ھاڭگىتلىق يېزا ئاقبۇلۇم كەنت تەۋەسىدە بولۇپ، مەزكۇر كەنتنىڭ 2 ـ مەھەللىۋى گۇرۇپپىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 3 ـ 4 كىلومېتىرچە كېلىدۇ. مازارلىق توغراق ۋە قۇمۇشلار بىلەن قاپلانغان، مازارنىڭ شەرق تەرىپى دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى بىلەن، شىمال تەرىپى سالا ئېتىزلىرى بىلەن، غەرب تەرىپى دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى بىلەن، جەنۇب تەرىپى چوڭ ئۆستەڭ بىلەن تۇتىشىدۇ. مازارلىقتا قەدىمىي ۋە ھازىرقى قەبرىلەر ئارىلاش قويۇلغان بولۇپ، ھەممىسى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. ئومۇمىي كۆلىمى 10 مودىن كۆپرەك كېلىدۇ.

شۇ يەردىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، جەينەك بۇغراخان قىلىچ بۇغراخاننىڭ نەۋرە ئىنىسى بولۇپ، قىلىچ بۇغراخان شېھىت بولغاندىن كېيىن قوغلاپ كەلگەن رەقىبلەر بىلەن ئېلىشا ـ ئېلىشا چېكىنىپ، ئاخىرى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ھازىرقى مازارلىقنىڭ ئورنىغا كەلگەندە ئۇمۇ شېھىت بولۇپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

ئۇنىڭ «جەينەك بۇغراخان» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، ئىلگىرىكى بىر قېتىملىق جەڭدە سول قولىنىڭ جەينىكى زەخىملىنىپ، قولى تۈزلەنمەس بولۇپ قالغانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ھەمىشە جەينىكىدىن ئېگىك تۇرىدىغان قولىغا قاراپ «جەينەك بۇغراخان» دەپ ئاتىشىۋالغان.

### *3. گۈلچىمەن خېنىم مازىرى*

گۈلچىمەن خېنىم مازىرى مەكىت ناھىيىسىنىڭ قۇمقسار يېزا قۇمقۇدۇق كەنت تەۋەسىدە بولۇپ، ناھىيە بىلەن يېزىنى تۇتاشتۇرىدىغان چوڭ يولنىڭ بويىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. مازارنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 70 مو كېلىدۇ. مازارلىقتا قەدىمكى ۋە ھازىرقى قەبرىلەر بولۇپ، توغراق، يۇلغۇن ۋە قۇمۇشلار بىلەن قاپلانغان. قەبرىلەر ھەممىسى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. مازارلىقنىڭ جەنۇب تەرىپى ئۆستەك بىلەن، غەرب تەرىپى ناھىيە بىلەن يېزىنى تۇتاشتۇرىدىغان چوڭ يول بىلەن، شەرق تەرىپى تېرىلغۇ يەر بىلەن، شىمال تەرىپى مەھەللىۋى كىچىك يول بىلەن تۇتىشىدۇ. مازار بىلەن چوڭ يول ئارىلىقىدا مەسچىت بار.

گۈلچىمەن خېنىم مازىرى خەلق ئارىسىدا «قۇمقۇدۇق مازىرى» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، «قۇمقۇدۇق» دېگەن جاي ئىسمى بىلەن گۈلچىمەن خېنىم ئارىسىدا قويۇق باغلىنىش بار. ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ئاشۇ مازارنىڭ شەيخلىقىنى،

مەسچىتنىڭ ئىماملىقنى قىلىپ كەلگەن يەرلىك كىشىلەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، گۈلچەمەن خېنىم مازىرىنىڭمۇ يازما تەزكىرىسى بولۇپ، ئۇنى ئابدۇۋاقى دېگەن ئادەم پادىشاھلىققا ئۆچۈن سوراپ ئېلىپ، كېيىن قايتۇرۇپ بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەن. شۇ تەزكىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن دىنىي زاتلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئوردىخان پادىشاھى (ئەلى ئارسلانخان) ئوردامدا شېھىت بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىېرىم جاڭگىلى ئارقىلىق مەكىت تەرەپكە چېكىنگەن نەۋكەرلىرى، ئۇرۇق - تۇققانلىرى ئارىسىدا گۈلچەمەن خېنىممۇ بولغان. ئۇ قىلىچ بۇغراخان، جەينەك بۇغراخانلار بىلەن بىرگە جەڭ قىلىپ، رەقىبلىرىنىڭ ئاتقان ئوقىيا ئوقى دۈلىسىغا تېگىپ يارىدار بولغاندىن كېيىن، تىرىك قولغا چۈشۈشنى خالىماي، چىشىنى چىشلەپ داۋاملىق شەرققە قاراپ چېكىنگەن.

شۇنداق قىلىپ، ھازىرقى قۇم قۇدۇق دەپ ئاتالغان جاي تەۋەسىگە كەلگەندە، سان - ساناقسىز قۇم دۆۋىلىرىدىن ھالقىپ بولالماي ھالسىزلانغان گۈلچەمەن خېنىم، تەشنالىققا چىداپ بولالماي قۇمنىڭ ئەڭ پەس جايىغا ئۆمىلەپ چۈشۈپ، ئىككى قولى بىلەن تاكى ھوشىدىن كەتكۈچە قۇمنى كولىغان. كېيىن ھوشىغا كېلىپ، كولىغان يەرگە سۇ يىغىلىپ قالغانلىقنى كۆرۈپ، شۇ سۇنى ئىچكەن ۋە ئاخىرى شۇ يەردە شېھىت بولغان. شۇ ۋەقەدىن كېيىن، كىشىلەر بۇ جاينى قۇمقۇدۇق دەپ ئاتاپ، بارا - بارا يۇرت نامى بولۇپ ئۆزلىشىپ كەتكەن ۋە ھازىرقى كىشىلەر مازارنىمۇ قۇمقۇدۇق مازىرى دەپ ئاتىشىۋالغان.

### *4. نۇرۇز دۆڭ مازىرى*

نورۇز دۆڭ مازىرى مەكىت ناھىيىسىنىڭ بازار جەمئىي يېزا ئۇۋكا - كەنت تەۋەسىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 9 كىلومېتىر كېلىدۇ. مازارلىقنىڭ ئورنى تەبئىي دۆڭلۈك، جەنۇب تەرىپى يول، شىمالى تەرىپى ساسلىق بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 60 مو ئەتراپىدا كېلىدۇ. مازارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭ ئېلىنىپ، تېرىلغۇ يەرگە سۇ ئۆتكۈزۈلگەنلىكتىن، كېيىن مازار بارا - بارا ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. شەرق تەرەپتىكى پارچىسى چوڭراق، غەرب تەرەپتىكىسى كىچىكرەك بولۇپ، «نۇرۇز دۆڭ» دەپ ئاتالغان دۆڭ ۋە قەدىمكى قەبرىلەر شەرق تەرەپكە مەركەزلەشكەن.

يەرلىك پىشقەدەملەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئەسلىدە نۇرۇز دۆڭ قەدىمكى «10 ئۆستەڭ مەركىت» دەپ ئاتالغان يۇرتلاردىكى كىشىلەرنىڭ ھەر يىلى ئەتىيازدا توپلىشىپ نەچچە كېچە - كۈندۈز تۈنەك ئۆتكۈزۈپ مەشرەپ، ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، قاپاق كۆيدۈرۈش قاتارلىق خىلمۇ خىل نورۇزلۇق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان سورۇن بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ نورۇز دۆڭ دەپ ئاتالغان. كېيىن تەخمىنەن 1800 - يىللارغا كەلگەندە مەتتوختى ئىسىملىك ياقا يۇرتلۇق بىر مۇساپىر ئادەم قازا قىلىپ، ئۇنى شۇ نورۇز دۆڭگە دەپنە قىلغان، ئۇنىڭدىن بۇرۇن گەرچە نورۇز دۆڭدە قەبرىلەر بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ قورۇلمىسى ياغاچ قورۇلمىلىق قەبرىلەر بولۇپ، كېسەك قورۇلمىلىق قەبرىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، شۇ مەتتوختى ئىسىملىك مۇساپىرنى دەپنە قىلىشتىن باشلانغان.

دەسلەپكى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، نورۇز دۆڭ مازىرىدىكى قەبرىلەر روشەن ھالدا ئىككى دەۋرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، كېسەك قورۇلمىلىق قەبرىلەرنىڭ ھازىرقى زامانغا، ياغاچ قورۇلمىلىق قەبرىلەرنىڭ قەدىمكى دەۋرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ياغاچ قورۇلمىلىق قەبرىلەرنىڭ تۆت تەرىپى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلۇپ، ئۈستى ياغاچ بىلەن يېپىلغان. ئىككىنچىسى —— ياغاچ شاللاردىن تاۋۇت ياسىلىپ، جەسەت تاۋۇت ئىچىگە قويۇلغان. ئۈچىنچىسى، توغراقلار ھەرىدىلىپ، سوغا شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئىچىدىكى پۇر قىسمى ئېلىۋېتىلىپ، جەسەت دەپنە قىلىنغان. بۇ خىلدىكى سوغا شەكىللىك توغراقلار نىسبەتەن قىسقا بولغاچقا، ئۇنىڭغا كىچىك باللار دەپنە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنماقتا.

### *5. چاچلىق ئانام مازىرى*

چاچلىق ئانام مازىرى مەكىت ناھىيىسىنىڭ بازار جەمئى يېزا قوش ئېقىن كەنت تەۋەسىدە بولۇپ،

ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر، يانتاق تۇمەنتال چوڭ يولغا بولغان ئارىلىقى بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. مازارنىڭ تۆت تەرىپى تېرىلغۇ يەر ۋە سالا ئېتىز، ئېرىق - ئۆستەڭلەر بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 50 مو بولۇپ، قۇمۇش، قامغاق ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغان.

چاچلىق ئانام مازىرى ھەققىدە خەلق ئارىسىدا بىر قانچە خىل رىۋايەت تارقالغان بولۇپ، بىر رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، تەڭرى تەكلىماكانغا قۇم ياغدۇرۇلۇپ، ئىنساپسىزلىقتا چېكىگە يەتكەن ئىتلىرىنىڭ يالاقلىرىدىن ئىشكىلىرىنىڭ بوسۇغۇلىرىغىچە ئالتۇن قىلىپ بەرسىمۇ، ئەسلىدىكى ۋەدىسىدىن يېنىۋالغان قەۋمنى قۇم ئاستىغا غەرق قىلغاندا، چاچلىق ئانام بىر جۈپ چوڭ توغراقنىڭ ئالدىغا كېلىپ «يېرىلىڭ توغرىقىم - يېرىلىڭ» دەپ ئىلتىجا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن توغراق يېرىلىپ، چاچلىق ئانام ئىچىگە كىرىپ كەتكەندە چېچى قىسىلىپ قېلىپ، سىرتقا بىر غېرىچ چىقىپ قالغان. شۇنىڭدىن **باشلاپ** بۇ يەر مازارلىققا ئايلىنىپ، ئادەم دەپنە قىلىنغان...

يەنە بىر رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، چاچلىق ئانام ئەسلىدە چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسى مەختۇمسۇلا بولۇپ، يەتتە باشلىق يالماۋۇز چىن تۆمۈر باتۇرغا قەست قىلغاندىن كېيىن، مەختۇمسۇلا قېچىپ چىقىپ، توغراقتىن پاناھلىق تىلەپ «يېرىلىڭ توغرىقىم - يېرىلىڭ» دەپ نىدا قىلغاندا، توغراق يېرىلىپ، ئۆز قوينىغا ئالغان، ئەمما بىر غېرىچ چېچى قىسىلىپ قېلىپ، توغراق سىرتىدا قالغان.

يۇقىرىقى ئىككى رىۋايەتتە گەرچە چاچلىق ئانامنىڭ توغراقنىڭ ئالدىغا كېلىشىدىكى سەۋەبلەر ئوخشاش بولمىسىمۇ لېكىن توغراقنىڭ يېرىلىپ پاناھلىق بېرىشى ۋە بىر غېرىچ چاچنىڭ سىرتقا چىقىپ قېلىشى تامامەن ئوخشاش بولۇپ، ھەتتا توغراقلار 1950 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا كېسىپ تاشلىنىشتىن بۇرۇن، شۇ قىسىلىپ قالغان بىر غېرىچ چاچنىڭ شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم دېگۈچىلەر بولغان.

يۇقىرىقى ئىككى خىل رىۋايەتكە ئوخشاشمايدىغان يەنە بىر خىل مەلۇماتمۇ بولۇپ، قىلىچ بۇغراخان مازىرى ۋە گۈلچىمەن خېنىم مازىرىنىڭ يازما تەزكىرىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن دېگۈچىلەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، چاچلىق ئانامۇ ئوردىخان پادىشاھىم (ئەلى ئارسلانخان) نىڭ جەمەتىدىن بولۇپ «ئوردا خېنىم» دىكى قانلىق جەڭدە تېرىم جاڭگىلىغا قاراپ چېكىنگەنلەر قاتارىدا چېكىنىپ، مەكىتكە كەلگەن ۋە ھازىرقى چاچلىق ئانام مازىرى ئورنىدىكى توغراقلىقتا شېھىت بولۇپ كەتكەن...

چاچلىق ئانام مەيلى تەكلىماكانغا قۇم ياغقان دەۋردە ياشىغان بولسۇن، مەيلى «ئوردا خېنىم» دا جەڭ بولغان 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان بولسۇن، شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇنىڭ ۋاپات بولغىنىغا جۈملىدىن چاچلىق ئانام مازىرىنىڭ پەيدا بولغىنىغا ئاز ھېسابلىغاندىمۇ مىڭ يىلدىن ئاشقان بولىدۇ. دېمەك، چاچلىق ئانام مازىرى مەكىت ناھىيىسىدىكى ئەڭ قەدىمكى مازارلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

### *6. زۇلتقۇم مازىرى*

زۇلتقۇم مازىرى مەكىت ناھىيىسىنىڭ قۇرما يېزا زۇلتقۇم دېھقانچىلىق مەيدانى تەۋەسىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 59 كىلومېتىر كېلىدۇ. مازارلىقنى يېزا بىلەن زۇلتقۇم مەيدانىنى تۇتاشتۇرىدىغان چوڭ يول ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن بولۇپ، غەربىي تەرەپتىكى قىسمى تەخمىنەن 40 مو، شەرقى تەرەپتىكى بۆلىكى تەخمىنەن 30 مو كېلىدۇ. غەربىي تەرەپتىكى قىسمىدا قۇم دۆۋىلىرى ۋە 20 دانە قەبرە بار. ئەسلىدە قەبرە ئەتراپىدا قويۇق يۇلغۇنلار ئۆنگەن بولۇپ، قۇم كۆچۈش ۋە قۇرغاقچىلىق سەۋەبىدىن ھازىر يۇلغۇنلار قۇرۇپ كېتىپ كۆتىكىلا قالغان.

مازارلىقنىڭ جەنۇب تەرىپى جىگدىلىك ئېرىق بىلەن، غەرب تەرىپى ساسلىق بىلەن، شىمال تەرىپى زەيلىك بىلەن، شەرق تەرىپى قۇمۇشلۇق بىلەن تۇتىشىدۇ.

ئىلگىرى بۇ مازارنىڭ ھازىرقى غەربىي تەرەپتىكى بۆلىكىدە ئېگىز تۇغ شەددە بولۇپ، كېيىن زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن بوران تەسىرىدىن

يېقىلىپ چۈشۈپ قۇم ئاستىدا قالغان.

يەرلىك پىشقەدەملەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، زۇلقۇم مازىرىمۇ «ئوردىخان پادىشاھىم» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن قىلىچ بۇغراخان، جەينەك بۇغراخان ۋە گۈلچەمەن خېنىملار تېرىم جاڭگىلى ئارقىلىق مەكىتكە قاراپ چېكىنگەندە، ئۇلارنىڭ بىر ئاشپىزىمۇ بىرگە كەلگەن. سەركەردىلىرى شېھىت بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى شېھىت بولغان جايغا دەپنە قىلىپ، تىرىك قالغانلار بىلەن داۋاملىق چېكىنىپ، هازىرقى قۇرما يېزىسى تەۋەسىگە كېلىپ، بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، ئايرىم – ئايرىم هالدا يوشۇرۇنغان. شۇ چاغدا رامىزان مەزگىلى بولغاچقا، ھېلىقى ئاشپەز باشقىلار ئۈچۈن زولۇق تەييارلاپ، ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغاندا، هازىرقى زۇلقۇم مازىرى ئورنىدا قەتلى قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ قەتلى قىلىنغان جاي «زۇلۇقۇم» دەپ؛ مازارلىقنىڭ ئىسمىمۇ «زۇلقۇم مازىرى» دەپ ئاتالغان.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە، بۇ مازارلىقتىن بىر كىچىك قەدىمىي ياغاچ ئاياق تېپىلدى. ئاياقنىڭ يېرىمى قۇمغا كۆمۈلگۈك، يېرىمى ئوچۇق هالەتتە بولۇپ، ئۇنىڭ مازارلىققا بوي سالدىغان جام – ئەينى زامانىدىكى زولۇق ئېلىپ ماڭغان ئاشپەز ئىشلەتكەن ئاياق بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنماقتا.

### 7. مەلىكە ئارسلان خېنىم مازىرى

مەلىكە ئارسلان خېنىم مازىرى مەكىت ناھىيىسىنىڭ قۇرما يېزا بىر ئېغىز (بۆرە ئېغىز) كەنت 1 – مەھەللىۋى گۇرۇپپا تەۋەسىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 60 كىلومېتىر كېلىدۇ. مازارلىقنىڭ شەرقىي تەرىپى كەڭ كەتكەن قۇملۇق، شىمال تەرىپى زەيلىك، غەرب تەرىپى زەيكەش ئۆستىڭى، جەنۇب تەرىپى تېرىلغۇ يەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. مازارلىقتا بىر نەچچە تۈپ توغراق، يۇلغۇن ۋە قومۇشلار ئۆسكەن، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 20 مو ئەتراپىدا بولۇپ، كېسەك بىلەن ياسالغان قەدىمىي ۋە هازىرقى قەبرىلەر بار.

يەرلىك پىشقەدەم كىشىلەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، مەلىكە ئارسلان خېنىم ئەسلىدە «ئوردىخان پادىشاھى» نىڭ قىزى بولۇپ، «ئوردا خېنىم» دىكى جەڭدە باشقا سەركەردىلەر، نەۋكەرلەر بىلەن چېكىنىپ، مەكىت تەۋەسىگە كەلگەن ۋە هازىرقى «مەلىكە ئارسلان خېنىم مازىرى» ئورنىغا كەلگەندە شېھىت بولۇپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان...

قاراخانىيلار تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك يازما مەلۇماتلاردا، «مەلىكە ئارسلان خېنىم مازىرى» نىڭ قەشقەردىكى تار بوغۇزدا بولۇپ، ئەسلىدە بۇ مازاردا ياتقان زاتنىڭ ئەلى ئارسلانخان ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ مەلىكە ئارسلان خېنىم دەپ ئاتالغان قىزىنىڭ بارلىقى ھەققىدە يازما مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ.

ئەمما يۇقىرىقى ئەھۋالغا قاراپلا بۇ مازارنى ئىنكار قىلىش بىزنىڭچە تولىمۇ يەڭگىللىك بولۇپ، تارىخ ئىلمىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىگە زىت. چۈنكى تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان ئىسىملىرى كۆپ ئۇچرىغانىنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل ئىسىملار خەلق ئاممىسى ئىچىدە يەنە باشقىچە ئاتىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ دائىم بولۇپ تۇرىدۇ.

شۇڭا، بىزنىڭچە قۇرما يېزىسىنىڭ بىر ئېغىز كەنتىدىكى «مەلىكە ئارسلانخان خېنىم» مازىرىغا دەپنە قىلىنغان تارىخىي شەخس،«ئوردىخان پادىشاھى» نىڭ جۈملىدىن ئەلى ئارسلانخاننىڭ قىزى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ باشقا ئۇرۇق – تۇققانلىرىنىڭ ياكى سەركەردە – نەۋكەرلىرىنىڭ قىزى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن بولۇپ، مازار ئىسمىنىڭ بېشىدىكى «مەلىكە» دېگەن سۆزگە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇنى قىلىچ بۇغراخان، جەينەك بۇغراخان ۋە گۈلچەمەن خېنىملار ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلغاندا، بىزنىڭچە مەلىكە ئارسلان خېنىمنى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تارىخىي شەخسلەرنىڭ بىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

### 8. ئاچا دۆڭ مازىرى

ئاچا دۆڭ مازىرى مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزا ئاچا دۆڭ كەنت 2 – مەھەللىۋى گۇرۇپپا تەۋەسىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن توققۇز كىلومېتىر كېلىدۇ.

مازارنىڭ شەرقى تەرىپى كونا كەنت قورۇسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى باغ بىلەن، غەرب تەرىپى سالا ئېتىزلار بىلەن، شىمال تەرىپى باغ ۋە مەسچىت بىلەن تۇتىشىدۇ. مازارلىقتا قۇمۇش، يۇلغۇن، توغراقلار بولۇپ، توغراقلار ئارىسىدىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ چوڭ بولغان بىر تۈپ توغراقنىڭ ئايلانمىسى 3.50 مېتىر كېلىدۇ. مازارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 30 مو ئەتراپىدا بولۇپ، قەدىمكى ۋە ھازىرقى كېسەك قۇرۇلمىلىق قەبرىلەر ئارىلاش سېلىنغان.

يەرلىك پىشقەدەم كىشىلەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئاچا دۆڭ مازىرىنىڭ ئەسلى ئىسمى «جەلىل نەسرۇللا مازىرى» بولۇپ، ئۇزاق ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر بۇ مازارنىڭ ئەسلى نامىنى ئۇنتۇپ، بارا- بارا شۇ مازار جايلاشقان يۇرتنىڭ نامى بولغان «ئاچا دۆڭ» گە مازارنى قوشۇپ، ئاچا دۆڭ مازىرى دەپ ئاتاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن.

جېلىل نەسرۇللارنىڭ نەسەبىگە كەلسەك، پىشقەدەملەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن مەلۇم بولىشچە، جېلىل ناسرۇللا «ئوردىخان پادىشاھى»نىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى بولۇپ، مەلىكە ئارسلان خېنىمنى قوغداپ چېكىنىش داۋامىدا ئاچا دۆڭ مازىرى ئورنىدا رەقىبلەر بىلەن ئېلىشىپ شېھىت بولغان ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

### 9. قويلۇق ئاتام مازىرى

قويلۇق ئاتام مازىرى مەكىت ناھىيىسىنىڭ قىزىلئاۋات يېزا قازانكۆل كەنت تەۋەسىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 33 كىلومېتىر كېلىدۇ. غەربىي تەرىپى ناھىيە بىلەن قىزىلئاۋات يېزىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان چوڭ يول بىلەن، جەنۇب ۋە شەرق تەرەپلىرى كەنتنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى بىلەن، شىمال تەرىپى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. مازارلىقنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 45 مو بولۇپ، قەدىمكى ۋە ھازىرقى كېسەك قۇرۇلمىلىق قەبرىلەر چوڭ يولدىنلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مازارلىقتا يۇلغۇن ۋە قۇمۇشلار ئۆسكەن بولۇپ، قويلۇق ئاتامنىڭ قەبرىسى بىر تۈپ چوڭ يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە.

قىزىلئاۋات يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىدىكى كەسپىي خادىملارنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىزچىل ئەھۋال ئىگىلەپ يىغقان ماتېرىياللىرىغا ۋە «ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ بېكىتىلگەن قىزىلچى مازىرىنىڭ چۈشەندۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، «قويلۇق ئاتام» دەپ ئاتالغان بۇ تارىخىي شەخسنىڭ ئەسلى ئىسمى شەيخ شاۋدۇن رەھمەتۇللا ئەلەيھى بولۇپ، 10 - ئەسىردە ئاكىسى قارا ساقال ئاتام، سىڭلىسى قىزىلچى خېنىملار بىلەن ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئاتلىنىپ، ھازىرقى يەكەن ناھىيىسى ھەمدە قىزىلئاۋات يېزىلىرىدا بىر مەزگىل پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، كېيىن ئىلگىرى - كېيىن ۋاپات بولغان ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپ، كىشىلەر ئۇلۇغلاپ تاۋاپ قىلىدىغان جايغا ئايلانغان.

### 10. قارا ساقال ئاتام مازىرى

قارا ساقال ئاتام مازىرى مەكىت ناھىيىسىنىڭ قىزىلئاۋات يېزا تەۋەسىدە بولۇپ، قىزىلچى، ھوقۇشدۆڭ ۋە لايداڭ قاتارلىق ئۈچ كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 40 كىلومېتىر كېلىدۇ. مازارلىقنىڭ شىمالىي تەرىپى قىزىلچى كەنتىنىڭ شامال ساز تالالىق مەھەللىسى بىلەن، شەرق تەرىپى ھوقۇشدۆڭ كەنتى بىلەن، جەنۇب ۋە غەربىي تەرىپى لايداڭ كەنتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. مازارلىقنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 70 مو بولۇپ يولغان، توغراق ۋە قۇمۇشلار ئۈنگەن، قەدىمكى ۋە ھازىرقى كېسەك قۇرۇلمىلىق قەبرىلەر ئارىلاش سېلىنغان، «قارا ساقال ئاتام» دەپ ئاتالغان تارىخىي شەخسنىڭ قەبرىسى مازارلىقتىكى چوڭ توغراقتىن 40 مېتىر نېرىدا.

قىزىلئاۋات يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىدىكى كەسپىي خادىملارنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىزچىل ئەھۋال ئىگىلەپ يىغقان ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، «قارا ساقال ئاتام» دەپ ئاتالغان بۇ تارىخىي شەخسنىڭ ئىسمى «ئەسئەدۇللاخان» بولۇپ، 10 - ئەسىردە ئىنىسى قويلۇق ئاتام (شەيخ شاھادۇن رەھمەتۇللا ئەلەيھى) سىڭلىسى قىزىلچى خېنىملار بىلەن ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى

تارقىتىش ئۈچۈن ئاتىلىپ، ھازىرقى يەكەن ناھىيىسى ھەمدە قىزىلئاۋات يېزىسى تەۋەسىدە بىر مەزگىل پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھازىرقى «قارا ساقال ئاتام مازىرى» ئورنىغا دەپنە قىلىنىپ، ئاۋام خەلقىنىڭ ئۇلۇغلاپ تاۋاپ قىلىدىغان جايىغا ئايلانغان.

**قوشۇمچە:**

*مۇھىم مەلۇمات بىلەن تەمىنلىگەن يەرلىك پېشقەدەملەر*

1. ئەمەت ياغاچچى 92 ياش، ھاڭگىتلىق يېزىسىدىن
2. سامساق پازىل 78 ياش، ھاڭگىتلىق يېزىسىدىن
3. قاسىم ئابلا 73 ياش، ھاڭگىتلىق يېزىسىدىن
4. ئابدۇرېھىم خۇدا بەردى 76 ياش، قۇمقىسار يېزىسىدىن
5. مامۇت سايىت 80 ياش، قۇمقىسار يېزىسىدىن
6. سادىق ئىسلام 82 ياش، قۇمقىسار يېزىسىدىن
7. ئابدۇرېھىم مەمەت 88 ياش، بازار جەمئى يېزىسىدىن
8. ئېزىز ھاجىم 83 ياش، بازار جەمئى يېزىسىدىن
9. مامۇت ئىسمايىل 84 ياش، قۇرما يېزىسىدىن
10. ئابلىز قارى 90 ياش، يانتاق يېزىسىدىن
11. ئوسمان قۇربان 94 ياش،قىزىلئاۋات يېزىسىدىن

**(ئاپتور: مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىدىن)**

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

# ئۆتەڭ قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش توغرىسىدا قىسقىچە دوكلات

ئەنۋەر مۇھەممەت

2000 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزىسى چىكانكۆل مىڭ ئۆيىنى قوغداش خادىمى 312 ـ نومۇرلۇق دۆلەت تاش يولىنى قايتا رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى جەريانىدا، سىڭگىم يېزىسى بۆلىكىدە بىر نەچچە قەدىمىي قەبرىنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىق ئەھۋالىنى كۆرۈپ ھەمدە بىر نەچچە دانە قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كېلىپ تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

ئىدارە خادىملىرى ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، دەرھال كەسپىي خادىملارنى تەشكىللەپ، نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. نەق مەيداندىكى تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن، بۇ ئەھۋالنى دەرھال ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا دوكلات قىلدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئۈچ قەبرىگە قارىتا قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قېزىش ئېلىپ باردى ھەمدە بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىققا «ئۆتەڭ» قەدىمكى قەۋرىستانلىقى دەپ ئات قويۇلدى. (شۇ يەرلىك كىشىلەر بۇ جاينى «دەڭ» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ يەردىكى «دەڭ» خەنزۇچىدىكى «店» دېگەن خېتىدىن ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، مەنىسى «ئۆتەڭ» «قونالغۇ» دېگەن مەنىلەردە. شۇڭا مەن تۆۋەندە بۇ قەۋرىستانلىقنى «ئۆتەڭ» قەدىمكى قەبرىستانلىقى دەپ ئاتىدىم.

## قەبرىستانلىقنىڭ جايلاشقان ئورنى

بۇ قەبرىستانلىق ـ تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككى كىلومېتىر جەنۇب تەرىپىدىكى يالقۇن تاغ تىزمىسى، ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شىمالىي تاغ باغرىغا جايلاشقان. قەبرىستانلىقنىڭ شىمالى 312 ـ دۆلەت تاش يولىغا سەككىز كىلومېتىر، شەرقىي پىچان ناھىيىسى تۇيۇق سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىققا 10 كىلومېتىر، غەربىي ـ شىمال چىكانكۆل مىڭئۆيى بىلەن يەتتە كىلومېتىر كېلىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89°37´98″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 42°56´117″ قا توغرا كېلىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 187 مېتىر كېلىدۇ.

بۇ قەبرىستانلىق يالقۇنتاغ باغرىغا جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ جايلاشقان. يالقۇنتاغقا چۈشكەن يامغۇر سۈيى قەبرىستانلىقتا كىچىك جىرالارنى ھاسىل قىلغان. بۇ جىرالار قەبرىستانلىقنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 900 كۋادراتمېتىر كېلىدۇ.

دەسلەپكى تەكشۈرۈشىمىزچە، بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىق 312 ـ دۆلەت تاش يولىنى قايتا رېمونت قىلىش جەريانىدا بايقالغان بولۇپ، تۇپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بۇ قەبرىلەرنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان. بۇ جاينىڭ ھاۋا كېلىماتى قۇرغاق، ئىسسىق بولۇپ، قەبرىستانلىقنىڭ 500 مېتىر شىمالىدا بىر كىچىك سۇ ئامبىرى بار. ئامبارنىڭ ئەتراپى بوستانلىق.

## قەبرە تۈزۈلۈشى ۋە ئاخىرەتلىك بۇيۇملار

بۇ قەدىمكى قەبرىلەر تۇپا ئىتتىرىش جەريانىدا ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاچقا، ئىنچىكە كۆزىتىدىغان بولساق تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتە تىك قۇملۇق چاسا قەبرە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

تەكشۈرۈشىمىزچە، لەھەت تىك، ئۇزۇنچاق قېزىلىپ ئۈستىگە لىم، بادىرىلارنى قويۇپ، ئۈستى قۇمۇچ بىلەن

يېپىلىپ ئاندىن توپا، تاشلار بىلەن كۆمۈلگەن. بەزى قەبرىلەر يامغۇر سۈيىنىڭ تەسىرىدە قەبرە ئىچىگە سۇ كىرىپ كېتىپ، جەسەت ۋە ئاخىرەتلىك بۇيۇملار چىرىپ كەتكەن. يەنە بەزى قەبرىلەردىكى ئاخىرەتلىك بۇيۇملار خېلى مۇكەممەل ساقلانغان. بەزى قەبرىلەرگە بىر نەچچە ئادەم بىللە دەپنە قىلىنغان بولسا، يەنە بەزى قەبرىلەرگە ئەر ـ ئايال بىللە دەپنە قىلىنغان. قەبرىدىكى جەسەتلەر ياغاچ كارۋات ئۈستىگە قويۇلغان بولۇپ، ياغاچ كارۋاتنىڭ ئاستى ۋە ئەتراپىغا ئاخىرەتلىك بۇيۇملار بىللە قويۇلغان.

بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملار، ساپال بۇيۇملار، يۇڭ ـ يىپەك توقۇلما بۇيۇملار، خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملار ئاساسى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

**2000TSDMOI ـ نومۇرلۇق قەبرە:** بۇ قەبرىنىڭ ئۈستى قىسمى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، قەبرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 170cm ، كەڭلىكى 125cm، چوڭقۇرلۇقى 180cm كېلىدۇ. قەبرە ئىچىگە قۇم ـ تۇپا كىرىپ كەتكەن. لەھەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىن قارىغاندا، بۇ قەبرە ئىچىدە بىر ياغاچ كارۋات بار بولۇپ، كارۋات ئۈستىگە تۆت جەسەت بىللە قويۇلغان. بۇ جەسەتنىڭ ئىچىدە بىر بالىنىڭ جەسىتىمۇ بار، ياغاچ كارۋاتنىڭ شەرق تەرىپىگە قوي، كالا ئۇستىخانلىرى دۆۋىلەپ قويۇلغان.

**22000TSDM2 ـ نومۇرلۇق قەبرە:** بۇ قەبرە 2000TSDMOI ـ نومۇرلۇق قەبرىنىڭ 15 مېتىر جەنۇبىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان. بۇ قەبرىمۇ ئوخشاشلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. قەبرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 210cm، چوڭقۇرلۇقى 100cm كېلىدۇ. قەبرىگە بىر ئايال دەپنە قىلىنغان. جەسەت چىرىپ كەتكەن. جەسەتكە خۇرۇم چاپان كىيگۈزۈلگەن، چاپان خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان. جەسەتنىڭ بېشىغا قارا رەڭدە توقۇلغان تور كىرگۈزۈلگەن. بىر تال ياغاچ ھاسا جەسەتنىڭ سول مۈرىسىگە قىيپاش قىلىپ قويۇلغان. بۇ قەبرىدىن تېپىلغان يالاڭ قولاقلىق ساپال كۈمزەك، ساپال رومكا (قەدەھ)، ساپال قاچا، يىپ ئىگىرىشتە ئىشلىتىلدىغان ياغاچ تاياقچە. ياغاچ چاق، ياغاچ ـ رومكا، ياغاچ پىچاق قاتارلىق توققۇز دانە قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق جەسەت باش قىسمىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇلغان. ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدە ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملار بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، يىپەك توقۇلما بۇيۇملار ئاز سانىنى ئىگىلەيدۇ.

**2000TSDMO3 ـ نومۇرلۇق قەبرە:** بۇ قەبرىنىڭ ئۈستى قىسمى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. قەبرىنىڭ ئاستى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 225cm، كەڭلىكى 95cm، چوڭقۇرلۇقى 150cm كېلىدۇ. بۇ قەبرىگە ئەر ـ ئايال بىللە دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ئايال جەسەت ئەر جەسەتنىڭ ئاستىغا ياتقۇزۇلغان. ئەر جەسەتكە خۇرۇم چاپان، پۇتىغا خۇرۇم ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن. خۇرۇم ئۆتۈك خېلى ياخشى ساقلانغان بولۇپ، ئۆتۈكنىڭ ئاستى چەمدىن ئىشلەنگەن. چەمنىڭ خېلى كۆپ قىسمى قايتا يامالغان.

بۇنىڭدىن خۇرۇم ئۆتۈكنىڭ خېلى ئۇزۇن يىل كىيگەنلىكىنى ۋە شۇ دەۋرلەردە ياشىغان خەلقلەرنىڭ خۇرۇم ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

جەسەت كىگىز بىلەن ئورۇلۇپ، كىگىز باش كىيىم كىيگۈزۈلگەن. يۈز قىسمىغا كىگىز يېپىلغان. بىلىگە خۇرۇم بەلباغ تېڭىلغان. بەلباققا كىچىك تۆشۈكچىلەر ئېچىلىپ بىر تال تۆمۈر ئىلمەك بەلباققا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ تۆمۈر ئىلمەك بەلباغنى چوڭايتىش ۋە كىچىكلىتىش رولىنى ئوينىغان. جەسەتكە خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن ئوقدان ئېسىلغان. ئوقداندىكى ئوق ۋە يا بۇزۇلۇپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بىر تال ئوقنىڭ ئۇچىغا ئۈچ بۇرجەك شەكىلدىكى تۆمۈردىن ياسالغان ئوق بېشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئوق بېشى ناھايىتى ئۆتكۈر قىلىپ ياسالغان.

ئايال جەسەتكە خۇرۇم كىيىم، پۇتىغا خۇرۇم ئۆتۈك ۋە قىزىل رەڭدە ناھايىتى نېپىس قىلىپ توقۇلغان يىپەك ئىشتان كىرگۈزۈلگەن. جەسەت چىرىپ كېتىپ، ئۇستىخانلىرىلا ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، جەسەتنىڭ چېچى خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان.

بۇ قېتىمقى ئۆتەڭ قەدىمكى قەبرىستانلىقىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا گەرچە قېزىلغان قەبرىلەرنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ ناھايىتى قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلار قېزىۋېلىندى.

قەبرىستانلىقنىڭ كۆلىمى ۋە ئەسلى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ يەر قەدىمكى دەۋردىكى خەلقلەرنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان ئاممىۋى قەبرىستانلىقىدىن ئىبارەت. بىز قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىدىغان بولساق تۆۋەندىكىدەك يەكۈنگە ئېرىشەلەيمىز.

1. بۇ قېتىم قېزىلغان ئۈچ قەبرە قۇدۇق شەكلىدىكى ئۇزۇنچاق، چاسا شەكىللىك قەبرە بولۇپ، قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئىچىدە تۆمۈر قورالدىن باشقا مىس قوراللار بايقالمىدى. تۆمۈر قوراللارنىڭ ياسىلىشىنىڭ نەپىسلىكى ۋە ئۆتكۈرلىكىدىن قارىغاندا، ئەينى دەۋرلەردە بۇ يەردە ياشىغان خەلقلەرنىڭ تۆمۈر قوراللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلىپ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دەپىن بۇيۇملار ئىچىدە ساپال بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى سىغىزغا قۇمنى ئارىلاشتۇرۇپ، ناھايىتى سىلىق قىلىپ ياسالغان سىدام ساپال بۇيۇملاردىن ئىبارەت. قەبرە تۈزۈلىشى، دەپنە بۇيۇملارنىڭ ياسىلىشى، شەكلى، ئالاھىدىلىكى، پىچان ناھىيىسى سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقى، ياڭخېي قەدىمكى قەبرىستانلىقى، ئايدىڭكۆل قەدىمكى قەبرىستانلىقى، تۇقسۇن ناھىيىسى قاغىچاق قەدىمكى قەبرىستانلىقى، كورجاي قەدىمكى قەبرىستانلىقى قاتارلىق ئورۇنلاردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا تامامەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ قەبرىستانلىقنى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى قەدىمكى قەبرىستانلىق دېيىشكە بولىدۇ.

2. تارىخي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشچە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 8 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 1 ـ ئەسىرلەرگىچە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئاساسلىق خەلق قوش ـ قاڭلىقلار بولۇپ، ئۇلار ئەينى دەۋردە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن.

يارغول قەدىمكى شەھىرى قوش ـ قاڭقىلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. ئۆتەڭ قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ قەبرە كۆلىمى قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئەينى دەۋرلەردە يالقۇنتاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئېتەكلىرىدە ياشىغان قاڭقىلار (قۇشلار) مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. قىزىۋېلىنغان ئوقدان، ئوق بېشى، خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن كىيىم ـ كېچەكلەر، ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملار، بىللە كۆمۈلگەن قوي، كالا قاتارلىقلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىش بىلەن بىرگە قىسمەن چارۋىچىلىق ئوۋ ئوۋلاش ئادەتلىرىنىمۇ ساقلاپ قالغان. ئومۇمەن، بۇ جاي تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى قەدىمكى قەبرىستانلىق بولۇپ، ئۆتەڭ ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىش مەركىزى.

قىزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى شۇ دەۋرلەردە تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ تارىخي مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار**

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1994 ـ يىل 1 ـ 2 ـ سان
② «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى، خەنزۇچە 2002 ـ يىلى 6 ـ سان

(ئاپتور: تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدا)

تەھرىرلىگۈچى: **ئابلىم قېيۇم**

# ئەجدادلىرىمىز تىنچ قىلغان كۆك (ئاسمان) غا چوقۇنۇشقا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار

مۇھتەرەم سۇلايمان

دۇنيادا تىخى ئارخېئولوگىيە ئىلمى كەشىپ بولمىغان زامانلاردا كىشىلەر ئەپسانە رىۋايەتلەرگە ئىشىنىپ، تارىخنى خىيالىي تەتقىق قىلغان ئىدى، ئارخېئولوگىيە ئىلمى ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ راست - يالغىنىنى ئايرىپ، ئەپسانە - رىۋايەتلەرگە ئاساسەن بېكىتىلىپ كەتكەن ساختا تارىخنى ئايدىڭلاشتۇردى ھەم ئىنسانلار تارىخىنى تۆت دەۋرگە بۆلدى①.

بىزگە مەلۇمكى، ئارخېئولوگىيە قەدىمكى ئاسارە - ئەتىقىلەرنىڭ سەنئەت خۇسۇسىيىتىدىن لەززەتلىنىدىغان ياكى ئاسارە - ئەتىقىلەرنىڭ راست - يالغانلىقىنى ۋە دەۋرىنى ئايرىش بىلەنلا چەكلىنىدىغان پەن بولماستىن، بەلكى قەدىمكى ئىنسانلار قالدۇرۇپ كەتكەن ماددىي بۇيۇملارغا ئاساسلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن؛

ئارخېئولوگىيە بىر رەھىمسىز پەن، ئۇ ھېچقانداق بىر ھۆكۈمران سىنىپ ياكى شەخسنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدۇ، ئۇ ئۆزىدىكى ماددىي پاكىتلار ئارقىلىق، تارىختا ئۆتكەن ئەجدادلارنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى پارلاق مەدەنىيەتلىرىنى ئۆز ئىزنامىسى بىلەن بىزگە يورۇتۇپ بېرىدۇ. دېمەك، بىز ئارخېئولوگىيە ئىلمى ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ دىياردا ئەمگەك قىلىپ، تىرىكچىلىك قىلىپ، ئاۋۇپ ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراستى بىلەن ئىلغار مەدەنىيەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بۈگۈنكى كۈندە، قىيا تاشلارغا سىزىلغان سىزمىلار، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستىدىن تېپىلغان زور مىقداردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە خارابە ئىزلاردىن كۆرۈۋالالايمىز.

بىزگە مەلۇمكى، شىنجاڭنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق، ھۆل يېغىن مىقدارى ئاز، قۇم - بورانغا كۆمۈلۈپ قېلىشتەك بۇنداق ئالاھىدە تەبىئىي جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ تەسىرىدىن قەدىمكى قەبرىلەر، شەھەر، بۇددا ئىبادەتخانىلار، توقۇلما بۇيۇملار، قەغەز پارچىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ئۆز ھالىتىنى بۇرۇنقىدەكلا ساقلاپ قالغان، مۇشۇنداق نۇرغۇنلىغان قەدىمكى مەدەنىيەت يالداملىرى بىلەن شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىدىكى گۆھەر زېمىن بولۇپ قالدى. بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىس ئالىملار تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت، مىڭئۆي سەنئىتى، قىياتاش رەسىملىرى، قەدىمكى جەسەتلەر تەتقىقاتى، ئانتروپولوگىيە، رەڭلىكساپالار، توقۇلما بۇيۇملار، قەدىمكى يېزىق، ھۆججەتلەر، مىللەتشۇناسلىق، قەدىمكى ئېتىقاد قاتارلىق جەھەتلەردە ئىزدىنىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھازىرغىچە رايونىمىز تەۋەسىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە دىنىي ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆپ تەرەپلىمە تەتقىق قىلىش ھەم بۇ جەھەتتە مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىش ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقادلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مۇھىم بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەداشلىقىنى ئىزدىشىمىزدىمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن قىياتاشلارغا چېكىلگەن سىزمىلار ۋە ياكى ساپال قاچىلارغا سىزىلغان سىزمىلار تاشقى كۆرۈنۈش ۋە تارىخنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەنلا قىممەتلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىچكى مەزمۇنى ۋە تارىخى قىممىتى بىلەن تېخىمۇ زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. چۈنكى ئۇلارغا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىختىراسى، ئەقىل - پاراستى، تارىخى، مەدەنىيىتى، تۇرمۇش شەكلى ۋە ئىدىئولوگىيىسى قاتارلىقلار مۇجەسسەملەشكەن، شۇڭلاشقا رايونىمىز ئارخېئولوگلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى نەتىجىسىدە، ھازىرغىچە رايونىمىز تەۋەسىدىن تېپىلىپ كېلىۋاتقان قىياتاشلارغا ئۆتكۈر تاشلار بىلەن سىزىلغان رەڭلىك ۋە رەڭسىز سىزمىلار، رەڭلىك ۋە رەڭسىز ساپاللارغا چۈشۈرۈلگەن نەقىشلەر، قەدىمكى جەسەتلەر، ئاخىرەتلىك بۇيۇملار، قەبرە تۈزۈلۈشلىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا،

توغرىدىن- توغرا تەبىئەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئومۇملاشتۇرىدىغان ساددا ئاناسىر (ئامىل) كۆز قاراشلىرىنىڭ نامايەندىلىرى كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. ئۇلار كېيىنچە ھەر خىل تەبىئىي شەيئىلەرگە تېۋىنىشقا ئاساسلانغاندا، ئانىمىزملىق بىلىش ۋە ئىپتىدائىي تەبىئەت ئىلاھچىلىقى كۆز قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى.

تارىخشۇناس ئىمىن تۇرسۇن «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىن قىسقىچە بايان» دېگەن ماقالىسىدا: «ئىنسانىيەت تەرەققىي قىلىپ قەدىمكى ئادەملەر باسقۇچىغا يەتكەندە، ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتلىرى بىخلىنىپ چىققان. ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتى ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى بارغانسېرى زىچلاشتۇرغان. ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى بىلەن بىللە ئۇرۇقلارنىڭ توتېملىق چوقۇنۇشلىرىمۇ پەيدا بولغان» دەپ كۆرسەتتى②. دېمەك، توتېم - ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە پەيدا بولغان تەبىئەتكە چوقۇنۇشتۇر. ئىنسانلار ئەجدادى قەدىمكى ئادەملەر باسقۇچىغا يەتكەندە تەبىئەت ئۇلار ئۈچۈن سىرلىق دۇنيا بولۇپ تونۇلغان، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت ھادىسىلىرى، بولۇپمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقان كۆك (ئاسمان)، كۈن، تۈن، تاغ - دەريا... قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خىل ئىلاھى قۇۋۋەت ھېسابلانغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئاڭسىز، قارىغۇلارچە چوقۇنۇش كېلىپ چىققان. بۇ چوقۇنۇش ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا ئىپتىدائىي ئاڭ - ئېتىقاد بولۇپ شەكىللەنگەن، بۇ ئېتىقاد ئەينى دەۋردە تەدرىجىي ئىپتىدائىي دىن تۈسىنى ئالغان. بۇ دىن مۇشۇ ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا، سىنىپىي جەمئىيەتتە مەيدانغا كەلگەن مەلۇم شەخس ئىلاھلاشتۇرۇلغان دىنلارغا نىسبەتلەشتۈرۈپ «كۆپ ئىلاھلىق دىن» ياكى «ئىپتىدائىي دىن» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئارخېئولوگ ئابدۇقېيۇم خوجا ئىپتىدائىي ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك ماقالىسىدا: «ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت كۆز قارىشى، ئالەم - تۇپراق، سۇ، ھاۋا ۋە ئوتتىن ئىبارەت تۆت ئاناسىردىن تەركىب تاپقان»③ دەپ يازىدۇ.

ئەدەبىياتشۇناس ئابدۇكېرىم راخمان تەبىئەت قاراشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىسىدا: «ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت كۆز قارىشى» ۋە «تەبىئەتنىڭ ئۆزى تەڭرى» دېيىلىدىغان دېئىزملىق ساددا قاراشلىرىدا پۈتۈن كائىنات تۇپراق (توپۇ)، ھاۋا (يەل)، ئوت (ئاتەش)، سۇ (سۇپ) دىن ئىبارەت تۆت ئېلمېنتتىن يارالغان دەپ قارالغان دەپ كۆرسەتتى④. دېمەك، ئەجداتلىرىمىزنىڭ كۆپ خۇدالىق قەدىمكى ئىپتىدائىي قارىشىدا كۆك تەڭرى (ئاسمان، ھاۋا ئىلاھى)، يەر، سۇپ ئىلاھى (ئوماي ئىلاھى)، سۇ تەڭرىسى (سۇ ئىلاھى) ۋە ئوت ئىلاھى (ئاتەش ئىلاھى) ھەممىدىن بۈيۈك ئىلاھلار ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنغان ۋە ئېتىقاد قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت قاراشلىرىنىڭ يادروسى قەدىمكى ئىپتىدائىي دەۋرلەردە شەكىللەنگەن «تۆت ئېلمېنت» قارىشىدىن ئىبارەت، دەپ ئېيتالايمىز.

كۆككە چوقۇنۇش ئەڭ قەدىمكى ئېتىقاد شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئىپتىدائىي ئىنسانلار (ئەجدادلىرىمىز) كۆچۈپ يۈرۈپ تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا ئاسمانغا كۆز سالسىلا كۆرگىلى بولىدىغان كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ دائىم ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ تەبىئىي ھالدا ئۇلارغا چوقۇنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا كۆپكۆك ئاسمان ئىلاھ تۇرىدىغان جاي دەپ قارالغان. قۇياشنى بولسا ئەڭ ئۇلۇغ بىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان. چۈنكى قۇياش ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ۋە ئىسسىق، سوغۇق ئارقىلىق ئۇلارغا تەھدىت سالىدىغان بولغاچقا، ئىنسانلاردا كۈنگە چوقۇنۇش ئادىتى پەيدا بولغان.

كۆك (ئاسمان) غا چوقۇنۇش بۇ قۇياشنى مەركەز قىلغان ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەدىمكى ئەجداتلىرىمىز تەبىئەتكە چوقۇنۇش جەريانىدا، كۈن (قۇياش) نىڭ ھاياتلىقتىكى تەڭداشسىز رولىنى، كۈننىڭ كۈندۈز ۋە ئاپتاپنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، كۈنگە تېۋىنىشكە باشلىغان، ئاينى تۈننى يورۇتقۇچى قۇدرەت، ئاينىڭ تولۇش ۋە كېمىيىش قانۇنىيىتىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ھادىسىنىمۇ بىر كارامەت دەپ قىياس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن كۈن تەڭرى، ئاي تەڭرى دېگەن ئەقىدە پەيدا بولغان «تەڭرى- ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شاماندا «كۆك»، «كائىنات» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ ئىكەن. ئەمما، بۇ كېيىنچە خۇددى ئىسلام دىنىدىكىدەك «ئاللاھ» (ئەرەبچە)، «خۇدا» (پارسچە) مەنىسىدىكى ئىلاھ نامى بولۇپ قالغان»⑤.

ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن يازما يادىكارلىقلاردىكى بايانلار ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بەزى كۆنۈك ـ قائىدىلەر ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئاسمان جىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆككە بولغان ئېتىقادىنى ۋاستىلىك ھالدا ئىسپاتلايدۇ.

1979 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 1980 ـ يىلىنىڭ باشلىرى ئارخېئولوگلار لوپنۇر رايونى كۆنچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، شىمالى قىرغىدىكى جايلار ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى تېبەن دەرياسى ئەتراپىدا بىر تۇركۇم ئەڭ قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىپ تەكشۈرۈپ، ناھايىتى قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى تاپتى. كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن قېزىلغان قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدىن قارىغاندا، كۆچمە قۇم كۆپ بولۇپ، قاتار ياغاچ قوزۇقلار قېقىلغان. ياغاچ قوزۇقلار تەرتىپ بويىچە تىزىلغان بولۇپ، ئوتتۇرىدا يەتتە قات ئېللىپىس شەكىللىك ياغاچ قوزۇق، ئۇنىڭ سىرتىدا تۆت ئەتراپقا نۇر چېچىلىۋاتقان ھالەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قوزۇقلار قېقىلغان، قوزۇقلار يىراقتىن خۇددى نۇر چاقنىتىپ تۇرغان قۇياشقا ئوخشايدۇ. دېمەك، قەبرە ئۈستىگە ياغاچ قوزۇقلارنى قېقىپ، ئۇنى قۇياشنىڭ چاقناپ تۇرغان شەكلىگە كەلتۈرگىنىگە قارىغاندا، ئۇلاردا قۇياشقا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەتنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەجداتلىرىمىز يۇقىرىدىكى ئېتىقاد ئەنئەنىسى بويىچە قەبرە ئۈستىنى نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش شەكلىگە ئوخشىتىپ ياسىغان. «كىروران گۈزىلى» دەپ ئاتالغان 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمكى ئايال جەسەت مانا بۇ كۆنچى دەريا ساھىلىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان. ئارخېئولوگىيىلىك 79LQ2M7 دالا نومۇرى قويۇلغان بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىنىڭ قەدىمكى جەسەتلەر كۆرگەزمىسىدە كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ.

چەرچەن ناھايىسى تاتىراڭ يېزىسى يوغان دۆڭ كەنتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ھازىر ساقلىنىپ قالغان قۇياش شەكىللىك ئىككى قەبرە بولۇپ، قەبرە تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، يۇملاق (چەمبەر) شەكىللىك ئورەك كولاپ، بارماقتەك چوڭلۇقتىكى يۇلغۇن شاخلىرى بىلەن قەبرە ئەتراپىنى قورشاپ، چەمبەر ھاسىل قىلىپ، قەبرە ئۈستىگە يۇلغۇن شاخلىرىنىڭ ئۇچىنى رەتلىك چىقىرىپ، قۇياش شەكلىگە كەلتۈرگەن.

1993 ـ يىلى بۇ جايدىن بىر ئايالنىڭ قۇرۇپ تەبىئىي مۇمىياغا ئايلانغان جەسىتى قېزىۋېلىنىپ، باينغولىن ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىخانىسىغا قويۇلدى. دېمەك، بۇ جايدىكى «قۇياش شەكىللىك قەبرىلەر» بىلەن كۆنچى دەريا ساھىلىدىكى قۇياش شەكىللىك قەبرىستانلىقنىڭ ياسىلىش شەكلى (قۇياش شەكلى) ئۆزئارا ئانچە ئوخشىشىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشاشلا ھەر ئىككى ئورۇندىكى قەبرىلەرگە ياغاچ قوزۇق ۋە يۇلغۇن شاخلىرى بىلەن كۈننىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن. بۇلار ئەينى يىللاردا تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغۇچى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاسمان جىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈنگە، كۆككە بولغان ئېتىقادىنى ۋاستىلىك ھالدا ئىسپاتلىسا كېرەك.

ئىلى ۋادىسى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان قىياتاشلارغا ئويۇلغان توپ ـ توپ رەسىملەر ئىچىدە «○»«⊙» بەلگە (رەسىم) كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ خىل بەلگىلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆك تەڭرىگە، ئۇلۇغ قۇياشقا چوقۇنغانلىقىدىن كەلگەن بولۇپ، ئەجداتلىرىمىز ئۆزلىرى چوقۇنغان ئۇلۇغ قۇياشنى مۇشۇ خىل تەسۋىرىي سەنئەت ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. قىزىقارلىقى، قىياتاشلارغا ئويۇلغان شۇ خىل قۇياشنىڭ سىماسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان رەڭدار ساپال قاچىلاردىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئۇچرايدۇ. ئەجدادلار بۇ خىل نەقىشلەرنى ئەپچىللىك بىلەن رەڭدار ساپال قاچىلارنىڭ قورساق، يۇقىرى قىسمى (ئاغزى) غا سىزىپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلۇغ قۇياشنىڭ رېئال تەسۋىرىنى رەڭدار ساپاللاردىمۇ نامايان قىلغان.

1983 ـ يىلدىن بۇيان ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان خېجىڭ (خاتۇنسۇمبۇل) ناھىيىسىنىڭ شىمالى قارا مۇدۇن رايونىغا تەۋە چابغا جىلغىسى تۆپىلىكىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىپ تەكشۈردى. تۆپىلىكتە ھازىرغىچە ئېنىقلانغان قەبرىلەرنىڭ سانى 2000 دىن ئارتۇق بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تېپىلغان قەدىمكى قەبرىلەر ئىچىدە ئەڭ زىچ قەبرىستانلىق ھېسابلىنىدۇ. قەبرىلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بويىچە قارىغاندا، ئومۇمەن تاش دائىرىلىك «پاسىللىق» قەبرە ۋە تاش دۆۋىلىك قەبرە دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ، تاش دائىرىلىك قەبرىلەرنىڭ يەر ئۈستىدىن قارىغاندا، تاش دائىرە يەنى كىچىكرەك قۇرام تاشلار بىلەن قەبرە بېشىغا

ئېللىپس شەكىللىك (بەزىلىرى چاسا ۋە يۇمىلاق شەكىلدە) بىر قەدەر رەتلىك تاش دائىرە ھاسىل قىلىنغان. چابغا جىلغىسىدىكى قەبرە مەدەنىيىتىدە ئۇلۇغ تىپىك ساپال بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ. ساپال قاچىلاردىن باشقا، ياغاچ تاغاق، ياغاچ ئاياغ، كىچىك بىتۇچ (پىچاق)، ساپال، ئۇرچۇق قاتارلىقلارمۇ بار.

1995 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى شىخۇ ناھىيە بايىنغو چارۋىلىق فېرمىسى يەنسىخەي كەنتىگە جايلاشقان كىچىك يەنسىخەي قەبرىستانلىقىدا قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قېزىش ئېلىپ بارغان، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 95WAMA, 95WAMB, 95WAMC دەپ دالا نومۇرى قويۇلغان قەبرىلەرنىڭ ھەممىسى ھەجمى كىچىكرەك تاش دائىرىلىك قەبرىلەر بولۇپ، يۇمۇلاق شەكىلدە يەر يۈزىگە بىر قەۋەت تاش تىزىپ چىقىلغان⑥.

1985 - يىلى تارغاباتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى بىلەن قوبۇقسار ناھىيىلىك يەرلىك تەزكىرە يېزىش ئىشخانىسى بىرلىشىپ تەكشۈرگەن، قوبۇقسار ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى جالىن تاران قەبرىستانلىقىدىن يۇمۇلاق دائىرىلىك قەبرىلەر (تاش بىلەن دائىرىلەنگەن) تېپىلدى⑦. يۇقىرىقى ئورۇندىكى تاش دائىرىلىك قەبرىلەردىن باشقا يەنى موڭغۇلكۈرەدىكى شوتا يېزىسى، تېكەس ناھىيىنىڭ قارا دالا، مىڭ بۇلاق دېگەن جايلىرىدا كۆپلىگەن تاش دائىرىلىك (پاسىللىق) قەبرىلەر بار. مۇنداق قەبرىلەر يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرى - تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئورقۇن دەرياسى بويلىرىدىن تارتىپ تاكى ئالتاينىڭ چېگرىسى ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى بويىدىكى دۆڭلۈكلەردىن كۆپلەپ تېپىلدى.

بۇ قەبرىلەر ئۈستىدە جۇڭگو ۋە چەتئەل ئارخېئولوگلىرى خېلى بۇرۇنلا تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ھەممىسى بىردەك پىكىرگە كەلگەن ھەم بۇ قەبرىلەرنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىي تەرىپىدە ياشىغۇچى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردىن بىرى بولغان تۈركىي مىللەتلەرنىڭ قەبرىلىرى، دەپ بېكىتكەن.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان تاش دائىرىلىك قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئېھتىماللىق كۆز قارشى مەۋجۇت.

تۈركىيلىك ئەخمەت زەكى ۋەلىدى: «تۈرك ۋە تاتار تارىخى» دا تۈركلەرنىڭ سوقۇش ئىشلىرىغا ھەۋىسى بەك كۈچلۈك ئىدى: ئۇلار قۇربان بولغانلارنىڭ قەبرىلىرىگە شۇ ئۆلگەن كىشى ئۆمرىدە (جەڭ - سوقۇشلاردا) نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ قەبرىسىگە شۇنچە تاشلارنى تىزىپ قوياتتى ياكى تاشقا ئۇنىڭ سوقۇشلاردا كۆرسەتكەن ھەممەتلىرى تۆھپىلىرىنى پۈتۈپ قوياتتى... دەپ يازىدۇ⑧.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، رايونىمىزدىن تېپىلغان تاش دائىرىلىك قەبرىلەر، تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكى ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن يەكۈنلەندى. بۇ تاش دائىرىلىك قەبرىلەرنى زەكى ۋەلىدى بايانلىرى بىلەن يەشكىنىمىزدە، قەبرە ئۈستىگە تىزىلغان تاشلار، ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدا قىلغان جەڭلىرىدە كۆرسەتكەن باتۇرلۇقلىرىنىڭ ئىزناسى بولسا كېرەك.

يەنە بىر خىل ئېھتىماللىق قاراش: تاش دائىرىلىك قەبرىلەرنىڭ يەر ئۈستىدىن قارىغاندا تاش دائىرە - كىچىك قۇرام تاشلار بىلەن قەبرە بېشىغا ئېللىپس شەكىلدە بىر قەدەر رەتلىك تىزىلىپ قۇياش ۋە ياكى كۆك (ئاسمان) غا ئوخشىتىپ ياسالغان. بۇ تاش دائىرىلەر ئەجداتلىرىمىزنىڭ كۆك تەڭرىگە، ئۇلۇغ قۇياشقا چوقۇنغانلىقىدىن كەلگەن بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى چوقۇنغان ئۇلۇغ قۇياش، كۆك (ئاسمان) نى مۇشۇ خىل تەسۋىرلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن بولسا كېرەك.

كۆنچى دەريا ساھىلى، چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلار ۋە نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان قالپاق، دوپپا قاتارلىق باش كىيىملەرنىڭ ئاسمان شەكلىدە بولىشىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاسمان ۋە ئاسمان جىسىملىرىغا بولغان ئېتىقادىنىڭ ئىز - نىشانلىرى جۈملىسىدىن.

بىز يۇقىرىدا ھەر قايسى قەبرىستانلىقلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى، قىيا تاش ۋە ساپال قاچىلارغا سىزىلغان رەسىم، بىر قىسىم يادىكارلىقلاردىن ئىبارەت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلغان ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنغانلىقنى كۆرۈۋالدۇق. تۆۋەندە بىز دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن يازما يادىكارلىقلاردىكى بايانلار ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاسمان جىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆككە بولغان ئېتىقادى ئۈستىدە مۇنازىرلىشىپ باقايلى.

«تارىخنامە» نىڭ «ھۇنلار تەزكىرىسى» دە مۇنداق يېزىلغان: «ھۇن تەڭرىقۇت كەڭرۇ سەھەردە كۈنگە تازىم قىلىپ تىرىكچىلىكنى باشلايدۇ، كەچتە ئايغا تازىم قىلىدۇ»، يەنە: «ئارام ئايدا، ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىسى تەڭرىقۇت كەڭرۇ ئوردىسىنىڭ ئىبادەت ئورنىغا يىغىلىدۇ. 5 - ئايدا ھۇمايۇن (ئەجدىھا - بۆكە) شەھرىگە يىغىلىپ ئاتا - بوۋىلىرىغا، ئاسمان - زېمىنغا، جىن - ئەرۋاھلارغا نەزىر قىلىدۇ» دەپ يېزىلغان.

«جۇنامە» نىڭ «ياتلار دىيارى» بۆلۈمىدە، تۈركلەر توغرىسىدا مۇنداق يازغان: «قاغان ھەمىشە ئۆتۈكەن تېغىدا تۇرىدۇ. خان چېدىرىنىڭ ئىشىكى كۈنپېتىشقا ئېچىلىدۇ، كۈن چىققان تەرەپنى ئۇلۇغلايدۇ. ھەر يىلى ئېسىلزادىلەرنى باشلاپ ئاتا - بوۋىسىنىڭ قەدەم جايىدا نەزىر قىلىدۇ. يەنە 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا باشقىلارنى يىغىپ، كۆكتەڭرىگە تاۋاپ - نەزىر قىلىدۇ»[9].

كېيىنكى چاغلاردا، تارىختا ئۆتكەن قەدىمكى ھۇن، ئۇيسۇن، تۈرك قاغانلىقلىرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر قاغانلىقلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر قاغانلارنىڭ ناملىرى «تەڭرىقۇت»، «كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان» (كۈن تەڭرىدىن ئۇلۇغ بولۇپ تۆرەلگەن كۈچلۈك دانا قاغان). «ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان» (ئاي تەڭرىدىن بەختلىك بولۇپ تۆرەلگەن كۈچلۈك دانا قاغان)، «كۈلتېگىن»، «ئاي تېگىن»، «ئاي تۇران»، «كۈنبېك»، «ئايبېك» ... دەپ ئاتالغان.

دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇرلار قۇياش، ئاي ۋە ئاسمان جىسىملىرىنى ياخشىلىق، بەخت سائادەتنىڭ بەلگىسى دەپ قاراپ كۆككە چوقۇنغان، ئېتىقاد قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن مەدەت تىلىگەن. مەلۇمكى، شامانىزم كۆپ تەڭرىلىك ئىپتىدائىي دىنىي مەدەنىيەت بولۇپ، كۆككە (يەنى كۆك تەڭرىسى ھېسابلانغان ئاسمان، كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىقلارغا)، ئەجداتلارغا، روھ ئەرۋاھلارغا ئاتاپ نەزىر - چىراق ئۆتكۈزۈش شامانىزمنىڭ ئاساسلىق پائالىيەتلىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ھەرقايسى مىللەتلەر ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. جۈملىدىن ئەجدادلىرىمىزمۇ ئىپتىدائىي دەۋرلەردە شامانىزملىق سېھرىي مەدەنىيەت ئېتىقاتىدا بولغان «ئۇيغۇرلار مىلادىيىدىن خېلى بۇرۇنلا ئەڭ دەسلەپ شامان دىنىغا ئېتىقادچىلىقىدا بولغان»[10].

ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە، شامان دىنى بۇنىڭدىن 2500 - 6000 يىللار بۇرۇنقى قوللۇق جەمئىيەت باسقۇچىدا (ئىنسانلار باشلانغۇچ جەمئىيەتتىن سىنىپىي جەمئىيەتكە كۆچۈش ئارىلىقىدا) ئەڭ ئالدى بىلەن ئورال - ئالتاي قەۋملىرى ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن. لوپنۇردىكى كۆنچى دەرياسى بويلىرىدىكى قەبرىلەردىن تېپىلغان بۇنىڭدىن 3800 يىل بۇرۇنقى مەشئەللەر بۇ نۇقتىنىڭ جانلىق ئىسپاتى بولالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شامانىزم ئاساسەن شۇ رايونلار ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلاردا كەڭ تارقالغان. شامان ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇش دەۋرىدە ھاسىل بولغان ئەقىدە - ئېتىقادلىرى مۇجەسسەملەشتۈرۈلۈش ئاساسىدا قامانلار تەرىپىدىن تەرغىپ - دالالەت قىلىنغان كۆپ خۇدالىق دىن. «ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئېتىقاد قىلغان، مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن كېيىن تەدرىجىي مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغان»[11].

ئارخېئولوگ ئابدۇقېيۇم خوجا شامان دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىسىدا: «قامان (شامان) دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئىلاھلىرى - «كۈن تەڭرى»، «ئاي تەڭرى»، «ياشىن»، «ياشىن تەڭرى» (ھۆل - يېغىن ئىلاھى)، «يەل تەڭرى» (شامال - بوران ئىلاھى)، «قۇت تەڭرى» (بەخت ئىلاھى)، «ئوماي» ... قاتارلىق بىر قانچە خىلغا ئايرىلاتتى.» دەپ يازىدۇ[12].

ئىمىن تۇرسۇن ئۆزىنىڭ شامان دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىسىدا: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى - ئىپتىدائىي دىنىنى «شامانلىق» (شامانىزم) دەپ قاراپ كېلىندى. شامانلىق - سېھىرگەرلىك سىستېمىسىدۇر. شامان - كاھىن ۋە سېھىرگەر دېگەنلىكتۇر. «شامان» نىڭ ئەسلى مەنىسى سېھرى قىلغۇچى، ئەرۋەشچى (ئەپسۇنچى) دۇر.»[13] دەپ يازىدۇ.

جۇنەيد بەكرى ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان قەدىمكى شامان دىنى» دېگەن ماقالىسىدا: «شامان» ئەسلىدە «خام - ھام / شام» سۆزىدىن كېلىپ چىققان. قەدىمكى تۈركى تىلىدا «قام - قامان» دېيىلەتتى. مەنىسى ئالدىن بىلگۈچى، پال سالغۇچى، نەزىر - قۇربانلىق باشقۇرغۇچى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى. «شامان - مانجۇ - تونغۇسچە سۆز بولۇپ پىرخونلۇق يەنى (سېھىرگەر، ھېسسىياتچى، داخان، باخشى) دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.»[14] دەپ يازىدۇ.

شامان دىنىدا ئازايىم (ئەپسۇن) ئوقۇپ، جىن - ئالۋاستى (يامان روھ) لارنى قوغلايدۇ. ئۇيغۇر خەلقىدىكى

پىرخونلۇق، داخانلىق ئەنە شۇ شامانلارنىڭ ئەنئەنىسى، ئۇيغۇرلاردا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىپتىدائىي سېھىرگەرلىك قاتارلىق نۇرغۇن ئادەتلەر شامان ئەقىدىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ليۇجىڭشياۋ ئەپەندى ئۆزىنىڭ شامانغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىسىدا: «شامان داخانلىرى ھەممىسى ئۇيغۇر قاغانلىرى ئۈچۈن پال ئېچىپ قاغاننىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى ھەممە قاغاننىڭ سىياسىي ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىدىن بولۇۋېلىپ خاندانلىقتا مۇئەييەن سىياسىي ئورۇن ئىگىلىگەن»[15] دەپ يازىدۇ. دېمەك، بۇلاردىن بىز ئەجدادلىرىمىزدىكى شامانىزم ئېتىقادچىلىقىنى چۈشىنىۋېلىش بىلەن بىرگە، ئۇلاردىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ ھېلىھەم مىللىتىمىز كۆڭلۈك - ئادىتىدە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت ئەھۋال بولۇپ، بۇلار ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئورتاقلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شامانچىلىق كۆپ خۇدالىق دىن بولغاچقا، ھەممە نەرسىدە روھ بار دەپ قارىلىدۇ. بولۇپمۇ شامان ئەقىدىسىدە كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىغا بولغان ئېتىقاد (كۆككە بولغان ئېتىقاد) ناھايىتى گەۋدىلىك.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى يىرىك ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزخاننىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى «ئايخان» بولۇپ، ئوغۇزخاننىڭ كۆك نۇردىن تۆرەلگەن ئايالىدىن بولغان باللىرىغا «كۈن»، «ئاي»، «يۇلتۇز» دېگەن ئىسىملار قويۇلغان[16].

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا يەنە ئوغۇزخاننىڭ چوڭ ئوغۇللىرىنى ئاۋۋال كۈن چىقىشقا بۇيرۇغانلىقى، كۈنگە چوقۇنۇشنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. بۇ خىل ئېتىقاد كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ يەردىكى «كۈن چىقىش» كۈننى (قۇياشنى) تەڭرى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەزەرىدە «كۈن چىقىش» ئەزەلدىن غەلبىنىڭ، بەخت - سائادەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قارالغان.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرى گەرچە ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتكە كىرگەندىن كېيىن يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا شامان دىنىنىڭ كۆك (ئاسمان) مۇقەددەسلىكى ھەققىدىكى پارچىلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن:

مەسىلەن، ئاسمانغا تۈكۈرسە، يۈزگە چۈشۈر (باشقىلارغا يامانلىق قىلساڭ، ئۆزەڭگە يانار دېگەنلىكتۇر)[17].

شامان دىنىدا: «بارلىق ئالەم كۆك تەڭرىنىڭ ئىلكىدە، تەڭرى بىلەن ياخشىلىق ئىلاھى كۆك (ئاسمان) نىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە تۇرىدۇ. تەڭرى ئاتا كۆك ئاسماندىن يارالغان...»[18] دېگەن چۈشەنچىلەر مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

قىسقىسى، كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىغا بولغان ئېتىقاد شامان دىنى دەۋرىدە شەكىللىنىپ، بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە مەلۇم ئېتىقاد ئىزنالىرىنى ساقلاپ كەلگەن. مانا بۇ ئېتىقاد خەلقىمىزنىڭ ئىستېتىك پائالىيىتىگە ئورۇن بەرگەن بولۇپ، مىللىتىمىز ئىچىدە ئېتىقاد ساقىندىسى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار ۋە تارىخىي بايانلار بىزگە ئەجداتلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنقى زامانلاردا ئىپتىدائىي قامان (شامان) دىنى ئېتىقادىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر قاتارلىق قەدىمكى ئاسىيادىكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان باشقا دىنلار (ئاتەشپەرەسلىك ۋە مانى دىنى قاتارلىقلار) نىمۇ قامان (شامان) دىنىي ئېتىقادى ئاساسىدا قوبۇل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھەر قانداق بىر ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ياكى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلغاندا، شۇ خىل مەدەنىيەت ياكى ئېتىقادنىڭ مەلۇم خەلق ياكى مىللەت ئىچىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئىزلىرىدىن دەلىل ئىزدەش - ئىلىم ساھەسىدە بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان نۇقتا.

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىر قەدەر قەدىمىي ئۆرپ - ئادەتلەرگە كەلسەك، ئۇلاردىمۇ ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ روشەن ئىزنالىرى بايقىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بالىلىق دەۋرىدە پەيدا بولغان ئىپتىدائىي دىنلار ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن بىر خىل تەبىئىي خاراكتېرگە ئىگە ئومۇمىي خەلق پائالىيىتى ئىدى. كېيىنچە مۇئەييەن تەرەققىياتلارغا ئەگىشىپ، ئىپتىدائىي دىنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي خەلق خاراكتېرىدىكى مۇھىم دىنىي خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بەزى مۇراسىملىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر خەلق كۆڭۈل - ئادەت ئەنئەنىسى سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلدى. يۇقىرىدا بايان قىلغان كۆك (ئاسمان) غا چوقۇنىشتەك ئىپتىدائىي ئېتىقاد

كۆز قاراشنىڭ بىر مۇنچە ئالامەتلىرى كېيىنكى زامانلاردا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئائىلە - كۇنۇكلىرىگە ئايلىنىپ كەتتى.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن پاكىت ۋە بايانلاردىن مەلۇمكى، يىراق قەدىم زامانلاردىن تارتىپ بىپايان ئاسىيا يايلاقلىرىدا ياشاپ كەلگەن ھۇن، ساق، تۈركلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجداتلىرى مىلادىيەدىن نەچچە يۈز يىل بۇرۇنلا «ئىپتىدائىي مەدەنىيىتى» نى يارىتىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. ھازىرغىچە تېپىلغان ۋە تېپىلىۋاتقان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار، تارىخىي خاتىرىلەر - ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان بۇ تۆھپىلىرىگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى، جۈملىدىن ئۇلار ياراتقان قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە تېخىمۇ بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

ئومۇمەن، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى ياراتقانلار قەدىمدىن مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كېلىۋاتقان قەدىمكى يەرلىك خەلقلەر بولۇپ، ئۇلار كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇرلارنى مەركەز قىلغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئەجداتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

---

ئىزاھاتلار:

① غەنى سايىم: «تارىخىي - ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قاراشلىرىم»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 1- سان 44 - بەت.

⑨، ②، ⑬ ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىن قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 4 - سانى 38 - بەت، 44 - بەت، 45 - بەت.

③ ⑰ ⑫ ⑧ ئابدۇقېيۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىلى 4 - ئاي نەشرى 79 - بەت، 85 - بەت، 245- بەت، 247 - بەت.

④ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 - يىل 8 - ئاي نەشرى 168 - بەت.

⑪⑤ ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىل 4 - ئاي نەشرى 386 - بەت، 392 - بەت.

⑥ توختى تۇراخۇن: «كىچىك يەنسخەيدىكى توپا دۆۋىلىگەنگەن قەبرىستانلىقتا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتىنىڭ دوكلاتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 1 - 2 قوش سان، 48 - بەت.

⑦ غوپۇر ئابدۇللا: «جالىن تاران كەنتىدىكى تاش تاختىلىق قەبرىلەر ۋە قەدىمكى ئىزلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 1- سان، 23 - بەت.

⑩ چېن جۇنمۇ: «مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى توغرىسىدا»، «مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتوتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 1- سان، 37 - بەت (خەنزۇچە).

⑭ جۇنەيد بەكرى: «ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان قەدىمكى شامان دىنى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق 3 - سان، 2 - بەت (ئىچكى ژۇرنال).

⑮ لىيۇ جىژشاۋ: «ئۇيغۇر خاندانلىقى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق 3 - سان، 63 - بەت.

⑯ ئەسەت سۇلايمان: «قومۇل ناخشا - قوشاقلىرىدىن شامان دىنى ئىزنالىرىغا بىر نەزەر»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992- يىللىق 4 - سان.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# دۇنخۇاڭ — تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت بۇددىزم ۋەسىقىلىرى توغرىسىدا

ئابلاجان مۇھەممەت ئۇمىديار    ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى خېلى ئۇزاق تارىخىي مەزگىل جەريانىدا ئۇيغۇر جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەنىۋىي ھاياتى ۋە ئىدىيىۋى قاراشلىرى تارىخىدا بۇددىزم ئۆزىنىڭ غايەت زور تەسىرىنى كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغۇچە بولغان خېلى ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە تارىم بوستانلىقى ۋە تۇرپان ۋادىسى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر ئۆتكىلى بولغانىدى.

«بۇددا» دېگەن بۇ ئاتالغۇ «ئاڭ - سېزىم، ئىدراك، ئەقىل» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ①. بۇددا دىنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىرلەردە ھىندىستاننىڭ شەرقى شىمالىدا بارلىققا كەلگەن. بۇ دىن قەدىمكى ھىندىستاننىڭ ساكيا قەبىلىسى گاۋتاما جەمەتىدىن كېلىپ چىققان سىددىخارتا (سانسكرىتچە مەنىسى: ھەممىگە قادىر دانىشمەن) تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان كۆپ ئىلاھلىق دىنلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئىجاتچىسى بولغان سىددىخارتا زور شۆھرەت قازانغاندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ «ساكيامۇنى» (ساكى قەبىلىلىرىنىڭ دانىشمىنى) دەپ ئاتايدىغان بولۇشقان.

بۇددىزمنىڭ ئاساسلىق تەلىمات ئەقىدىلىرى «تۆت ساتيا»، «سەككىز توغرا يول»، «ئون ئىككى ۋەج» ۋە «نىرۋانا»لارغا مەركەزلەشكەن. بۇددىزم تەلىماتىدا «روھىيەت ئالىمى چەكسىزدۇر. ياخشىلىقنىڭ ھامان ياخشى ھېسابى بولىدۇ. يامانلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتى كۆرۈنىدۇ» دېگەن قاراش ئاساسىدا «ھاياتلىقنىڭ دەۋر قىلىنىشى» ياكى «قايتىلاپ تۇغۇلۇش» پەلسەپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىنسان پەقەت بۇددا تەلىماتىنىڭ يېتەكلىشى ۋە تەسىرىدە ئاخىرى بۇددىباغا ئايلىنىپ ئۆلۈمنىڭ بارلىق ئازاب - كۈلپەتلىرىدىن قۇتۇلالىشى مۇمكىن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭدا، نىرۋاناغا يېتىش غايىسى ئاساسىدا بارلىق ئىنسانىي ھەۋەس ۋە شەخسىي خاھىشلارنى چەكلەپ، توغرا يول ئارقىلىق ئازابلىق دۇنيادىن خالاس تېپىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بۇددا دىنى قەدىمكى ھىندىستاندا پەيدا بولغاندىن كېيىن مۇكەممەللىشىش جەريانىدا ئۆز بېشىدىن تۆت خىل تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن. بىرىنچى، ئىپتىدائىي باسقۇچ. بۇ تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان دەۋر. ئىككىنچى، مەزھەبلەرگە بۆلۈنگەن دەۋرى. بۇ تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن مىلادىيە 1 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى، ھايانا مەزھىپى دەۋرى. بۇ تەخمىنەن مىلادىيە 1 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 7 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقنى كۆرسىتىدۇ. تۆتىنچى مەخپىي مەزھەبلەر دەۋرى. بۇ تەخمىنەن مىلادىيە 7 - ئەسىردىن 12 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقنى كۆرسىتىدۇ②. بۇددىھا ئاتالغۇسى سىددىخارتا (ساكيامۇنى) نىڭ 35 يېشىدا بۇددا تەلىماتىنى يارىتىپ، ئىلاھىيەتچىلىكتە مۇكەممەل ئاڭ سېزىمگە ئېرىشىپ ئەۋلىيالىق مەقامىغا يەتكەندىن كېيىنكى ھۆرمەت نامىنى بىلدۈرىدۇ. تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، سىددىخارتا كېلىپ چىقىش جەھەتتىن ئارىيان نەسىللىك ساك ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇ بۇددا دىنى تەلىماتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەندىن

كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن «ساكيامۇنى» (ساك قەبىلىلىرىنىڭ دانىشمەن ئەۋلىياسى) دەپ ئاتالغان.

بۇددا دىنى ئابستىراكىت ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە تەركى دۇنياچىلىق روھىنى تەشەببۇس قىلىپ، رېئال دۇنيانى «چەكسىز ئازاب ئوقۇبەت بىلەن تولغان پانى ئالەم» دەپ قاراپ، رېئال جەمئىيەتتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ۋە تۇرمۇشتىكى بەزى ناچار ئىشلارغا قارىتا نارازىلىق بىلدۈرۈش، شۇنداقلا ئالەمدىكى جانلىقلارنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش، روھى ئېتىقاد ئارقىلىق جانلىقلارنى نىجاتلىق تېپىشقا ئۈندەش غايىسى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ دىنىي تەلىمات - ئەقىدىلىرىنى بەرپا قىلغان. شۇڭا بۇددىزىم ئىنساننىڭ رېئال دۇنيادىكى ھەر خىل ئازاب ۋە كۈلپەتلەردىن پەقەتلا روھنى پاكلاپ نىرۋانا (مەڭگۈلۈك ھاياتلىق دۇنياسى ياكى جەننەت) غا يەتكەندىلا ئاندىن خالاس تېپىش مۇمكىنچىلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بۇ دىننى ئېينى دەۋردە فېئودال ھۆكۈمرانلار ۋە ئېزىلگۈچى ئەمگەكچىلەر ئامىسىنىڭ ئورتاق غايىسگە ۋەكىللىك قىلغاچقا ناھايىتى تېزلا ئاۋام ئىچىگە تارقىلىپلا قالماستىن بەلكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئارىسىدىمۇ يىلتىز تارتقان. بۇددا دىنىدىكى نىرۋانا ئىبارىسى سانسكرىت تىلىدا «ئۆچمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ تۈرلۈك ئارزۇ - ئىنتىلىشلىرىنى ۋە شەخسى ھاۋايى - ھەۋەستىن خالى بولۇشنى ئۆزلۈك ئاڭدىن تامامەن ۋاز كېچىشنى، ئىنساندىكى پانى دۇنياغا ئائىت شەخسى ئارزۇ - خىياللارنىڭ يوقۇملىشىنى، روھنى پاكلاپ ئىلاھلارغا قوشۇلۇپ، بارلىق ئۈمىتنى كەلگۈسىدىن كۈتۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇددا دىنىنىڭ غەربى يۇرتقا جۇملىدىن تۇرپان رايونىغا تارقىلىشى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ يىپەك يولى مەدەنىيەت ئالاقىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەئىنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى ئاسۇكا (مەشاقە) دەۋرىدە باشلانغان دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. بەزى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئەساقە دەۋرى (مىلادىيەدىن 266 - يىل بۇرۇنقى دەۋردىن مىلادىيە 237 - يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) دە ئۇنىڭ ئوغلى دىھارما ۋاردىھانىڭ كۆسەنگە كەلگەنلىكى مەلۇم. بۇددا دىنى كۆسەندىن سەل كېيىنرەك ئودۇن ۋە تۇرپان رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان. بەزى يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 74 - يىلى كەشمىرلىك مەشھۇر بۇددىست باپرۇتشان ئودۇنغا كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇددا دىنى ئودۇن، تۇرپان كۇچار رلارغا، كېيىن دۇنخۇاڭدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كەڭ تارقالغان. غەربىي يۇرت تەۋەسىدە بۇددا دىنىنىڭ تۇرپان، كۇچار قاتارلىق جايلاردا قالدۇرغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە يازما ۋەسىقىلەردىن قارىغاندا، قەدىمكى تۇرپان بوستانلىقىدا بۇددا دىنى 8 - ئەسىردىن 10 - 11 - ئەسىرلەرگىچە تازا روناق تاپقان. تۇرپان تۇيۇقتىكى تاش غار ئىبادەتخانىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «تۇتۇڭ سەلىنىڭ ئىبادەتخانىنى رېمونت قىلغانلىقى خاتىرىسى» دىكى خەتلەرنىڭ يېزىلىش شەكلى ۋە تىل ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار بىزگە ئۇنىڭ 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئورنىتىلغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بىز قوچو رايونىدا بۇددا دىنى 9 - 10 - ئەسىرلەردە راسا گۈللەنگەن دەپ قارايمىز.

تۇرپان رايونىدا بۇددا ئېتىقادىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى 13 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى قايدۇ ۋەقەسىدىن باشلاپ سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. مىلادىيە 1269 - يىلى چاغاتاي خان ئەۋلادلىرى قۇبلەيخان بىلەن زېمىن تالىشىپ يۈەن سۇلالىسىغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈردى. بۇنىڭ بىلەن قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىن تەۋەلىكى ئۇرۇش ئوتى قاپلىغان جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشتىن كېيىن جىمسارنىڭ غەربىنى ئىگىلىۋالغان چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ مۇسۇلمان قوشۇنلىرى غەلىبە قىلىپ، تەخمىنەن 1275 - يىلى قوچو شەھرى قولدىن كەتتى. قوچو خانى ئۇرۇشتا ئۆلدى. خانلىق تەۋەلىكىدىكى خەلق ھەر تەرەپكە تاراپ كەتتى. ئىگىلىك خاراپلاشتى. ئىجتىمائىي ۋەزىيەت كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىۋاتقان شارائىت ئاستىدا

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ خان جەمەتى نائىلاج شەرققە قاراپ يۆتكىلىپ، گەنسۇنىڭ يۇڭچاڭ دېگەن يېرىگە كۆچۈپ باردى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە بۇددا دىنىنىڭ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ خان جەمەتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ ئىدى. ئەمما قوچو دىيارىدا ئارقا ئارقىدىن يۈز بەرگەن بىر قاتار ۋەقەلەر قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ خان جەمەتىگە تايانغان بۇددا دىنىغا ئىنتايىن ئېغىر زەربە بولدى. بولۇپمۇ كېيىنكى مەزگىللەردە تۇرپان، قومۇل، جىمسار رايونىدا ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ۋە ئىختىلاپلار تېخىمۇ زور دەرىجىدە كەسكىنلىشىپ كەتتى. تەخمىنەن مىلادىيە 1346 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈر خان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى بولدى. بۇ چاغدا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنى چاغاتاي خانلىقى تەركىبىگە كىرگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇددا دىنى بۇ رايوندا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا چەكلىنىپ ئىسلام دىنىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. مىلادىيە 1383 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئوغلى خىزىر خوجا قورغاس ۋە بەشبالىق ئەتراپىدا چاغاتاي خانى بولدى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەردە قوچو رايونىغا قارىتا ئاتالمىش «غازات» يۈرۈشى قىلىپ يەرلىك ئاهالىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى. هەمدە ئۇلار قوچو رايونىنى «دارىلئۇلۇم» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنى ئۆز هاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ، كۈنسېرى زاۋاللىققا يۈز تۇتتى.

يىپەك يولى بۇددىزم مەدەنىيىتى تارىخىدا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنى تۇسگە ئىگە ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئالاهىدە يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. تۇرپان، كۇچار ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى خارابىلەردىن تېپىلغان «ئىككى تېگىننىڭ هېكايىسى»، «ئالتۇن يارۇق»، «مايترى سىمىت»، «ئابىدھارما كۇسا كارىكا»، «چاستانى ئىلىگ بەگ»، «سادىدھارما پونداريكا»، «ئارىيا سەككىز يۈكمەك سۇتراسى»، «پىراجنا پارامىتا سۇترا» قاتارلىق بۇددا دىنىغا دائىر ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە بىر قىسىم خۇراپىي ۋەسىقىلەر ـ نوم ـ سۇترا ياكى نوملارنىڭ تەپسىر ـ شەرھىيلىرى غەربىي يۇرت ۋە قوچو دىيارىدىكى بۇددىزمنىڭ چوڭقۇر تارىخ مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يىپەك يولى مەدەنىيىتى جۇملىدىن غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەرنىڭ بىر قىسمى بولغان قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە بىلىش تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كۇمراجىۋا، خۇيلان، سىكساناندا، ئەنزاڭ، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ، پىرتان راكشىت، يالانداش، چىداي سالى، كارۇناداس قاتارلىقلار شۇنداقلا ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى دانىشمەن ئالىم بىلگە تۇنيۇقۇق ئەۋلادلىرىدىن بولغان يولىن تۆمۈر، بىلگە تۆمۈر، قارا بۇقا قاتارلىقلار ئەينى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇهىم رول ئوينىغۇچى ئالىم مائارىپچى، ئەدىب ياكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىي تەرجىمانلاردىندۇر.

قوچو ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغان مىڭ يىلغا يېقىن تارىخ تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ئېهتىياجى ۋە ئەتراپتىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ تەسىرىدە ئۆزلىرىنىڭ مول مەزمۇنلۇق بۇددىزم مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنى يارىتىپ بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە تەرجىمىچىلىك ساهەسىگىمۇ ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرىپ، سانسكرىت، خەنزۇ، توخرى ۋە تىبەت تىللىرىدىن بۇددا دىنىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان نوم، سۇترا هېكمەتنامە ـ ئۆگۈتنامەلەرنى تەرجىمە قىلىپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئۆزلىرىنىڭ مول تەسەۋۋۇرى ۋە ئىستىتىك غايىلىرىگە ئاساسەن بۇددا نوم ـ دەستۇرلىرىنى جانلىق ۋە قىزىقارلىق رىۋايەت، قىسسە شەكلىدە قايتا ئىجاد قىلىپ چىققان ياكى خېلى كۆپلىگەن نەسرىي ئەسەرلەر ۋە نەزمى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان، شۇڭا قەدىمكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى ئىچىدىكى بەزى دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەر بىلەن دەهرى ۋەسىقىلەر (دىنىدىن خالى يادىكارلىقلار)نى ئېنىق پەرقلەندۈرۈش خېلىلا قىيىن. ھەتتا بەزىدە بۇنداق ئايرىشنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتىمۇ يوق. بىز «ئالتۇن يارۇق»، «ئىككى تېگىننىڭ هېكايىسى» قاتارلىق نەسرىي ئەسەرلەر ياكى «مايترى سىمىت» قا ئوخشاش ئۇيغۇرچە سەهنە

ئەسەرلىرىنى ماكرولۇق جەھەتتىن تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بۇ ئەسەرلەردىكى ئىدىيىۋى خاھىش ۋە ئىستىتىك قاراشلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى بۇددا دىنى نوم- سۇترالىرى بىلەن تامامەن مەنبەداش ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردىكى پەلسەپىۋى ئىدىيە ۋە ئىستىتىك تەشەببۇسلارنىڭ زامان ۋە ماكان چېگرىسى ياكى ژانىر چەكلىمىسىدىن ھالقىغان ھالدا ئىدىيىۋى ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

بۇددا نوملىرى ئادەتتە ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، سۇترا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دىنىي رىۋايەت بويىچە ساكيامۇنىنىڭ ئۆزى ئېيتقان گەپ سۆزلەرنى مەزمۇن قىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ئابدارما ياكى شاسترا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ساكيامۇنى ئېيتقان گەپ - سۆزلەر ھەققىدە ئىزاھ - شەرھىيلەرنى مەزمۇن قىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، ۋىنايا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ راھىبلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەمىر - مەرۇپ، قائىدە- يوسۇنلارنى مەزمۇن قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ tipitaka (تىپىتاكا) دەپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۈچ ئاغىلىق نوم بىتىگلەر» دەپ ئاتالغان. بۇنىڭدىن باشقا، بۇددا نوملىرى ئارىسىدا ناھايىتى نۇرغۇنلىغان ھېكايە - قىسسەلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بەدىئىي قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بۇ ھېكايىلەر جاتاكا (jataka - ئۆز ھاياتى دېگەن مەنىدە) ۋە ئاۋادانا (avadana تەمسىللەر، تەمسىل قىلىش دېگەن مەنىدە) دېگەن ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭدىكى جاتاكا قىسمىدا ساكيامۇنىنىڭ ئاۋالقى ھاياتىدىكى ئىش - ئىزلىرى بايان قىلىنىدۇ. ئاۋادانا قىسمىدا بولسا ساكيامونى ۋەز - نەسىھەت ئوقۇغان چاغدا كەلتۈرگەن تەمسىللەر ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇددىزم دەۋرىدىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇددا بورھانلىرىغا بولغان ھۆرمەت ساداقىتىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئەينى دەۋردە ساۋابلىق ئىش دەپ قارالغان بۇددا نوم - سۇترالىرىنى كۆچۈرۈپ چىقىش بۇددا دىنى ھېكايە قىسسىلىرى ياكى باشقا ئەدەبىي ۋە دېداكتىك ئەسەرلەرنى، مەدھىيەنامىلەرنى يېزىش ھەمدە ئۇلارنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش («مايترى سىمىت» نىڭ «يۇكۇنچ بۆلۈمى» ۋە «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئىزاھاتلىق ئېپىزوتلىرىدا بۇنىڭغا ئائىت ئۇچۇرلار بار) قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشقان. بۇددا نوم - سوترالىرى ۋە بۇددا دىنى مۇھىتىدىكى ئەدەبىي ۋە دېداكتىك ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش ئەينى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخى، پەلسە، مەدەنىيىتى، تىل - يېزىقى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. بۇ ساھەدە مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى تىل تەتقىقاتچىسى، ئالىملىرىدىن گېڭ شىمىن، ئىسراپىل يۈسۈپ، تۇرسۇن ئايۇپ، ياڭ فۇشۆ نيۇ رۇجى قاتارلىقلار ھەمدە ياپونىيە ۋە غەربتىكى باشقا دۆلەت ئالىملىرى ئاز بولمىغان تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. بىز تۆۋەندە بۇددىزمغا ئائىت ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقات ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ئۇيغۇرچە بۇددىزم ۋەسىقىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز. ھەر خىل ۋە ئىجتىمائى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇددا دىنىغا ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنىڭ ئەسلىي تېكىستى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى قاتارلىقلارنى ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدۇق. ئىلگىرىكىلەرنىڭ تارقاق - ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىنى يىغىنچاقلاش ۋە مەركەزلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بۇ تەتقىقاتىمىز كەلگۈسى ئۇيغۇر ۋەسىقەشۇناسلىقى ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مەلۇم تۈرتكە بولۇپ قالىدىغانلىقى شەكسىز.

## *I. ئارىيائاپارمىتايۇر سۇترا*

بۇ يادىكارلىقنىڭ ئۇيغۇرچە نامى «تەڭرى بۇرخان يارغىلچامىش ئۆلۈگىز چولۇقىز ياشار نومى» دەپ ئاتالغان. بۇددا دىنىغا ئائىت بۇ يادىكارلىقنىڭ ھازىرغىچە بىر نەچچە خىل نۇسخىسى تېپىلغان. بۇنىڭ بىرى ئۇيغۇرچە ياغاچ مەنبە نۇسخىسى بولۇپ، بۇ 1980 - يىلى تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيىدىن تېپىلغان. ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ ئۈچ ۋاراقلىق نۇسخىسى ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېيدا T .B .I: 59680 دېگەن نومۇردا ساقلىنىپ

كەلمەكتە. ئۇ 28 X 10 سانتىمېتىر ھەجىمدىكى قەغەزگە يېزىلغان. تېكستتە قىسمەن توخرىچە سۆزلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ ھال ئەسەرنىڭ توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان يەنە بىر نۇسخىسى بار بولۇپ، ئۇ ھازىر Or 8212 ـ 121 نومۇرلۇق ئارخىپ ئاساسىدا لوندوندىكى بۈيۈك بېرتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 28 سانتىمېتىر ئېگىزلىكى 21 سانتىمېتىر بولۇپ، ھەر يۈزىگە 39 قۇر خەت يېزىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ قاچان تەرجىمە قىلىنغانلىقى نامەلۇم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ 9 ـ 11 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا يېزىلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. فرانسىيىلىك ج. ھاملتون ئەپەندى ئۆزىنىڭ «9 ـ 11 ـ ئەسىرلەردىكى دۇنخۇاڭ» ناملىق ئەسىرىدە بۇ يادىكارلىقنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى ئېلان قىلغان. ئەسەرنىڭ مۇشۇ نۇسخىسىغا ئاساسەن ياك فۇشۇ ۋە نيۇ رۇجىلار بۇ يادىكارلىق ھەققىدە تەرجىمە ۋە شەرھى خاراكتېرلىك ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارغان.

## ئامىتا يۇردىيانا سۇترا

«ئامىتا يۇردىيانا سۇترا» بۇددىزمنىڭ كىرسىز پاك ئورۇن مەزھىپى (ئامىتا يۇردىيانا سۇترا) (ئامىتا سۇترا) (ئامىتابا سۇترا) لارنى ئۆزىنىڭ مۇھىم نوم دەستۇرى قىلغان). 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيىنىڭ تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئامىتا يۇردىيان سۇترا» نىڭ 5 ۋارىقى بىلەن «ئامىتابا سۇترا» نىڭ بىر ۋارىقى ئىككىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا (1904 ـ 1905 ـ يىللاردا) تۇرپاننىڭ سىڭگىم دېگەن يېرىدىن ئېلىپ كەتكەن. 1980 ـ يىلى تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيىدىن ئۇيغۇرچە ياغاچ مەتبەئەلىك «ئاپارىمىتا يۇر سۇترا» (قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ئامىتائايۇسى سۇترا» دەپ يېزىلغان) نىڭ 3 ـ بېتى تېپىلغان بولۇپ، بۇ تولۇقسىز يادىكارلىق ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلانماقتا. ھازىر قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئامىتا يۇردىيانا سۇترا» نىڭ ئۈچ خىل شەكلىدىكى نۇسخىسى بارلىقى مەلۇم. بۇ ئەسەرنىڭ تولۇقسىز نۇسخىلىرىنى گېرمانىيىنىڭ 2 ـ، 3 ـ قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاننىڭ سىڭگىم ۋە مۇرتۇقلاردىن تېپىپ ئېلىپ كەتكەن. ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ر. رەھمەتى ئارات (1900 ـ 1964) بۇ ئەسەرنىڭ گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان پارچىلىرىنى ئۆزىنىڭ «ئېسكى تۈرك شېئىرلىرى» (ئەنقەرە 1965 ـ يىل) دېگەن ئەسىرىدە ئېلان قىلغان. لېكىن بۇ شېئىرىي ئەسەرنىڭ بۇددا نومىغا تەۋە ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بەرمىگەن.

سانسكرىت تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇ ئەسەرنىڭ يەنە بىر تولۇقسىز نۇسخىسى (ياك فۇشۇ ئەپەندى بۇ يادىكارلىقنى سانسكرىتچىسىدىن تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارىغان) ياپونىيىدە ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇنى ياپونىيىلىك جۇرۇيچاۋ ئەپەندى تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن ۋە ئۇنى 1912 ـ يىلى ئېلان قىلغان. گېرمانىيىلىك پېتر تېسمى بېرلىندىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ماتېرىياللار مۇندەرىجىسى، ياپونچە كىرىش سۆز 3 ـ باب) ئەسەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بىلەن ياپونچە ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتى، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ـ ياپونچە سېلىشتۇرما سۆزلۈك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستىنىڭ فوتو سۈرىتى بېرىلگەن. بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە ياغاچ باسمىدا بېسىلغان بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىنىڭ بېيجىڭ ۋە چاڭجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار ۋە گەنجۇ (ھازىرقى گەنسۇنىڭ جىياڭيې شەھىرى) قاتارلىق جايلاردا بېسىلغانلىقىغا مىسال كەلتۈرۈلۈپ، بۇ ئەسەرنىڭ باسما سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئەسەرنى خەنزۇچىدىن شېرىي ئىجادىي تەرجىمە قىلغان، كى كى (1295 ـ 1345) نىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە مەمۇرى ئەمەلدار بولۇپ بېيجىڭدا تۇرغانلىقى ۋە 1328 ـ يىلىدىن 1344 ـ يىلىغىچە چاڭ جياڭنىڭ جەنۇبىدا تۇرغانلىقى قاتارلىقلارغا ئاساسەن بۇ ئەسەرنى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بېيجىڭ ياكى چاڭ جاڭنىڭ جەنۇبىدىكى مەلۇم جايدا بېسىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان. ئەسەرنىڭ تېكىستىدە مۇنداق قۇرلار بار: «ئۇلۇغ ئاق نىلۇفەر مەزھىبى دەپ ئاتىلىدىغان، مەھايانا

(مەزھەپكە خاس) نومنىڭ ئىچىدىن تاللاپ يىغىپ، مەن كى كى شېئىر شەكلىگە كەلتۈردۈم. ئابىتا تەڭرى بۇرخاننى ھۆرمەت بىلەن سېغىنىپ ياد ئېتىشنى، سۈكۈتتە ئولتۇرۇش (يەنى) ديانىنى ئىستىقامەت قىلىشنى ئېيتاي ۋە سۆزلەپ بېرەي».

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 143 ـ جىلد «كى كى تەزكىرىسى» دە كى كىنىڭ كۆپ جەھەتتىن بىلىم ئالغان ئىقتىدارلىق ئادەم ئىكەنلىكى، مۇلكى ئەمەلدار بولۇپ ئىچكىرى رايوندا خىزمەت قىلغانلىقى، ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاڭقىل قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى خاتىرىلەنگەن.

«ئامىتا يۇردىيانا سۇترا» قەدىمكى ئۇيغۇرچە باش قاپىيىلىك شېئىرىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەپسانە، رىۋايەتلەر ئارقىلىق ئامىتابا بۇددانىڭ ئىنتايىن راھەت، كىرسىز، پاك دۇنيا ئەقىدىسى تەرغىپ قىلىنغان. كىشىلەر ئامىتابا بۇرخانغا چىن كۆڭلىدىن سېغىنسا ياكى ئۇنىڭ نامىنى يادلاپ تىۋىنسا ئۇنىڭ گۇناھى تۈگەپ، ئۆلگەندىن كېيىن راھەت ـ پاراغەت دۇنياسىدا قايتا تۆرىلىدىغانلىقى ئەقىدىسى تەشۋىق قىلىنغان. «ئامىتا يۇردىيانا سۇترا» نى ئارخېئولوگىيە ئالىمى، قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقاتچىسى ئىسراپىل يۈسۈپ نەشرگە تەييارلاپ ئۇنىڭ بىر قىسمىنى «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1990 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلغان.

## *ئامىتا سۇترا*

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ يادىكارلىقنىڭ 25 ۋارىقى ھازىر بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ ئەسەرنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، پ. تېسىمى ئەپەندى ئۇنى 1985 ـ يىلى نېمىسچە تەرجىمىسى بىلەن بىرگە ئېلان قىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ ياپونىيىدىمۇ بىر قىسىم پارچىلىرى ساقلانغان بولۇپ، چۇن رىجىنچىڭ ئەپەندى 1954 ـ يىلى بۇ ھەقتە ياپونىيىدىكى «بۇددا مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا مەلۇمات بەرگەن.

## *سادھارما پونداريكا سۇترا*

بۇددا دىنىنىڭ مۇھىم ئەقىدىلىرى بايان قىلىنغان. بۇ ۋەسىقىنىڭ خەنزۇچە نامى (法华经) بولۇپ، ئۇ بۇددا دىنىنىڭ ھەنايانا مەزھىپىگە ئائىت مۇھىم كىلاسسىك ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر تارىختا ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ جەمئىي 8 قېتىم خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ۋەسىقە بەزىدە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئەينەن ئاتالماي «ھېكمەتلىك نىلۇفەر سۇترىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىلادىيە 286 ـ يىلى بۇددا نوملىرى تەرجىمانى جۇفاخۇ تەرجىمە قىلغان (正法华经) نىڭ 10 ـ جىلدىدىن تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئەسەر كۇسەنلىك ئۇيغۇر بۇددىست ئالىم كومراجىۋا مىلادىيە 406 ـ يىلى تەرجىمە قىلغان (妙法莲华经) ئۇيغۇرچە نامى «ۋاپ خۋاكى نوم چېچەك ئاتلىغ نوم» نىڭ 7 ـ جىلد 28 ـ بۆلىمىگە كىرگۈزۈلگەن.

ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان بۇ ۋەسىقىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرى جەمئىي 10 پارچىغا يېتىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، بۇ يادىكارلىق ھەققىدە ياڭ فۇشۆ ئەپەندى «湿密» ژۇرنىلىنىڭ 1995 يىللىق 1 ـ سانىدا ئۆزىنىڭ تەتقىقات ماقالىسىنى ئېلان قىلغان.

## *ئارىيا سەككىز يۈكمەك يارۇق*

ئۇيغۇرچە بۇددىزم ۋەسىقىلىرىنىڭ بىرى، بۇ ئەسەر «بۇددىزمدىكى ئاسمان ـ زېمىننىڭ سەككىز يورۇقلۇق ئىلاھى توغرىسىدىكى ئەپسۇن سۇترىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۇترا ھازىرغىچە تېپىلغان ئۇيغۇرچە بۇددا نوم ـ سۇتلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

بۇ يادىكارلىقنى ئالىملار بۈگۈنگىچە مەلۇم بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددىزم يادىكارلىقلىرى ئىچىدە بىر قەدەر تولۇق بولغان ۋە سالماق ئورۇننى ئىگىلەيدىغان ئەسەر دەپ قاراپ كەلمەكتە. بۇ يادىكارلىقنىڭ ھەرقايسى نۇسخىلىرى ھازىر لوندۇن، بېيجىڭ، سانكىت پېتربورگ، بېرلىن ۋە ياپونىيىنىڭ بىر قىسىم شەھەرلىرىدە ساقلانغان ھەر خىل نۇسخىلىرى بار. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ۋ. بانگ ۋە گابائىن خانىملار بۇ ئەسەرنىڭ بېرلىندا

ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى ئاساسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ بۇ يادىكارلىقنىڭ 72 خىل ئوخشاش بولمىغان نۇسخىسىنىڭ بارلىقىنى قەيت قىلغان. ياپونىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس ئۇدا جودىن بۇ يادىكارلىقنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، ئۇنى ئۈچ باسقۇچلۇق تەرەققىيات جەريانىغا ئىگە دەپ قارىغان. بىرىنچى باسقۇچتا، بۇ يادىكارلىق مانى دىنىنىڭ تەسىرىگە قويۇق ئۇچرىغان. كېيىنكى يېزىلغان نۇسخىسى ئىلگىرىكىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىران ئوتپەرەسلىك ئېتىقادىنىڭ تەسىرىدىن يىراقلاشقان. بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخا. بۇ يادىكارلىق ئىلگىرىكى نومۇرى hC .0013. ھازىرقى تۈرگە ئايرىلغان نومۇرى 104 ـ Ro 8212 دا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇزۇنلىقى 24.9 چىسى كېلىدىغان قول يازمىنىڭ باش قىسمى تولۇق ئەمەس. ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىق تېكىستى 664 قۇر بولۇپ، ھازىرغىچە مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلگەن، بۇ نۇسخا 10 ـ 11 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە. بۇ يادىكارلىقنىڭ مۇشۇ نۇسخىسى ۋ. بانگ، فون گابائىن ۋە رەشىد رەھمەتى ئاراتلار 1934 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «قەدىمكى تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» ناملىق ئەسىردە ھۇنگىرىيىلىك ل. لىگىتى 1971 ـ يىلى بۇداپېشتتا ئېلان قىلدۇرغان. 2) ياپونىيە رىيوكوكۇ (لۇڭگۇ) ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلانغان نۇسخا. بۇ ياپونىيىلىك جۇرۇيىچاۋ تۇرپاننىڭ يارغول قەدىمىي شەھىرىگە يېقىن جايدىن بايقاپ ئېلىپ كەتكەن يادىكارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ باش قىسمى تولۇق ئەمەس، قېپقالغان قىسمىنىڭ تېكىستىدە جەمئىي 405 قۇر خەت بار. بۇ نۇسخىنى ياپونىيىلىك خانېدا تورو ئەپەندى تەتقىق قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى سەككىز يۈكمەك» ناملىق ماقالىسى 1975 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. «يۇ تيەنخېڭ دوكتورنىڭ تارىخشۇناسلىققا ئائىت ماقالىلىرى» ناملىق كىتابقا فوتو نۇسخا بويىچە كىرگۈزۈلگەن. 3) ئىبىن يۈەنشىنىڭ «غەربىي يۇرتىنىڭ خەرىتىلىك شەجەرىسى» دە خاتىرىلەنگەن نۇسخا. بۇ قولىيازما تولۇقسىز نۇسخا بولۇپ، ئۇنىڭ ھەجمى پەقەت 84 قۇردىن كەركىپ تاپقان. 4) ياپونىيىلىك ئوتانى ساقلىغان نۇسخا. بۇمۇ بىر تولۇقسىز نۇسخا بولۇپ، تېكىستى 21 قۇردىن ئىبارەت. بۇنىمۇ يۇنىيەنخېڭ (خانېدا تورو) تەتقىق قىلغان. 5) سانكتپېتربورگدا ساقلانغان نۇسخا. بۇ نۇسخىنى رۇسىيىلىك ن. كىروتكوۋ N. Krotkov تۇرپاندىن قولغا چۈشۈرگەن بولۇپ، تېكىستى 21 قۇر قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. ئۇنى ۋ. رادلوۋ تەتقىق قىلىپ 1911 ـ يىلى سانكت پېتربورگدا ئېلان قىلغان. 6) سانكتپېتر بورگدا ساقلانغان 2 ـ ، 3 ـ نۇسخىلىرى. 7) ياپونىيە رىيوكو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلانغان نۇسخا. بۇ بىر شېئىر شەكىللىك قولىيازما نۇسخا بولۇپ، ئالتە ۋاراقتىن ئىبارەت. بۇنى ياپونىيىلىك يامادا نوبۇئو (山田信夫) ئەپەندى تەتقىق قىلىپ «شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1958 ـ يىللىق 40 ـ جىلد 4 ـ سانىدا ئېلان قىلغان. 8) ياپونىيە رىيۇكو (لۇڭگۇ) ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى كەمتۈك نۇسخا. بۇ نۇسخىنى ياپونىيىدە ئۇدا جوتېن ئەپەندى تەتقىق قىلغان. 9) توكيودىكى جوڭ سۈن بوجىدا ساقلانغان نۇسخا، بۇمۇ تولۇقسىز نۇسخا بولۇپ، ياپونىيىلىك شۇگايتۇ ماساھىرو ئەپەندى بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىنى «شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1979 يىللىق 62 ـ سانىدا ئېلان قىلغان. 10) توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلانغان يەنە بىر كەمتۈك نۇسخا. بۇ چاپ قىلىنغان بىر نۇسخا بولۇپ، ئۇنىڭدا پەقەت بىر ۋاراق سەككىز قۇرلا خەت بار. بۇ يادىكارلىق 4415 ـ otry 1539 نومۇردا ساقلانماقتا. بۇ نۇسخىنى خانېدا تورو ۋە يامادا نوبۇ قاتارلىقلار 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا «ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ تىزىملىكى» دىن كۆرۈپ ئۆزلىرىنىڭ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدە 1961 ـ يىلى ئېلان قىلغان. 11) بېيجىڭ نۇسخىسى. بۇ نۇسخىنى غەربىي شىمالنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى 1929 ـ يىلى تۇرپاندىن تاپقان بولۇپ، بۇنىڭدىن ھازىر ئۈچ ۋاراق (7 بەت)

ساقلىنىپ قالغان. بۇ يادىكارلىقنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» دە (1954 - يىل) ئېلان قىلدۇرغاندىن كېيىن، فېڭ جياشېڭ ئەپەندى تەتقىق قىلىپ «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا نوملىرىغا قوشقان تۆھپىسى» ناملىق ماقالىسىنى 1955 - يىلى «ئارخېئولوگىيە ژۇرنىلى» نىڭ 9 - سانىدا ئېلان قىلدۇرغان. بۇ ماقالە كېيىن «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 - يىلى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) ۋە «فېڭ جياشېڭنىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانمىلار» (بېيجىڭ. جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1987 - يىل) ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلىنغان.⑫ سانكىت پېتربورگدا ساقلانغان رادلوۋ تەتقىق قىلغان نۇسخا. بۇ نۇسخىنىڭ پەقەت 40 قۇرىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ نۇسخىنى ۋ. رادلوۋ 1899 - يىلى تەتقىق قىلغان⑬. ئۈرۈمچىدە ساقلانغان نۇسخا. بۇ يادىكارلىق پەقەت بىر ۋاراق بولۇپ، بۇ بىر ۋاراقنىڭ ئىككى تەرىپىگە يېزىلغان. ئالدى تەرەپكە 13 قۇر، ئارقا تەرەپكە بىر قۇر خەت يېزىلغان. بۇ نۇسخىنى قاھار بارات ئەپەندى تەتقىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ «سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ۋە سەككىز يۈكمەك» ناملىق ماقالىسىنى 1990 - يىلى ئېلان قىلدۇرغان. يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ ئەسەرنىڭ ھەرقايسى جايلاردا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلار تەخمىنەن 186 پارچىغا يېتىدۇ. بۇلارنىڭ بىز تونۇشتۇرغان① ۋە ③ نۇسخىلىرى بىر قەدەر مۇكەممەل بولۇپ، بۇلارنىڭ تېكىستى 400 قۇردىن ئارتۇق.

## *كۇئانشى ئىم پۇسار*

«كۇئانشى ئىم پۇسار» ئاۋالىكتېسۇۋارا دەپ ئالاھىدە ھۆرمەتلىنىدىغان مېھىر - شەپقەتلىك ئايال قىياپەتلىك بۇددىساتۋا بولۇپ، ئۇ قەدىمكى بۇددا ئەقىدىسىدە ئاۋامنىڭ زارىنى ئاڭلىغۇچى، خالايىقنىڭ ھالىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى شەپقەت مۇئەككىلى دەپ قارالغان. ئۇنىڭ بۇددىزىم سەنئىتىدە تەسۋىرلىنىش شەكلى 36 خىل ئۆزگىرىش ۋە 12 خىل مۇشكۈلاتنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا يارىشا ئۇ مىڭ كۆز ۋە مىڭ قوللۇق قىلىنىپ ئاق كىيىم كىيگەن ھالەتتە تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ خىل تەسۋىرلەر دىيارىمىزدىكى تاش كېمىر مىڭئۆيلەردە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرچە «كۇانشى ئىم پۇسار» ناملىق يادىكارلىق خەنزۇچە 《观世音菩萨》نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بۇ ئەسلىدە (妙法莲华经) «ۋاپ خۇاكى نوم چەچەك ئاتلىغ سۇدۇر» ناملىق بۇددا نومىنىڭ 25 - بابىدۇر. بۇ ئەسەر تەخمىنەن 13 - ئەسىردە دراماروۇچى سەلى ئىسىملىك راھىبنىڭ ھاۋالىسى بىلەن نامەلۇم بىر ئۇيغۇر تەرجىمان تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. مىڭ قوللۇق قىلىنىپ، ئاق كىيىم كىيگەن ھالدا تەسۋىرلىنىدۇ. «تاش كېمىر» 219 - بەت. بۇ يادىكارلىقنىڭ ھازىرغىچە تۇرپاندىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە تۆت پارچە نۇسخىسى تېپىلدى. رۇسىيىلىك دياكوۋ تۇرپاندىن قولغا چۈشۈرگەن ئەڭ تولۇق نۇسخىسى (A نۇسخا) لېنىنگرادتا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇ نۇسخا 224 قۇر بولۇپ، ئۇنى رادلوۋ 1911 - يىلى سانكىت پېتربورگدا ئۇيغۇرچە مەتبە ھەرپلىرى بىلەن تىزىپ گېرمانچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدۇرغان. ئىككىنچىسى بېرلىندا (B نۇسخا) بولۇپ، گېرمانىيىلىك مۇللىر 1910 - يىلى ئۇنى تەرجىمە قىلىپ «ئۇيغۇرشۇناسلىق» (uigurica) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرغان. بۇ نۇسخىسىنىڭ ھەجمى 66 قۇر، ئەسەرنىڭ ئۈچىنچىسى، (C نۇسخا) ۋە تۆتىنچىسى، (D نۇسخىلىرى) ۋارىيانتلىرى گېرمانىيە مەينىز (manz) پەن - ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. تۈركىيىلىك سىبانىسى تېگىن بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ باشقا ئۈچ خىل نۇسخىلىرىغا سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئىشلەپ چىققان ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستىنى 1993 - يىلى تۈركىيىنىڭ ئەنقەرەدە ئېلان قىلدۇرغان. ئەسەرنىڭ سىناسى تېگىن ئىشلىگەن نۇسخىسى ئاساسىدا ئا. تۇردى 1994 - يىلى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» نىڭ 2 - سانىدا ئېلان قىلغان. «كۇانشى ئىم پۇسار» خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نومى بولۇپ، بۇددا

دىنى ئەقىدىسىدىكى دۇنيادىكى ھەر بىر ئاۋاز تىۋىشىنى ئاڭلىيالايدىغان ۋە ئۇنى كۆزىتىپ يۈرگۈچى ئىلاھ مەبۇد ھەققىدىكى تەلىماتلار بايان قىلىنغان دىنى ۋەسىقىدۇر. بۇ ۋەسىقىنىڭ دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئىككى خىل نۇسخىسى بار، بۇنىڭ بىرى ھازىر ستوكھولمدىكى شۋىتسىيە ئېتنوگرافىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بىر ۋاراقلىق نۇسخا (بۇ نۇسخىنى شۋىتسىيىلىك . بېرگمان دۇنخۇاڭدىن قولغا چۈشۈرگەن ئىككى بەت). يەنە بىرى ياپونىيىلىك خانېدا تورو (يۈتېەنخېڭ) ئەپەندى ساقلىغان سۈرەتكە ئېلىنغان 68 بەتلىك نۇسخىدىن ئىبارەت. ئەسلى مەنبەئى ۋە تېپىلغان ۋاقتى ئېنىق بولمىغان بۇ نۇسخا جەمئىي 35 ۋاراق 70 بەت بولۇپ، كۆچۈرۈپ يېزىلغان قەغەزنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى 30.2 × 14 سانتىمېتىر. ئۇنىڭ ھەر بىر بەت يۈزىگە 8 ～ 13 قۇر خەت يېزىلغان. گېكىڭ شىمىننىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان بۇ ۋەسىقىلەر قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە تەۋە يادىكارلىقتۇر. ياپونىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس كوداراكوگى ئەپەندى 1983 - يىلى بۇ يادىكارلىقنىڭ تۆت ۋارىقىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنى «ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىدا ئېلان قىلغان. گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتىمۇ شىنجاڭدا ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا تۇرپاندىن بۇ يادىكارلىقنىڭ ئوخشاش بولمىغان تولۇقسىز پارچىلىرىنى ئېلىپ كەتكەن. 1931 - يىلى گېرمانىيىلىك ۋ. بانگى ۋە گابائىنلار «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى تۈركىي يادىكارلىقلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 4 - تومىدا بۇلار ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. فرانسىيىلىك پ. پېللىئوت قولغا چۈشۈرۈپ ھازىر پارىژدا ساقلاۋاتقان، ئەمما نومۇر سېلىنمىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە پارچە - پۇرات قوليازمىلار ئىچىدە ئالتە ۋاراق مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يادىكارلىقلار بار. تەتقىقاتچىلار بۇ نۇسخىلارنىڭ ھەممىسىنى بىر قوليازمىنىڭ ياكى بىر ئەسەرنىڭ پارچىلىرى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىشىدۇ.

## مەھاپارى نىرۋانا سۇترانىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە فراگمېنتلىرى

«مەھاپارى نىرۋانا سۇترا» ( mahapari nirvanasuta) خەنزۇچىدە ئادەتتە قىسقارتىلىپ (涅经) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەھايانا ۋە ھىنايانا تەۋە خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىلىرى ناھايىتى كۆپ. بۇ يادىكارلىقتا «بورھان (بۇددا ئىلاھى) ئەتئوزى ھەر ۋاقىت مەۋجۇت، بارلىق جانلىقلاردا بۇددا تەبىئىتى مەۋجۇت» دېگەن بۇددا دىنىنىڭ مەھايانا ئەقىدىسى مەركىزىي مەزمۇن قىلىنغان. مەھايانا «مەھايارى نىرۋانا سۇترا» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ كەمتۈك ۋارىقى 1978 - يىلى تۇرپاننىڭ مۇرتۇق يېزىسى تەۋەسىدىن تېپىلغان. فورماتى 23 × 19 سانتىمېتىر، بۇ كەمتۈك ۋاراقتىكى خەتلەر ھەر بەتنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپتىن تەڭ بوش ئورۇن قويۇلۇپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە سىزىلغان ئىنچىكە قىزىل سىزىقلار ئارىسىغا ئوڭدىن سولغا توغرىسىغا قارىتىپ يېزىلغان. گېرمانىيىلىك ئالىم پېتېر تېسمى «مەھاپارى نىرۋانا سۇترا تۇرپاندىن تېپىلغان تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ فراگرامېنتلىرى» ناملىق ماقالىسىدا مەزكۇر سۇترانىڭ بېرلىن دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىنىڭ «پرۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇرپاندىن يىغىۋېلىنغان بۇيۇملار بۆلۈمى» دە ساقلىنىۋاتقان Tm137 Fragment 2 نومۇرلۇق كەمتۈك ۋارىقى بىلەن بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇرپاندىن يىغىۋالغان قول يازمىلار بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان Fragment2:u2065 نومۇرلۇق كەمتۈك ۋارىقىنى تونۇشتۇرغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ ئەسەر ئەينى زاماندا بۇددىست ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. بۇ ۋەسىقە «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

## ئىنساندى سۇترا

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (840 - 1369) دەۋرىگە ئائىت بۇ نومىنىڭ تولۇق نامى «ئارباتىراتا بۇددا ماتىرىكا - ۋىمساتى - پوگا - ستۇرا سۇترا» بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى بۇددا نوملىرى تەرجىمانى قوچولۇق ئەنزاڭ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان. بۇ نومنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ پارچىلىرىنى

گېرمانىيە ئۈچىنچى قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇرپاندىن تاپقان. ئۇلار ھازىر بېرلىندا TIII281 (U3883) لىق نومۇردا ساقلانماقتا. بۇلارنى گ. قارا ۋە ت. زىممىلار 1976 — 1990 يىللىرى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان. بۇ نومىنىڭ يەنە بىر پارچە كىتابچە شەكىللىك ئۇيغۇرچە ياغاچ مەتبە نۇسخىسىنىڭ فراگمېنتلىرى ھازىر بېيجىڭدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ ۋەسىقىنىڭ ئۇزۇنلىقى 93.3 سانتىمېتىر. 9 بەت قىلىپ قاتلام تۈرمەللەنگەن. ئۇنىڭدا جەمئىي 70 قۇر خەت بار. (ئەڭ ئاخىرقى ۋارىقى بوش) بۇ يادىكارلىقنى گېڭ شىمىن تەتقىق قىلىپ تۈركولوگىيە تەتقىقات ژۇرنىلىنىڭ II 1979 - يىللىق 3 - سانى ۋە «مىللەتلەر تىل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 3 - سانىدا خەنزۇچە ئېلان قىلغان.

### پاراميتا سۇترا

بۇ ۋەسىقە قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستىدە «كىمقوقى ئاتلىغ سۇترا» دەپ ئاتالغان. بۇ يادىكارلىقنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تولۇقسىز نۇسخىلىرى 10 خىلغا يېتىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسى پەقەت بىر ۋاراقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېيىدا T: bi: 598 لىق نومۇردا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھەجمى 20.5 دە 10 سانتىمېتىردىن چوڭلۇقتىكى قەغەزگە يېزىلغان بولۇپ، 1980 - يىلى تۇرپاندىكى بىزەكلىك غاردىن بايقالغان. بۇنىڭدىن سەككىز قۇر خەت ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى ئامېرىكىنىڭ پىرىستون شەھىرىدىكى گىست كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇ تولۇقسىز نۇسخا بىر ۋاراق 13 قۇردىن ئىبارەت. بۇ بۇددا نومىنىڭ قالغان سەككىز خىل كەمتۈك نۇسخىلىرى بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيىدا ساقلىنىپ كەلگەن. (بۇ ۋەسىقىنى ئەڭ بۇرۇن ت. ئىنكۇش «بېرلىن تۇرپان قول يازمىلىرى» توپلىمىنىڭ بىرىنچى كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن). بۇ نۇسخىلار ئىچىدە ھۆججەت نومۇرى ئانچە ئېنىق بولمىغان ئۈچىنچى رەتتىكى نۇسخىنىڭ ھەجمى چوڭراق بولۇپ، ئۇنىڭدا 242 قۇر خەت بار. بۇ سەككىز خىل نۇسخا ئىلگىرى گېرمانىيىدە تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلىنغان. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى نومىنىڭ بېرلىندا ساقلانغان نۇسخىلىرىدا «چىكوك سىنسى ئاچارىيا» دېگەن ئىزاھات ئۈچ قېتىم كۆرۈلىدۇ. دېمەك، بۇ يادىكارلىق چىكوك سىنسى ئاچارى دېگەن كىشىنىڭ نامى بىلەن باغلانغان.

### يۈەن جۇي نومىنىڭ شەرھىسى

بۇ بۇددا نومى ئەسلىدە تاڭ دەۋرىدىكى بۇددا دورۇ تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان. بۇ يادىكارلىقنىڭ ئومۇمىي ھەجمى تۆت ۋاراق بولۇپ ھازىر ستوكھولم مىللەتشۇناسلىق مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنى ئەينى ۋاقىتتا غەربىي شىمال ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەزاسى شۋېتسىيىلىك پروگمان گەنسۇدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش جەريانىدا گەنسۇدىن ئېلىپ كەتكەن. بۇ يادىكارلىقنىڭ قەغىزىنىڭ ھەجمى 9 .15×34 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ياپونىيە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بۇ يادىكارلىقنىڭ بىر قىسىم پارچىسىنى شىنجاڭنىڭ مەلۇم جايىدىن قولغا چۈشۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا 9 قۇر خەت بار. بۇ پىراگمېنتنى كوداراكوگى ئەپەندى 1982 - يىلى تەتقىق قىلغان ئىكەن. بۇ نومىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ياغاچ مەتبەلىك يەنە بىر نۇسخىسىنىڭ بىر ۋارىقى ھازىر رۇسىيىنىڭ سانكىت پېتېربورگدىكى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

### گوياساما جاتىترا

«گوياساما جاتىترا» ئەسلى سانسكرىتچە مەخپىي ئاساسقا ئىگە ئەسەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ئارىسىغا قويۇلغان. بۇ قوليازما نۇسخىسىنىڭ تولۇقسىز قوليازمىسى مەزمۇن جەھەتتىن مۇشۇ نامدىكى بۇددا نومىنىڭ ئاخىرلاشمىغان بىر بۆلىكى بولۇپ، بۇنى گ. قارا ۋە ت. زىممىلار 1976 - يىلى بېرلىندا ئېلان قىلدۇرغان.

### يوگا كىدلون

بۇددا دىنىغا ئائىت بۇ يادىكارلىق ساكا مەزھىپىنىڭ بۈيۈك ھەزرىتى ساكايا پاندىتا (1182 ـ 1251) نىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئەسەر كېيىنكى ۋاقىتتا قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ بىر قولىيازما نۇسخىسى ھازىر بېرلىندىكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار قاتارىدا ساقلانماقتا. بۇ يادىكارلىقنى گ. قارا ۋە پ. زىمىنلار 1977 ـ يىلى گېرمانىيىدە ئېلان قىلغان.

### ريساجىيا گۇرۇ ـ سۇترا

قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما مەنبەلىك 《Bhaisajya ـ guru ـ sutra》 ناملىق بۇ بۇددا يادىكارلىقنىڭ پەقەت بىر ۋاراقى بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تېكىستى ۋاراقنىڭ ئالدى يۈزىگىلا بېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا 11 قۇر خەت ساقلانغان. (M2287) Tia51 لىق نومۇردىكى بۇ ۋەسىقىنى گېرمانىيىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندىكى قوچو خارابىسىدىن تاپقان. گېرمانىيىلىك ت. دىمى بۇ يادىكارلىق پارچىسىنى 1986 ـ يىلى ئېلان قىلدۇرغان.

### خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە قوش تىللىق نوم

قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان، ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ئىككى تىلدا يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە بىر بۇددا فراگمېنتى بار بولۇپ، بۇ كەمتۈك يادىكارلىق ھازىر بېرلىندا TIII32 (ch/u6265) لىق نومۇردا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇنى گېرمانىيىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى1905 ـ يىلى تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن. جەمئىي ئىككى ۋاراق، فورماتى 9×15 سانتىمېتىرلىق قەغەزگە يېزىلغان. قەغەزنىڭ ئالدى ـ كەينىدە جەمئىي 38 ـ قۇر خەت ساقلانغان. بۇ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت يادىكارلىق بولۇپ، ياپونىيىلىك كودراكوگى ۋە پ. زىمىلار 1988 ـ يىلى ئېلان قىلدۇرغان. 1990 ـ يىلى نيۇ رۇجى بۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلىپ خەنزۇچە ماقالىسنى ئېلان قىلغان.

### بۇدىكار ياۋانارا

قەدىمكى ئۇيغۇرچە «بۇدىكار ياۋانارا» نومىنىڭ ئىككى نۇسخىسى ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، چاپ قىلىنغان بۇ ئەسەر ھازىر بېرلىن موزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ بۇددا دىنىغا ئائىت بىر تەرجىمە ئەسەرنى پ. تېسمى 1987 ـ يىلى ئېلان قىلدۇرغان.

### كىشتىنكا رىبا ـ سۇترا

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ ۋەسىقىنىڭ بىر ۋارىقىلا بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ بىر ۋاراق فراگمېنتىنىڭ ئالدى تەرىپىگىلا خەت يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 44 ـ قۇر خەت بار. TIIIM100 لىق نومۇردىكى بۇ ۋەسىقىنى گېرمانىيە 2 ـ قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاننىڭ بېزەكلىك خارابىسىدىن ئېلىپ كەتكەن. پ. زېمى بۇنى 1990 ـ يىلى ئېلان قىلدۇرغان.

### مىخاپارى مىرۋان

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇددا دىنىنىڭ بۇ نومى مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە مەلۇم تەرجىمان تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇيغۇرچە بۇ يادىكارلىقنىڭ ئىككى پارچە فراگمېنتى بىزگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇلار ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىر ۋارىقى TIIM37 لىق نومۇر ئاستىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا 16 قۇر خەت بار. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ نومىنىڭ 18 ـ بۆلىمىگە تەۋە. يەنە بىرى u2065 لىق نومۇردىكى بىر ۋاراقلىق ۋەسىقە بولۇپ، ئۇنىڭدا 26 قۇر خەت بار. ئۇنىڭ تېكىست مەزمۇنى مۇشۇ نومىنىڭ 22 ـ بۆلىمىگە ئائىت بولۇپ، تېكىستتە بۇ نومىنىڭ ئۇيغۇرچە نامى «مىخاپارى نىرۋانا» دەپ ئاتالغان.

### بۇددا سۇتراسى

قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە سىلىشتۇرۇپ يېزىلغان بۇ نومنىڭ بىر پارچىسى ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ نومۇرى

ch. 293/tII566 . بۇ يادىكارلىق گېرمانىيە 2 - قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاننىڭ تويۇقتىن ئېلىپ كەتكەن. بۇ تولۇقسىز ۋەسىقىنىڭ ئالدى تەرىپىگە 8 قۇر، كەينى تەرىپىگە 7 قۇردىن خەنزۇچە خەت يېزىلىپ ھەر بىر قۇرنىڭ ئاستىغا ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزى ئىزاھلاپ يېزىلغان.

### مانجۇ شىر سادانا

قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇ تولۇقسىز يادىكارلىق «مانجۇ شىرسادانا» نىڭ بىر ۋاراق پارچىسى بولۇپ، كۆچۈرۈلگەن قەغەزنىڭ ھەجمى 22 × 9 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىگە 22 قۇر، ئارقا تەرىپىگە 15 قۇر خەت يېزىلغان. بۇ كەمتۈك يادىكارلىق ھازىر بېرلىندىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە قوليازمىلار قاتارىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ يادىكارلىقنى ياپونىيىلىك ئۇدا جوتىن ئەپەندى تەتقىق قىلىپ 1974 - يىلى «شەرقىي ئوكيان تارىخ تەتقىقاتى» نىڭ 33 - تومى 1 - سانىدا ئېلان قىلغان.

### بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى

بۇ يادىكارلىق قەدىمكى ئۇيغۇرچە «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسەرنىڭ قوليازما پارچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ بىر ۋارىقى ھازىر ياپونىيىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ قولىيازمىدا قەدىمكى كۇسەنلىك سوۋارىنا پوسىبۇنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. ياپونىيىلىك خانېدا تورو 1990 - يىلى بۇ يادىكارلىق ھەققىدە تەتقىقات ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ ياپونىيىدىكى بۇ بىر ۋاراق فراگمېنتنى (بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى) دىكى مەلۇم بىر ھېكايىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى دەپ قارىغان. مۇشۇ خىل قاراش بويىچە بولغاندا بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمىسى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (840 - 1368) دەۋرىدىكى تەرجىمان سىڭقۇ سەلىنىڭ قەلىمىگە تەۋە بولغان بولىدۇ.

### پىراۋان سۇدۇرنىڭ فراگمېنتى

بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە پىراۋان نومىنىڭمۇ تولۇقسىز پارچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ۋارىقى ھازىر بېرلىندىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلار ئارىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ پارچە يادىكارلىقنى پ. زېمى 1988 - يىلى بېرلىندا ئېلان قىلدۇرغان.

### فۇمۇ ئىنجۇلۇك جىلىك نومى

بۇددا دىنىغا ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇ تەرجىمە ئەسەر ئۇيغۇرچە تېكىستىدە ( ogka (pongp a ultisavinp otunguluk nom دەپ ئاتالغان. بۇ يادىكارلىقنى ياپونىيىلىك جۇگسۇن بوبى ئەپەندى ساقلىغان. كېيىن ئۇنى شوگايتۇ ماساھىرو تەتقىق قىلىپ 《شەرقى ئوكيان ئىلمى ژۇرنىلى》 نىڭ 1979 - يىللىق 61 - توم 1 - 2 - سانلىرىدا ئېلان قىلغان. بىراق بۇ يادىكارلىقنىڭ تېپىلغان ئورنى، ۋاقتى ۋە باشقا ئەھۋاللار ئېنىق ئەمەس. پ. زېمى 1983 - يىلى يېڭىدىن ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم فراگمېنتلارنى رەتلەپ سىلىشتۇرۇلۇش جەريانىدا بۇ پارچىنىڭ نامى «فۇمۇ ئىنجۇلۇك جىلىڭ» نومى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدى. (پ. تېسمى) 1970 - يىلىدىن بۇيانقى تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنىڭ رەتلەپ تەتقىق قىلىنىشى «مەركىزى ئاسىيا ژۇرنىلى» (1983- يىل 6 - سان).

### كىشانتى كېكۈلۈك نوم

قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا مۇخلىسلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بۇ بۇددا دىنى يادىكارلىقىنىڭ ئورگىنالى ھازىر بېيجىڭدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ ياغاچ ئويما مەتبەدىكى يادىكارلىقنىڭ 32 ۋارىقى ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي تېكىستى 1368 قۇر. بۇ ۋەسىقىنى ك. روھبىرون 1971 - يىلى بېرلىندا تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان. 1974 - يىلى ۋارنىك (I. warnk) تەرىپىدىن قايتا تولۇقلاپ ئېلان قىلىنغان.

### يىنكەن سۇدۇر

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ ئۇيغۇرچە يادىكارلىقنىڭ قولىيازما پارچىلىرى ھازىر بېرلىندىكى ئۇيغۇرچە يازما ۋەسىقىلەر قاتارىدا

ساقلىماقتا. ئۇلار A.B.C دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. A 293numur TIIM283. نومۇردىكى پارچىسى جەمئىي 10 ۋاراق بولۇپ، ھەر بېتىگە 5 قۇردىن خەت يېزىلغان. قەغەزنىڭ فورماتى 8.8 × 16.7 سانتىمېتىر. ئۇنىڭ B TIII M190 نومۇردىكى پارچىسى جەمئىي 6 ۋاراق بولۇپ، ھەر بېتىگە 6 قۇردىن خەت يېزىلغان. قەغەزنىڭ فورماتى. 8.8 × 16.2 سانتىمېتىر. C TID605 نومۇردىكى پارچىسى 2 ۋاراق بولۇپ، ھەر بىر بېتىگە 5 قۇردىن خەت يېزىلغان. قەغەزنىڭ فورماتى 8.8 × 16 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ ۋەسىقىلەرگە قويۇلغان نومۇر بەلگىلەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ A,B پارچىلىرى گېرمانىيە ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى نىڭ تۇرپاننى 3 - قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى تەكشۈرۈش جەريانىدا تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەنلىكى، C پارچىسىنى 1 - قېتىملىق ئېكىسپېدىتسىيە جەريانىدا ئېلىپ كەتكەنلىكى مەلۇم. بۇ ۋەسىقىلەرنى تۈركىيىلىك ر. رەھمەت ئارات ئۆزىنىڭ 1936 - يىلىدىكى «قەدىمكى تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» ناملىق ئەسىرىدە ئېلان قىلغان. بۇ نوم 14 - ئەسىردە پىراجنا شىرى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە نۇسخىسى ئاساسىدا موڭغۇل تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئىكەن. بۇ ئادەتتە خەنزۇچە «七星经» (يەتتە يۇلتۇز نومى) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ۋەسىقىنىڭ A نۇسخىسىدىكى «قۇتلۇق قوي يىل تۆتىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈن مۇقەددەس پەرز كۈنىدە بىز ئۈچ ئاغىلىق خەزىنىدىن پاك - سۈزۈك ئىخلاسمەن كۆڭۈلگە ئىگە كۇپاسىمى تارىبى ئىنال، ئۇپاسانچ ئۆگىزۈنچ تەگرىم بىلەن بۇ يەتتەكەن سۇدۇر نومىنى ئېلىپ كۆچۈرگۈزۈپ چىقتۇق» دېگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، گابائىن خانىم بۇنىڭ 1313 - يىلى كۆچۈرۈلگەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرغان.

## ئامىتا يۇردىيانا نەسەبىدىكى مۇھىم نوملار

ھازىر ياپونىيىدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئامىتا يۇردىيانا نەسەبىدىكى مۇھىم نوملار» نىڭ بىر قىسمى بىراھما ھەربىلىرى قوشۇمچە قىلىنغان ئالاھىدە بۇددا دىنى نومىدۇر. بۇ پارچە تومىلىما شەكىللىك قەغەزگە تاغاچ ئويما مەتبەدە بېسىلغان يادىكارلىق بولۇپ، ياپونىيىلىك جۇڭسۇن يۇەندىڭ بۇلارنى 1985 - يىلى تەتقىق قىلغان ھەم بۇ نۇسخىنى تىبەتچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان.

## ئىشاستۇۋستىك نومى

بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نوم - سۇترا ھازىر سانكىتپېتىربورگدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇنى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇسىيىلىك كىرۇتكوۋ ( KrotkovH.) ئۈرۈمچىدىن ئېلىپ كەتكەن. بۇ قولىيازمىنىڭ ھازىر تولۇقسىز نۇسخىسى 43 ۋاراق. فورماتى 13 × 14.8 سانتىمېتىر. ھەر يۈزىدە 8 قۇردىن خەت بار. خەنزۇ تىلىدا «十万平安经» دەپ يېزىلغان بۇ نوم ئادەتتە تىنچلىق نومى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ نوم ئۇيغۇرچە تېكىستتە «ئىشاستۇۋستىك نومى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، تىبەتچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ يادىكارلىقنى رادلوۋ 1910 - يىلى پېتىربورگدا تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان.

## كاكراسام ۋارمادالا

بۇ ئەسلىدە تىبەتچە كىلاسسىك ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ نامى تىبەتچە «كاكراسام ۋارامادالا» دەپ يېزىلغان. ئۇنى 14 - ئەسىردە ئۇيغۇر بۇددا دىنى ئالىمى كاسىبانىڭ ئىز باسارى پونياشىر دېگەن كىشى تىبەتچە نۇسخىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ تولۇقسىز يادىكارلىقنىڭ 34 ۋارىقى ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇ 1928 - يىلى ف. مۇللېر تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن يەنە گ. قارا، پ. زىيمېلار بۇ ۋەسىقىلەر ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ 1976 - يىلى ماقالىسىنى ئېلان قىلدۇرغان.

## بۇددىلار تەزكىرىسى

بۇ يادىكارلىقنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئۈچ خىل قولىيازمىسى ساقلانغان. بۇلار گېرمانىيە 2 - قېتىملىق تۇرپان ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى تەرىپىدىن تۇرپاندىن ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ، ھازىر بېرلىندا ئۈچ خىل ئايرىم نومۇردا

ساقلانماقتا. TIID173e نومۇردىكى بىرىنچى نۇسخا ۋەسىقىنى 1909 ـ يىلى ئا. فون لېكوك، 1931 ـ يىلى ۋ. بانگلار تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان. TIIY21 نومۇردىكى 2 ـ نۇسخىنى ف. مۇللىرى 1910 ـ يىلى (ئۇيغۇرشۇناسلىق) مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلدۇرغان. TII Y 37 نومۇردىكى 3 ـ نۇسخىسىنى ج. لائۇرت (Laurt J.P.) 1983 ـ يىلى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدۇرغان.

## خۇبىيۇەن تەزكىرىسى

خۇبىيۇەن جۇڭگو بۇددىزىم تارىخىدىكى مەشھۇر ئالىم كۇسەنلىك كۇمراجىۋانىڭ شاگىرتى ۋە ئۇنىڭ ئىزباسارى ئىدى. قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇ يادىكارلىق قومۇلنىڭ چىقتاي كەنتىدىن تېپىلغان. بۇ قولىيازما نۇسخىنىڭ پەقەت بىرلا ۋارىقى يېتىپ كەلگەن بولۇپ، قەغەزنىڭ فورماتى 21 × 53 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئەسەر تېكىستى ئىككى يۈزىگە يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 52 قۇر خەت يېزىلغان. «خۇبىيۇەن تەزكىرىسى» 10 ـ ئەسىرگە ئائىت يادىكارلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا خۇبىيۇەن ھەزرەت ۋۇ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى سىڭسىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى تەرجىمھال شەكلىدە بايان قىلىنغان. بۇ يادىكارلىق پارچىسىنى قاھار بارات «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىلى 1 ـ سانىدا تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان. بۇ ۋەسىقىدىكى خۇبىيۇەن (مىلادىيە 334 ـ 416 ـ يىللىرى ياشىغان) جۇڭگو بۇددىزمىدىكى مەشھۇر راھىب بولۇپ، ئۇ جىن تۇرۇڭ مەزھىپىنىڭ ئاساسىنى سالغان. بۇ مەزھەب قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بۇددىدىكى چوڭ مەزھەپ بولۇپ شەكىللەنگەن.

## ئارىيا راجاۋاۋا داكا

قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا سۇتراسىنىڭ قولىيازما نۇسخىسى. ھازىر پېتىربورگدا 2kr.3 لىق نومۇردا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ رۇسىيىلىك كىرىتكوف دېخۋا (ئۈرۈمچى) دىن قولغا چۈشۈرگەن. ئۇنىڭ ھەجمى 2 ۋاراق، 40 قۇردىن ئىبارەت. بۇ ۋەسىقىنى ۋ. رادلوف 1911 ـ يىلى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان. تەتقىقات نەتىجىسىگە قارىغاندا بۇ نوم قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تەرجىمە قىلىنىپ قەلەمگە ئېلىنغان.

## قوشۇشۇۋاڭجىڭ

بۇ ساختا نومنىڭ دۇنخۇاڭدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنىڭ بىر قىسمى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ فراگمېنتلىرى ياپونىيە تېيەنلى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ يادىكارلىقنى ياپونىيىلىك كودارا كوگى 1989 ـ يىلى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان. بۇ ۋەسىقىنىڭ يەنە بىر قىسمى بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

## ساكارما بۇددا ئاۋادانامالا

قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇ ۋەسىقىنىڭ ئىككى ۋاراقلىق پارچىسى ھازىر بېرلىندا TIII84 لىق نومۇردا ساقلانماقتا. ئۇنىڭ تېكىستى جەمئىي 60 قۇر كېلىدۇ. بۇ يادىكارلىقنى گېرمانىيىنىڭ 3 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى ف. مۇللىر ۋە ئا. فون. گابائىنلار 1931 ـ يىلى گېرمانىيىدە ئېلان قىلغان.

## ئارىيا تاتا گاتادارىنى

بۇ يادىكارلىقنىڭ ئەسلى نامى ( nama aparajita darnh Arya tathagatha usnisaa ـ sitata patra ـ) بولۇپ، ئۇيغۇرچىدا «ئالقۇ ئالچۇلايۇ قالماشلارنىڭ ئۇسانىلار ئىنتىن ئونىمىئادىكۇتىرەلىس ستا ـ تاپادرا ئاتاغلىق ئۇتۇكماكىز دارنى» دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭ قولىيازما نۇسخىسى ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ يادىكارلىقتا ئايرىم ـ ئايرىم ئۈچ خىل نومۇر قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: T3M182 ۋە T3M231 يەنە T3M225. بۇ يادىكارلىققا قويۇلغان نومۇر بەلگىلىرىدىن قارىغاندا، بۇلارنى گېرمانىيە 3 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەنلىكى مەلۇم. بۇ ئۈچ خىل نومۇردىكى يادىكارلىقنى تەتقىقاتچىلار ئەمەلىيەتتە ئوخشاش قولىيازمىدىن ئىبارەت دەپ قاراشقان. بۇ

ۋەسىقىلەرنى ف. مۇللېر 1910 - يىلى گېرمانىيىدىكى «ئۇيغۇرشۇناسلىق» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلغان. ياپونىيىلىك شىيەنجۇن تەيلاڭ 1939 - يىلى بۇنى تەتقىق قىلىپ، «رىيوكو ئۇنىۋېرسىتېتى بۇددا دىنى تارىخى ماتېرىياللىرى» ناملىق كىتابتا ئېلان قىلغان.

سارۋادۇر گاتى - ۋىجائى ئاتلىغ دارنى

قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا دىنىغا ئائىت بۇ يادىكارلىق ئۇيغۇرچە تېكىستتە « alpu ayir yariz yo iiarir antuqrap...usnisa vicai atlig barni» دەپ يېزىلغان. بۇ قولىيازما نۇسخىسىنىڭ ئۈچ پارچىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بېرلىن موزېيىدا TIIIM238 ۋە TIIIM207 يەنە TIIIM185 لىق نومۇردا ساقلانماقتا.

## مانى ۋە نېستورى دىنى مەزمۇنىدىكى ۋەسىقىلەر

قەدىمكى قوچو دىيارى ئۇزاق تارىختىن بۇيان شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسىدە مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقتىن بۇ يەردە ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئىقتىساد ۋە سودا تەرەققىي قىلغان. ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇ خىل تەرەققىيات ئەۋزەللىكى ئەينى دەۋردە تۇرپانغا كۆپ خىل ئىرق، كۆپ خىل ئېتنىك تەركىبكە ئىگە كىشىلەرنىڭ كېلىپ كېتىپ تۇرۇش ھەم ئولتۇراقلىشىپ قېلىش ھالەتلىرىنى شەكىللەندۇرگەن. بۇ ھال قوچو دىيارىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئورقۇن - سېلېنگا ۋادىلىرىدا ياشىغان مەزگىللىرىدىكى ئەنئەنىۋى شامان دىنىدىن تەدرىجىي قول ئۈزۈپ، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان، مىللەتكە خاس بولغان يېڭى دىنىي ئېتىقادلار - مانى دىنى، بۇددا دىنى، نېستورىئان دىنى، توپىن دىنى قاتارلىق كۆپ خىل دىنلارنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدە تارقىلىشى ۋە مەلۇم دائىرىدە يىلتىز تارتىپ مەۋجۇت بولۇشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئىجتىمائىي تارىخىي شەرت - شارائىت يارىتىپ بەرگەن. تۇرپاندىن بايقالغان قاڭقىل خانلىقى (370 - 400 - يىللار)، قوچو خانلىقى دەۋرى (460 - 640)، غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرى دەۋرى (640 - 840 - يىللار) قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (840 - 1368) دەۋرىگە دائىر تۇرلۇك دىنلارغا ئالاقىدار ئەدەبىي يادىكارلىق ۋە دىنىي ۋەسىقىلەر ناھايىتى كۆپ. بۇلارنىڭ ئىچىدە، مانى ۋە نېستورىئان دىنلىرىغا ئائىت ۋەسىقىلەر بىر قەدەر زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. پارچە - پۇرات تارقالغان بۇ خىل ۋەسىقىلەردىن قارىغاندا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مانى ۋە نېستورى دىنلىرى ئاساسەن سوغدى قاتارلىق چەتئەللىك سودىگەرلەرنىڭ ئاساسلىق دىنى بولۇپ، ئۇلار بۇ دىنلارنى سودىگەر ياكى ئەلچى قىياپىتىدە تۇرپان رايونىغا كېلىپ يەرلىك كىشىلەر ئارىسىدا داۋاملىق كۈچەپ تەرغىپ قىلىپ تارقاتقان بولۇشى مۇمكىن.

## مانى دىنى ۋەسىقىلىرى

مانى دىنى ئىراننىڭ ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزەللىرىدە ياشاپ ئۆتكەن مانى (240 - 275) دېگەن كىشى تەرىپىدىن يارىتىلغان دىن بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ئۆز ئىجاتچىسىنىڭ نامى بىلەن «مانى دىنى» دەپ ئاتالغان. مانى ياش ۋاقىتلىرىدا نۇرغۇن ئەللەرنى كېزىپ چىققان، غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن جايلارنى ئايلىنىپ، ھەتتا ھىندىستان ۋە كەشمىرلەرگىچە كەلگەن. بۇ جەرياندا ھەر خىل دىنىي تەلىماتلار ۋە ئىدىيىلەر بىلەن تونۇشقان. ئۇ سامانىلار پادىشاھى شاپۇر I (241 - 272 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ تەختكە چىقىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندە بۇ مۇراسىمغا قاتنىشىپ، ئۆز تەلىماتىنى ئېلان قىلغان. مانى دىنى قەدىمكى بابىلون ئېتىقادى بولغان زىرىۋانىزم ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئوتتۇرا شەرققە تارقالغان زورئاستىرىزمنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. زىرىۋانىزم تالىماتى قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق بىر - بىرىگە زىت ئىككى سوبىستانسىيە، ئالەم ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆرىشىدىن ئىبارەت دەپ قارايتتى. زورئاستىرىزم بولسا پاك سۇبىستانسىيەدىن ھاسىل بولغان يورۇقلۇق تەڭرىسى - ئاخرۇمازدا بىلەن ناپاك سۇبىستانسىيەدىن ھاسىل بولغان ئاخرۇماينۇ ئارىسىدىكى زىددىيەت ئالەمنىڭ

نېگىزىنى ھاسىل قىلىدۇ دەپ قارايتتى. مانى دىنى بۇ خىل ئىدېئولوگىيىلىك تەسىرنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى ئەينى زامانىدىكى بۇددا ۋە خىرىستىئان دىنىنىڭ تەلىماتلىرىدىن ئوزۇقلانغان ھالدا پاكلىق ۋە يورۇقلۇقنى ئىدېئال غايە قىلغان ئاساستا ئۆز دىنى تەلىماتىنى ياراتقان. مانى دىنى «ئىككى يىلتىز، ئۈچ ئۆتكۈر (زامان) تەلىماتىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇ يورۇقلۇق (ئېزگۈ) بىلەن قاراڭغۇلۇق (جاھالەت) نى ئالەمنىڭ بىر - بىرىگە زىت بولغان ئىككى يىلتىزى (مەنبەئى) دەپ قارايتتى. مانىنىڭ قارىشىچە، ئەسلىدە يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق چەك - چېگرىسى ئېنىق بولغان ئىككى ئىقلىم ئىدى. ئۆتمۈش (بىرىنچى) زاماندا قاراڭغۇلۇق يورۇقلۇققا زوراۋانلىق قىلىپ كۆرەش قوزغىدى. ھازىرقى (ئىككىنچى) زامان دەل مۇشۇ ئىككى كۈچنىڭ كۆرەش دەۋرىدىن ئىبارەت. كەلگۈسى (ئۈچىنچى) زامان يورۇقلۇق ۋە ئېزگۈلۈكنىڭ غەلىبە زامانى بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىككى يىلتىزلىق كۈچ ئۆز دائىرىسىدە بولىدۇ. قاراڭغۇلۇق ۋە قاباھەت دۇنياغا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلالمايدۇ. ئالەمنىڭ قارىمۇ - قارشى ئىككى خىل كۈچنىڭ كۆرىشىدىن قۇرۇلغانلىقى تەكىتلىگەن مانى دىنى تەلىماتى ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىككە قارشى تۇرۇپ تەڭ تەقسىماتچىلىق ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك قاراشلىرىنى ئۆز پائالىيىتىنىڭ يېتەكچى پرىنسىپى قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دىن كىشىلەرگە ئىنسان قىممىتىنى تونۇتۇش، ئۈمىدۋارلىق روھ بېغىشلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرغاچقا ئەينى دەۋردە بىر مەزگىل ساسانىلار شاھلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىدى. ئەمما كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ دىن بارغانسېرى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىۋاتقان زوروئاستىرىزىم مۇخلىسلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ بەھرام شاھ (273 - 293 - يىللار تەختتە) باشچىلىقىدىكى ساسانىلار ھۆكۈمران تەبىقىسىنىڭ ئۇنى باستۇرۇشى بىلەن قاتتىق پاجىئەگە ئۇچرىغان. مانى 276 - يىلى قەتلى قىلىنىپ ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى تەقىپ قىلىنىدۇ. كىتاب - دەستۇرلىرى كۆيدۈرۈلىدۇ. (ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق: «مانى دىنىنىڭ تۇرپان رايونىدىكى بۇددىزىم سەنئىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى» ناملىق ماقالە 《تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى》 2005 - يىللىق 2 - سان). شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆپلىگەن مۇخلىسلىرى شىمالىي ئافرىقا، جەنۇبى فرانسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كېتىدۇ. شۇنداقلا ماۋارە ئۇننەھر، تارىم ۋە خۇاڭخې دەرياۋادىلىرىدا بىر قىسىم ھىمايىچىلەرگە ئېرىشىدۇ. ئاشۇ ئۇزاق قەدىمكى زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يىپەك يولىنىڭ ھەممىلا يېرىنى ئايلىنىپ يۈرگەن سوغدىلار ئارىسىدا مانىزىم مۇخلىسلىرى كۆپ ئىدى. مانىزىم تەخمىنەن 5 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئاخىرلىرىغىچە غەربىي يۇرتقا كەڭ تارقالغانلىقى مەلۇم. بۇ دىن كېيىنچە تۇرپان - قومۇل ۋادىسى ۋە دۇنخۇاڭلاردىن ئۆتۈپ لوياڭ، چاڭئەن قاتارلىق شەھەرلەرگە كىرگەن. مانى دىنىنىڭ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا قاچان ۋە قانداق تارقىلىپ كىرگەنلىكى ھەققىدە خەنزۇچە بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا قىسمەن ئۇچۇرلار بار. «توققۇز ئۇيغۇر قاغانلىرى مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «بۇرۇنقىلار نادانلىقىدىن شاياتۇنلارنى بۇددا دەپ قارىغان ئىدى. بۈگۈن مەن ئۇنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. ئەمدى يەنە ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ... شەياتۇن شەكلى سىزىلغان رەسىملەر تامامەن كۆيدۈرۈپ تاشلانسۇن...» (لو جېنيۈي «قارا قۇرۇم مېتال ۋە تاش پۈتۈكلەر» ناملىق خەنزۇچە كىتابقا قارالسۇن). بۇ مەڭگۈ تاشتىكى يۇقىرىقى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مانى دىنى ئورقۇن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا مىلادىيە 762 - يىلى تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. مىلادىيە 757 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆڭلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭى يۈز بەرگەن ۋاقىتتا تاڭ تەيزۇڭ ئورقۇن خانلىقىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ توپىلاڭنى بېسىقتۇرماقچى بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرى قاغانى دەپ ئاتالغان خانى بۆكۈخان دەسلەپ ئۆز ئوغلى بولغان يابغۇ تېگىننى ياردەمگە ئەۋەتكەن بولسا كېيىنكى قېتىم (762 - يىلى) ئۆزى تەكلىپكە بىنائەن بىر بۆلەك قوشۇننى باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ توپىلاڭنى تىنجىتقان. توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بۆگۈ

خان لوياڭ شەھرىدە بىر بۆلۈك مانى مۇخلىسلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلار بىلەن بۇ دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ھەققىدە سۆھبەتلەشىدۇ. مانى دىنىغا مايىل بولۇپ قالغان تەڭرى قاغان قايتىش سەپىرىدە تۆت نەپەر مانى دىنى راھىبىنى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا بىللە ئېلىپ قايتىدۇ. شۇنداقلا ئۆزىمۇ مەخپىي ھالدا مانى دىنىغا كىرىدۇ. بۇ ئىش ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. چۈنكى بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. «ئۇيغۇر قاغانى ئۆزى ئېلىپ كەلگەن مانى مۇخلىسلىرىنى شامان دىنىدىكىلەر بىلەن مۇنازىرىگە سالغان. ئىككى كېچە ـ كۈندۈزلۈك بەس مۇنازىرىدىن كېيىن مانى راھىبلىرى شامان دىنىدىكىلەرنى يېڭىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن تەڭرى قاغان چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، مانى دىنى مۇخلىسلىرى ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭمۇ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا كەچۈرۈم قىلىشنى تىلىگەن ھەمدە مانى دىنىغا ئاشكارە كىرگەنلىكىنى جاكارلاپ، ئاخىرى ئۇنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن»③. شۇنىڭدىن باشلاپ مانى دىنى ئورقۇن ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان. «ئەينى دەۋردە تەڭرى قاغانىنىڭ مانى دىنىغا كىرىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۆتلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن تىبەتلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقىدا ئۇچراپ ھالسىرىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ خېشى كارىدورىنى ئىگىلىۋېلىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش لىنىيىسىنى بىر مەھەل ئۈزۈپ تاشلاپ يىپەك يولى قاتنىشىنى قامال قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا تاڭ سۇلالىسى غەربىي ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۇيغۇر يولى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن (647 ـ 846) ئۆتىدىغان بۇ يول شەرقنىڭ قاتناش ۋە سودا ئالاقىسىدىكى بىردىن بىر يول بولۇپ قالىدۇ. سوغدى سودىگەرلىرىمۇ مۇشۇ يول ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسى بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىشىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار ناھايىتى كۆپ پايدىغا ئېرىشىدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇرلار ئىككى قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى توپىلىڭىنى تىنجىتىشقا ياردەم بېرىدۇ. تاڭ سۇزوڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۆز قىزى نىڭگو مەلىكىنى تەڭرى قاغان (مويۇنچۇرقاغان) غا ياتلىق قىلىپ بېرىدۇ ھەمدە ھەر يىلى كۆپ مىقداردا يىپەك يەتكۈزۈپ بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ... ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىكى كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت ئىدى. چارۋا ۋە يايلاق بولسا ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى ئىدى. شۇڭا يىپەكنىڭ ئۇلارغا ئانچە زور ئەمەلىي قىممىتى يوق بولۇپ، پەقەت بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىلا ئۇنى ئازراق مىقداردا ئىشلىتەتتى. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئاتقا تېگىشكەن زور مىقداردىكى يىپەكنى يىپەك يولىدا قاتناپ سودا قىلىدىغان سوغدىلار ئارقىلىق غەربىي ئەللەرگە ئاپىرىپ سېتىپ نۇرغۇن پايدا ئالاتتى. سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا ئۇيغۇرلار ئۇلارغا چەكسىز ئىشەنچ قىلاتتى ھەم ئۇلارنى ھۆرمەت قىلاتتى»④. خۇددى تارىخشۇناس فەن ۋېنلەن ئەپەندى كۆرسەتكەندەك بۆگۈ خانىنىڭ مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا سەۋەب بولغان ئاساسىي ئامىل مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن قىلىشقان سودىسىغا ياردەملىشىپ، ئۇلارنىڭ باي بولۇشىغا كۈچ چىقارغانلىقى، ئۆزئارا سودا جەھەتتىكى مەنپەئەتتە ھەممىيەتچىل بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. مانى دىنى تەڭرى قاغان تەرىپىدىن دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلىپ، ئۇيغۇرلار ئىلگىرىدىن ئېتىقات قىلىپ كېلىۋاتقان دىن ـ شامان دىنىنىڭ ئورنىنى رەسمىي ئىگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مانى دىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پۈتكۈل ساھەلىرىگە سىڭىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى. بۇ دەۋردە «ھەتتا سوغدىيانادىن كەلگەن مۇناخلارمۇ ئۇيغۇر ئېلىگە ئەركىن كېلىپ كېتەلەيتتى. ئۇلار ھەر قايسى ساھەلەردە خېلى يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، قاغانىنىڭ ئىشەنچى ۋە ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە ئېرىشتى. قاغان بىلەن ئولتۇرۇپ

خانلىقىنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدىمۇ مەسلىھەتلىشەتتى»⑤. دېمەك، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن مەقسىدى ئەينى دەۋردىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزلىرىدىن ئىلغار بولغان سوغدىلاردىن مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلماستىن مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشمۇ ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنىنىڭ رەھىمدىللىك مۆمىن - يۇۋاشلىقنى تەرغىب قىلىش ئەقىدىسى ئەينى دەۋردە يايلاقتا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىسىغا ماس كەلمەسلىكى، ئەكسىچە مانى دىنىنىڭ ئۈمىدۋارلىق، جىداملىق روھى ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

مىلادىيە 780 - يىلى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا زور سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. ئەسلىدە سوغدىلار مەلۇم سەۋەب بىلەن تەڭرى قاغاننى تاڭ سۇلالىسىگە ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا قۇتراتقان ئىدى. بۇ چاغدا ۋەزىر تۇن مۇقا تارقان سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ تەختكە چىقىپ، يامان نىيەتلىك بىر قىسىم سوغدىلارنى جازالاپ، مانى دىنىغا قارىتا چەكلەش ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مانى دىنى بىر مەزگىل تەقىپ قىلىنغان بولسىمۇ لېكىن كېيىنكى مەزگىللەردە مىلادىيە 806 - يىلدىن 820 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان ئادالەت قۇچقان ئۇلۇغ بىلگە قاغان (خەنزۇچە保义可罕 دەپ ئاتالغان) دەۋرىدە بۇ دىن قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، مەلۇم ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە بولغان. شۇنىڭ بىلەن مانى دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى مەزگىللەردە تەدرىجىي ھالدا دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپان ۋادىلىرىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىدى. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىن مانى دىنىغا دائىر ئۇيغۇرچە ھۆججەت - ۋەسىقىلەرنىڭ تېپىلىشى ھېچ بىر ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولماستىن بەلكى يۇقىرىكىدەك مۇئەييەن تارىخىي ئاساسقا ئىگە بولغان ھالدا موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قانچە ئەسىرلىك مۇرەككەپ ھاياتى ۋە دىنىي ئېتىقاد تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. گەردىزىنىڭ «زەينۇل ئەخبار» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلىنىشىچە: «قوچو ئۇيغۇر خانى مانى دىنىغا ئېتىقات قىلغان. ھەر كۈنى 300 - 400 كىشى مانى ئىبادەتخانىسى ئەتراپىغا توپلىنىپ مانى دىنى كىتابلىرىنى قىرائەت قىلىشقان»⑥. چېن جىنمۇ ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ مانى دىنى سۇسلىشىشقا يۈزلىنىپ، نىستورى دىنى مانى دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەنلىكى مەلۇم.

ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنى بولۇپمۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە مانى دىنى بىلەن ئۆزئارا چوڭقۇر سىڭىشكەن بولۇپ، بىر قىسىم بۇددىزىم ۋەسىقىلىرىگىمۇ مانى دىنىنىڭ روشەن ئىز - تامغىسى بېسىلغان. مەسىلەن، «ئارىيا سەككىز يۈكمەك» (سەككىز يورۇقلۇق ئىلاھى سۇترىسى) نىڭ لوندون نۇسخىسىدىكى دىنىي ئەقىدىلەر قويۇق مانى دىنى تۈسىگە ئىگە قىلىنغان. «ئالتۇن يارۇق» تىمۇ مانى دىنى ئەقىدىلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ جۈملىدىن قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ 9 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى بۇددا دىنىدىن مانى دىنىغا ئۆتۈۋاتقان ئۆتكۈنچى دەۋردىكى دىنىي ئەقىدىلىرىدە ھەر ئىككى دىنغا تەۋە بولغان قىسمەن ئورتاقلىقنىڭ بولغانلىقى ياكى شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ ئۆزلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

مانى دىنى بىر خىل ئېتىقات شەكلىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ بىر قانچە ئەسىردىن كېيىن يوقالغان بولسىمۇ ئەمما ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى ۋە تىلىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان نۇرغۇن ۋەسىقىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان مانى دىنىغا دائىر ۋەسىقىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس، چۈنكى مانى دىنى كۆپىنچە ئۆز تەلىمات

- ئەقىدىلىرىنى مىڭئۆيلەر ۋە ئىبادەتخانىلارنىڭ تاملىرىغا سىزىپ ئۇنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن. شىنجاڭدىكى مىڭئۆي خارابىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە دېگۈدەك مانى دىنىغا دائىر تەسۋىرى سۈرەتلەر سىزىلغان. مانى ھەققىدىكى بايانلار ياكى ئەدەبىي ئۇچۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ۋە تۈركى تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدا سابىر تېرمىزى، يۈسۈپ ئەمىرى، مەجلىسى، ئەلىشىر ناۋائى، ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق كۆپلىگەن ئەدىپ - شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئورۇن ئالىدى. جۈملىدىن ناۋائىنىڭ «پەرھات - شېرىن» داستانىدا مانى چىنلىق ماھىر سەنئەتكار قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ.

مانى دىنى مەزمۇن قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمايلا قالماستىن بەلكى ئۇلارنىڭ تارقىلىشىمۇ بىر قەدەر تا. قاق. ئۇنىڭ ئۈستىگە مانى دىنىغا دائىر بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك غەربلىكلەر تەرىپىدىن چەتئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمىلا بىزگە تونۇشلۇق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىزگە نامەلۇم ياكى ئۇلار تېخى تەتقىق قىلىنمىغان ھالەتتە تۇرماقتا. بۇ ۋەسىقىلەر ئىچىدە بىر قەدەر مۇھىم بولغانلىرى: «توققۇز ئۇيغۇر قاغانلىرى مەڭگۈ تېشى»، «سۇجى مەڭگۈ تېشى»، «خۋاستۇئانىفت»، «بۆگۈ خاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى»، «ئىككى يىلتىز نوم»، «مانى دىنى ھېكايىسىنىڭ پارچىسى»، «مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» ۋە بىر قىسىم شېئىرلار ۋە پارچە تاش پۈتۈك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## بۆگۈخاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى

«بۆگۈ خاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى» ناملىق بۇ ۋەسىقە جەمئىي 2 ۋاراق، 96 قۇر خەتلىك ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر ۋارىقىنىڭ ئالدى - كەينىگە 24 قۇردىن خەت يېزىلغان... بۇ يادىكارلىقنى گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپاننىڭ مۇرتۇق ئىبادەتخانا خارابىسىدىن ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر بېرلىندا TM276 ۋە TM276a دېگەن نومۇردا ساقلانماقتا.

«بۆگۈ خاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى» ناملىق بۇ ۋەسىقە تېپىلغاندىن كېيىن غەربتىكى بىر مۇنچىلىغان ئالىملار بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ باردى. 1909 - يىلى گېرمانىيىلىك ئا. لېكوك بۇ يادىكارلىقنى تۇنجى بولۇپ ئىزاھلاپ چۈشەندۈردى. كېيىنچە ك. ماركۋارتمۇ بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ تەتقىقاتىمۇ «پىروسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى يىغىنىنىڭ دوكلاتلىرى» نىڭ 1912 - يىللىق سانىنىڭ 486 - بېتىگە بېرىلدى. ئۇنىڭ تولۇق تەرجىمە قىلىنىش ۋە تەتقىق قىلىنىش ئىشىنى ۋېلىيام بانگ بىلەن گابائىن خانىملار تاماملىدى. ئۇلار بىرلىشىپ نەشر قىلدۇرغان «قەدىمكى تۇركچە تۇرپان تېكىستلىرى» نىڭ 11 - توم 411 - 422 - بەتلىرىدە ئېلان قىلىندى. كېيىن تۈركىيە ئالىمى سائادەت چاغاتاي بانگ بىلەن گابائىنلارنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ۋە تەرجىمىسىگە ئاساسەن بۇ ۋەسىقىنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستىنى «تۈرك تىلى ئۆرنەكلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزدى. ئېلىمىزدە بولسا فېڭ جاشېڭ ئەپەندى ۋ. بانگ ۋە گابائىن خانىملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسەن بۇ يادىكارلىقنىڭ 12 - قۇردىن 36 - قۇرىغىچە بولغان قىسمىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ «ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 - قىسمىدا ئېلان قىلدى. كېيىن نيۇ رۇجى سائادەت چاغاتاينىڭ ترانسكرىپسىيىسى ئاساسىدا بۇ ۋەسىقىنىڭ تولۇق تېكىستىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى. بۇ ۋەسىقىنىڭ ئەسلى تېكىستىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ۋە تەرجىمىسىنى ئابدۇرېشىت ياقۇپ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلغان.

## مانىغا مەدھىيەنىڭ پارچىسى

گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەرىپىدىن تۇرپاندىن ئېلىپ كېتىلگەن «مانىغا مەدھىيە» ناملىق بۇ شېئىرنىڭ پارچىلىرىنى ۋ. بانگ بىلەن گابائىن خانىملار 1930 - يىلى «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» دە ئېلان قىلغان. بۇ شېئىر ئەسلىدە جەمئىي 123 كۇبلېت بولۇپ، ئۇنىڭدىن 18

كۇبلىتى ئابدۇقېيۇم خوجا قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ ۋەسىقىدە مانى دىنى ئەۋلىياسى دەپ ئاتالغان مانى بۇرخانغا بولغان چەكسىز ھۆرمەت ۋە ئالقىش ـ مەدھىيىلەر بايان قىلىنغان. بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مانى دىنىغا بولغان قىزغىن ھىسسىياتى ئىپادىلەنگەن.

## *ئۆلۈم تەسۋىرىدىن پارچە*

گېرمانىيىدە نەشر قىلىنغان «قەدىمكى تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» ناملىق توپلامغا 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيىلىكلەر تۇرپاندىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن نۇرغۇن دىنىي ۋە ئەدەبىي ۋەسىقىلەر كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە مانى دىنىنىڭ «ئۆلۈم تەسۋىرى» گە ئوخشاش ئەسەرلەرمۇ بار. تۆۋەندە بۇ ۋەسىقىنى ۋاھىتجان غوپۇر قاتارلىقلارنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن پارچىلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى مىسال كەلتۈرىمىز.

تۆت ئىلىك تەگرىدىن تانغانلار،
تەگرىنىڭ كالامىنى نەزەرگە ئالمىغانلار.
قاراڭغۇلۇق شەيتانلىرىغا تىۋىنغانلار،
تۇمەنلەپ گۇنا ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.
بۇنداق كىشىلەرنى تاردىچىنەك يەرگە ئېتىپ تاشلايدۇ
ئۇلارنىڭ (ئۆزى كېتىپ) مال دۇنياسى قالىدۇ
تەنۇر تۈكلۈك چىشى شەيتانلار يېتىپ كېلىدۇ
بۇ شەيتانلار قويۇق بۇلۇتتەك توم قارا قاشلىقتۇر.

بۇ ۋەسىقىدە ئىپادىلەنگەن قاراڭغۇلۇق ماكانى بولغان دوزاق ۋە دوزاقتىكى قورقۇنۇچلۇق جىن ـ ئالۋاستىلار ھەققىدىكى تەسۋىرلەر شىنجاڭنىڭ مىڭئۆي غارلىرىغا سىزىلغان گۇناھكار ناپاك بەندىلەرنىڭ ئۆز قىلمىشى تۈپەيلىدىن دوزاقتا قىينىلىۋاتقان مەنزىرە كۆرۈنۈشلەر بىلەن غايەت زور ئىدىيىۋى مەنبە ئىجتىمائىي دېداكتىك ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ، بۇ خىل پاكىتلار بىزگە مانىزمنىڭ «ئىككى يىلتىز (مەنبە)، ئۈچ ئۆتكۈر» تەلىماتىنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭقۇر ئىدىيىۋى تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## *II. نىستورىئان دىنىغا دائىر ۋەسىقىلەر*

نىستورىئان دىنى قەدىمكى يىپەك يولى بويلاپ غەربتىن تارقىلىپ كىرگەن دىنلارنىڭ بىرى. نىستورىئان دىنى قەدىمكى خىرىستىئان دىنىنىڭ بىر مەزھىبى بولۇپ، ئۇ ئادەتتە مۇشۇ دىنىي مەزھەبنىڭ ئىجاتچىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ دىن سۇرىيىنىڭ ئانتوف دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان نىستورىئوس ئىسىملىك كىشى تەشەببۇس قىلغان دىنىي ئەقىدىگە ئېتىقاد قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئەمما نىستورىئان دىنى مىلادىيە 431 ـ يىلىدىن باشلاپ، كونستانتىنپولدا بىدئەت دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭ ئىجاتچىسى نىستورى سۈرگۈن قىلىنغان. كېيىن ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى ئۇنى داۋاملاشتۇرغان. مىلادىيە 489 ـ يىلى شەرقىي رىم پادىشاھى زىنونىڭ باستۇرۇشى بىلەن ئۇلار شەرققە قاچقان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ دىن شەرققە كەڭ تارقالغان. نىستورىئان دىنىدىكىلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆزلىرىنى «نىستورىئانلار» دەپ ئاتىماستىن بەلكى «كارولار» ياكى «ئاسسۇرىيە مۇخلىسلىرى» دەپ ئاتىغان. بۇ مەزھەپ نىستورى دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغاچقا ئۇنىڭغا قارشى مەزھەپتىكىلەر ئۇلارنى نىستورىئانلار دەپ ئاتىغان. ھازىرمۇ دۇنيادا ھىندىستاننىڭ غەربىي جەنۇبى، سۇرىيە قاتارلىق قىسمەن جايلاردا نىستورىئان دىنىنىڭ بىر قانچە مىليون مۇخلىسى بار.

نىستورىئان دىنىنىڭ ئەسلىدىكى ئاساسى خىرىستىئان دىنى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە مەيدانغا كەلگەن. ئەينى دەۋردە خىرىستىئان دىنىدىكى «ئىككى مەۋقە بىر گەۋدە» تەلىماتىنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، نەتىجىدە نىستورى بىدئەت دەپ ئەيىبلىنىپ، قوغلاپ چىقىرىلغان. زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ئۇلار شەرققە قاچقان، 6 ـ ئەسىردە بۇ دىن قايتا ئەۋج ئالغان. 7 ـ ئەسىردە نىستورىئان دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ بىر قىسمى پېرسىيە (ئىران) دىن ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن ھىندىستان ۋە غەربىي رايونغا، ئاندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان. شۇنىڭ بىلەن

ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىغا (جۈملىدىن تۇرپانغا) بۇ دىن ئىران تىللىق خەلقلەر ئارقىلىق كىرگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋردە بۇ دىن بىر مەزگىل چەكلەنگەن. ئەمما خىتانلار ھۆكۈمرانلىقى، موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ھەر خىل دىنلارغا قارىتا ئەركىن يول قويۇش سىياسىتى يولغا قويۇلغان قوچو قاتارلىق رايونلاردا بۇ دىن سىرتنىڭ تەسىرىدە يەنە ئاز - تولا مەۋجۇت بولغان. ماركوپولونىڭ «ساياھەت خاتىرىسى» دە ئەينى دەۋردە غەربىي يۇرتنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا نىستۇرى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بارلىقى قەيت قىلىنغان. تارىخىي ئۇچۇرلارغا قارىغاندا غەربىي لياۋ ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋردە نايمان، كېرەيت قاتارلىق بىر قىسىم قەبىلىلەر بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقى مەلۇم.

گېرمانىيىنىڭ 2 - 3 - قېتىملىق تۇرپان ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى ئاستانە، قارا قوچو قەدىمىي شەھىرى، قۇرۇتقا، تۇيۇق قاتارلىق جايلاردىن ئاز مىقداردا سۇغدىچە، سۇرىيىچە، تۈركچە، پارسچە نىستۇرى دىنىغا دائىر ھۆججەتلەرنى قېزىۋالغان. بۇ ۋەسىقىلەر ئەينى دەۋردە قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىنىڭ يىپەك يولى مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن سوغدى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تەسىرىدە بىر مەزگىل نىستۇرى دىنىغىمۇ چوقۇنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 10 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى غەربىي لياۋ ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت خارابە - ئالمالىق شەھەر خارابىسىدىن كىرست بەلگىسى ۋە سۇرىيە يېزىقى ئويۇلغان 3 دانە قەبرە تېشى تېپىلغان بولۇپ، بۇ ئابىدىلەرنىڭ تارىختىكى نىستۇرىئان دىنىغا ئالاقىدار ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇ تارىخ، پاكىتلار بىزگە يىراق تارىخىي دەۋرلەردىن باشلاپلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ زېمىنلىرىغا قەبىلىلەر بويىچە تارقىلىپ ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ تۇرلۇك ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ياكى سوغدى، قىتان، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تەسىرىدە نىستۇرىئان دىنىغىمۇ چوقۇنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تۆۋەندە بىز تارىخ ماتېرىياللىرىمىزلىق نۇقتىئىنەزەرىنى چىقىش قىلغان ئاساستا نىستۇرى دىنىغا دائىر بىر قىسىم ۋەسىقىلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز:

### *نىستۇرى دىنى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ پارچىلىرى*

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نىستۇرىئان دىنىغا ئائىت يازما ۋەسىقىلەرنىڭ بۇ پارچىلىرىنى گېرمانىيە 2 - قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇرپاندىن قولغا چۈشۈرگەن بولۇپ، ئۇلار ھازىر بېرلىندا ساقلانماقتا. بۇ ۋەسىقىلەر ھەققىدە گېرمانىيىلىك ئالىم مۇللېر 1908 - يىلى «Uigurica» (قەدىمكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتى. يەنى ئۇيغۇرشۇناسلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ 1 - تومىدا ئۆز تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان. 1926 - يىلى ۋ. بانگمۇ بۇلارنى قايتا تەتقىق قىلغان. 1951 - يىلى رۇسىيىلىك مالوۋ «قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 131 - ، 138 - بەتلىرىدە ئۆز تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان. بۇ يادىكارلىق ئابدۇقېيۇم خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل) ناملىق كىتابتا ئېلان قىلىنغان.

### *سانت گىئورگىنىڭ شېھىت بولۇشى*

مۇللېر ۋە غەربلىك يىپەك يولى تارىخ مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، سوغدى خىرىستىئانلىرى تەرىپىدىن تارقىتىلغان «شاپۇر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى پىرسىيە دىن تارقىتىش يولىدا قۇربان بولغانلار خاتىرىسى» ۋە «دىن تارقىتىش يولىدا قۇربان بولغانلار خاتىرىسى» قاتارلىق غەربتىن كىرگەن كىتاب - ۋەسىقىلەر يىپەك يولى بويىدا خېلى كەڭ تارقالغان. بۇلارنىڭ بەزىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. «سانت گىئورگىنىڭ سېھىت بولۇشى» خىرىستىئان (نىستۇرىئان) دىنىغا دائىر ئاشۇ خىل ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا تەخمىنەن 3 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا دىن تارقىتىش يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ شېھىت بولغان ئەۋلىيا

گىئورگىننىڭ ئىش ـ ئىزلىرى بايان قىلىنغان. نىستورى دىنى مەزمۇنىدىكى بۇ يادىكارلىقنى گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1905 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تۇرپان بۇيلۇقتىكى بىر خارابىلىكتىن ئېلىپ كەتكەن. 1909 ـ يىلى ۋون. لېكوك ئۇنى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلغان. 1926 ـ يىلى گېرمانىيىلىك ۋ. بانگ بۇ ھۆججەتنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ ئۇنىڭ نىستورىئان دىنىغا ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان. بۇ ئەسەر قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئىسمى نامەلۇم بىر ئۇيغۇر تەرجىمان تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

بۇ ۋەسىقىدە پانى ئالەمدىكى كىشىلەرنىڭ ئېيساغا چوقۇنۇش ئەقىدىسى ۋە ئاشۇ قايتا تىرىلگەن ئادەمنى ھەر ۋاقىت ئويلاشقا ئىلھاملاندۇرغان. ئېيسانىڭ قايتا تىرىلىشىنى تەكىتلەش چېركاۋنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، قۇربان بولغانلار ۋە ئەۋلىيالارنىڭ قايتا تىرىلىشىنى تەكىتلەش، ئاخىرىدا ھەر بىر مۇرتىنىڭمۇ قايتا تىرىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەش يىپەك يولىدا تېپىلغان نىستورىئان دىنىغا دائىر ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەرنىڭ يېتەكچى تېمىسى بولغان ئىدى.

بۇ يادىكارلىقنى قاھار بارات ئەپەندى ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە خىرىستىئان يادىكارلىقلىرى» ناملىق ماقالىسى («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1986 ـ يىللىق 3 ـ سانى) دا تونۇشتۇرغان.

### «ئىنجىل» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە كەمتۈك پارچىلىرى

قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئىنجىل» نىڭ كەمتۈك پارچىلىرىنى گېرمانىيە تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئىككىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا تۇرپاننىڭ بۇيلۇق يېزىسىدىن ئېلىپ كەتكەن. ئۇنى 1908 ـ يىلى گېرمانىيىلىك مۇللىر ئېلان قىلغان. 1951 ـ يىلى رۇسىيىلىك س. ئى مالوۋ ئۇنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلغان. 1978 ـ يىلى گېڭ شىمىن ئەپەندى بۇ يادىكارلىقنى تەتقىق قىلىپ «قەدىمكى تۈرك يازما ھۆججەتلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابىدا خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان.

### ئەدەبىي ۋەسىقىلەر

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئىدى. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىي ۋەسىقىلەر ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەم يازما ئەدەبىياتىغا چېتىلاتتى. يازما ئەدەبىيات بولسا يەرلىك مىللىي ئەدىبلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان تۈرلۈك ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە باشقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان تەرجىمە ۋە ئۆزلەشتۈرمە ئەسەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردىكى تەرجىمە ئۆزلەشتۈرمە خاراكتېرىدىكى ئەدەبىي ۋەسىقىلەر ئاساسەن بۇددا، مانى، نىستورىئان دىنلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەدەبىي يادىكارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

### ئوغۇزنامە

قەھرىمانلىق ھەققىدىكى مەشھۇر ئېپوس «ئوغۇزنامە» ياكى «ئوغۇزخان ھەققىدە قىسسە» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان ئەڭ يىرىك ئەدەبىيات نەمۇنىسى سۈپىتىدە يازما ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگىدۇر.

ئوغۇز خاقان توغرىسىدىكى رىۋايەت ـ قىسسىلەر يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدا تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ ۋە بېيىپ بېرىش نەتىجىسىدە بىزى ئەپسانىۋى تەپسىلاتلارنىڭ قوشۇلىشى بىلەن قەھرىمانلىق ھەققىدىكى چوڭ ھەجىملىك داستاننى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇ تارقىلىش جەريانىدا ھەر قايسى دەۋرلەردىن خۇسۇسىيەت ـ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ بەدىئىيلىك جەھەتتىن تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ بارغان. ئوغۇز خاقان تارىخىي رىۋايەت سۈپىتىدە خېلى كۆپلىگەن كىلاسسىك كىتابلاردا يېزىپ قالدۇرۇلغان. بۇلار ئىچىدە بىر قەدەر ئومۇمىراق بولغىنى «تارىخىي رەشىدى»، «شەجەرەئى تۈرك» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى

رىۋايەتلىك تەپسىلاتلار بولۇپ، ئۇلار شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئاپتورلارنىڭ خاھىشى بويىچە قىسمەن ئۆزگەرتىلگەن.

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمكى ۋە مۇكەممەل قولىيازما نۇسخىسى 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تۇرپاندا كۆچۈرۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخا بولۇپ، ئۇ ھازىر فرانسىيىنىڭ پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ نۇسخا جەمئىي 42 بەت، ھەر بېتىگە 9 قۇردىن خەت يېزىلغان، جەمئىي تېكىستى 378 قۇردىن ئىبارەت (ئۇنىڭ ئاخىرقى ئىككى قۇرى ئۆچۈپ كەتكەن).

«ئوغۇزنامە» ئېپوسى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئۆتمۈش تارىخىنى ــــ ئۇلارنىڭ تۇتېمىزم قاراشلىرى، ئىپتىدائىي تەبىئەت چۈشەنچىلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك شەكلىنى، دۇنيا قارىشى ۋە پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرىنى، ئىپتىدائىي ئېتىقاد قاراشلىرى، قەدىمكى تىل ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە يازما ۋەسىقىدۇر.

بۇ ۋەسىقە تارىختىن بۇيان خەلقئارا ۋە مەملىكىتىمىز ئىچىدە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مەركىزى تېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ كەلدى. خەلقئارا نېمىس ئالىمى دېتىس 1915 ـ يىلى تۇنجى بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ مەلۇم پارچىلىرىنى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئېپوس ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلاندى. رۇسىيىلىك تۈركولوگ ۋ. رادلوۋ، فرانسىيىلىك شەرقشۇناس ئالىم پ. پېللىئوت، رۇسىيە ئالىمى شېرباك، ئېلىمىز ئالىملىرىدىن فېڭ جاشېڭ، گېڭ شىمىن ئەپەندىلەر بۇ ۋاسىقە ئۈستىدە نوپۇزلۇق تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى.

«ئوغۇزنامە» گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ قاتارلىقلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى ـ ئوغۇزنامە» دېگەن ماۋزۇدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1980 ـ يىلى نەشر قىلىندى. 1983 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق توپلامدا قايتا ئېلان قىلىندى.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىسى بولغان «ئوغۇزنامە» ھەققىدە ئۇيغۇر تىلىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، بۇ ھەقتە ئۇيغۇرچە ئېلان قىلىنغان ماقالىلار 30 نەچچە پارچىدىن ئاشىدۇ. بۇلاردىن بىر قەدەر تىپىك بولغانلىرى: ئابدۇشۈكۈر تۇردى، خاۋ گۇەنجۇڭلارنىڭ «ئوغۇزخان داستانى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى («شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1979 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان) ئا. راخمانىنىڭ «ئوغۇزخان ۋە ئوغۇزنامە ئېپوسى ھەققىدە يېڭى مۇلاھىزە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1981 ـ يىللىق 3 ـ سانى)، ب. روزى «ئوغۇزنامىدىكى شامان ئېتىقادى ھەققىدە ئىزدىنىش» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 ـ يىللىق 2 ـ سان)، لاڭ يىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى ئوغۇزنامە» («مىللەتلەر ئەدەبىيات تەتقىقات» ژۇرنىلى 1984 ـ يىلى 3 ـ سان)، خەنزۇچە، غەيرەتجان ئوسمان «ئوغۇزنامە ئېپوسىنىڭ مەيدانغا كەلگەن تارىخىي دەۋرى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1986 ـ يىللىق ـ سان)، ئەمەت دەرۋىش «ئوغۇزنامىنىڭ ئېپوسلۇق خۇسۇسىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 2002 ـ يىللىق 3 ـ سان) قاتارلىقلار بار.

## قەدىمكى شېئىرلار

قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (9 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە) دە ئىجاد قىلىنغان ۋە قەلەمگە ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرى چەتئەللىكلەر تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز زامانىسىدا ياشىغان ئۇيغۇر شائىرلار ئىجاد قىلغان ياكى رەتلىگەن، ئاز بىر قىسمىنى بولسا باشقا تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاساسەن باش قاپىيىدە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا ئاياغ قاپىيە ۋە

بوغۇملار ئۆلچىمى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان. بۇ شېئىرلار قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئېسىل ئۆرنەكلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى ۋە ھازىرقى تۈر ژانىرلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

***قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقە «ئون ئىككى ۋەج»***

«ئون ئىككى ۋەج» بۇددا دىنىغا ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىرىي ئەسەر بولۇپ، بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ئەسلى نۇسخىسى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تەرىپىدىن تۇرپاندىن تېپىلغان. ھازىر ئۇ بېرلىندا ساقلانماقتا. گېرمانىيىلىك ئالىم ف. ك. مۇللېر بۇ ۋەسىقىنى «uigurica» (ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى) ناملىق كىتابىنىڭ 2 - تومىدا ئېلان قىلىنغان. ئەسەر تېكىستى جەمئىي 22 مىسرا بولۇپ، شېئىرنىڭ ئالدىغا ئىككى جۈملە كىرىش سۆز يېزىلغان، بۇ كىرىش سۆزنىڭ تەرجىمىسى مۇنداق: «ئاندىن كېيىن ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇددساتۋا سانساردىن قايتا تۆرىلىشنى ئوقۇپ ئۇ قاتتىقا يېتىشنى جاپاسىز ئاسان بىلىدۇ...» بۇ ئەسەر قەدىمكى ھىندى تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەسلى تېكىستى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى گۈلشەن ۋاھىت تەرىپىدىن ئىشلىنىپ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ شېئىرنىڭ يەشمىسى مۇنداق:

تۇغۇلماس بولمىسا، قېرىش ئۆلۈش بولماس
مەۋجۇتلۇك بولمىسا تۇغۇلۇش بولماس
قوبۇل قىلىش بولمىسا مەۋجۇتلۇك بولماس
ئامراقلىق بولمىسا قوبۇل قىلىش بولماس
قوبۇل قىلىش بولمىسا ئامراقلىق بولماس
تېگىش بولمىسا قوبۇل قىلىش بولماس
ئالتە قاچىغ ئورۇن بولمىسا تېگىش بولماس
ئات ئۆڭ بولمىسا، ئالتە قاچىغ ئورۇن بولماس
كۆڭۈلدە بىلىش بولمىسا ئات ئۆڭ بولماس
تەۋرىنىمەك بولمىسا كۆڭۈلدە بىلمەك بولماس
نادانلىق بولمىسا تەۋرىنىمەك بولماس
نادانلىق ئۆچسە تەۋرىنىمەك ئۆچەر
تەۋرىنىمەك ئۆچسە كۆڭۈلدە بىلمەك ئۆچەر
كوكۇلدە بىلمەك ئۆچسە ئات ئۆچەر
ئات ئۆڭ ئۆچسە ئالتە قاچىغ ئورۇن ئۆچەر
ئالتە قاچىغ ئورۇن ئۆچسە تېگىش ئۆچەر (يوقىلۇر)
تېگىش ئۆچسە قوبۇل قىلىش ئۆچەر
قوبۇل قىلىش ئۆچسە ئامراقلىق ئۆچەر (يوقىلۇر)
ئامراقلىق ئۆچسە يوقالسا ئېرىشىش ئۆچەر ـ يوقىلۇر
ئېرىشىش ئۆچسە يوقالسا مەۋجۇتلۇق ئۆچەر ـ يوقىلۇر
مەۋجۇتلۇق ئۆچسە تۇغۇلۇش ئۆچەر يوقىلۇر
تۇغۇلۇش ئۆلسە يوقالسا، قېرىش ـ ئۆلۈش ئۆچەر يوقىلۇر

«ئون ئىككى ۋەج (سەۋەب)» بۇددا دىنىنىڭ ئىپتىدائىي تەلىماتىنىڭ مۇھىم ئىدىيىسى بولۇپ، ئۇ بۇددا دىنىنىڭ ئۈچ ئالەمشىش كۆز قارىشىنىڭ ئاساسىي نەزىرىيىسىنى ياراتقان. دەسلەپكى بۇددا تەلىماتى مەزگىلىدە ئىنسانىنىڭ يادلىق ھادىسىسىنى مۇشۇ ئون ئىككى ۋەجگە باغلاپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ ئون ئىككى ۋەج بىر ـ بىرىگە تايىنىشلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ دەپ قارالغان. تېكىستىكى «تەۋرەنمەك» كىشىنى گۇناھقا باشلايدىغان ئىنساننىڭ بارلىق جىسمانىي ۋە روھى پائالىيىتىدۇر. «ئات ئۆڭ» بولسا بارلىق ماددىي ۋە روھىي ھادىسىلەرنىڭ تۆرەلمە ۋە ئۆسۈش باسقۇچىنى كۆرسىتىدۇ.

### دالا ناخشىسى

تۇتاش كەتكەن قاتمۇ ـ قات تاغلاردا
تېنچ خىلۋەت ئارانيا ـ دانىتا
ئارتۇچ سوگۇت ئاستىدا
شارقىراپ ئاققان سۇ بويىدا
شاتلىقتا ئۇچقۇچى قۇشلار
يىغىلىپ توپلانغان جايدا
ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي ھوزۇرلىنىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا
بۆك ـ باراقسان ئورمانلىق تاغدا
قەدىمىي بۇرۇنقى ئارانيا تاندا
ئىگىز تىك قىيالار تۆۋىدە
پۈتۈنلەي جىمجىتلىقتا چۆككەن
بۆك ـ باراقسان دەرەخزارلىقتا
يېڭىچە (ئېقىن) سۇلار بويىچە
پۈتۈن دىققىتى بىلەن دىيانىدا ئولتۇرىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا

يىراق ـ جىلغا قات ـ قات تاغلاردا
سۆيۈملۈك ئارانىيا تاندا
سوزۇلۇپ ئاقار سۇلار ئارىسىدا
ئۇن ـ تىنسىز خالى يەرلەردە
سەككىز تۈرلۈك بورانىمۇ تەۋرەنمەي
تاقەت قىلىپ شۇ يەردە سىدىر بىلەن
يالغۇز نوم ھوزۇرىدىن ھوزۇرلىنىدىغان ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا
كۆكرىپ تۇرىدىغان كۆركەم تاغلاردا
كۆئۈلگە ياقىدان خىلۋەت ئورۇندا
شۇنچە ياخشى دەرەخزارلىق ئارىسىدا
داۋالغۇپ دولقۇنلاپ تۇرغان كۆللەر بويىدا
كۆز قاتارلىق قاچىغلاردىن خالى بولۇپ
ھەممە (نەرسە) كۆرۈنىدىغان بىلىنىدىغان ئورۇنلاردا
ھېچ قاندا ھەۋەسكە بېرىلمەستىن ھوزۇرلىنىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا

قويۇق بۇددا دىنى تۈسىگە ئىگە بولغان بۇ شېئىرنى گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ قاتارلىقلار «ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى نەمۇنىلار» دېگەن تېمىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان. «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلغان. 1983 ـ يىلى «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.

### «مەدھىيەنامە» نىڭ پارچىسى

«مەدھىيەنامە» دىن پارچە ناملىق بۇ شېئىر بېسىم ئاتىلاينىڭ «تۈركىلوگىيە تەتقىقات يىللىقى» ناملىق ژۇرنالىنىڭ 1968 ـ يىللىق توپلىمىنىڭ 39 ـ ، 40 ـ بەتلىرىگە بېسىلغان ماقالىسىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن بۇ پارچىلار ۋاھىتجان غوپۇر قاتارلىقلارنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» (مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىللىق نەشرى) دېگەن كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ شېئىر گەرچە مانى يېزىقىدا يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەزمۇن جەھەتتە نوقۇل مانى دىنى مەزمۇنىدىلا ئەمەس، بەلكى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىغا دائىر ماھىيەتلىك نەرسىلەرمۇ ئۆز سەھىپىسىدە ئىپادىلەنگەن.

كۆك بۆرىدەك سەن بىلەن بىللە يۈرەي
قارا قوزغۇندەك تۇپراق ئۈستىدە قالاي
ئاغرىققا داۋا
بىلەي (بىلەي تاش) گە سۇ (تۆكۈرۈك) بولاي
قۇدرەتلىك ئۇلۇغ ئىگىمىز (پادىشاھىمىز) سىز
سىز ئالتۇندەك ساپ
مەرۋايىتتەك سۈزۈك
قۇتلۇق دانا بېگىمىز سىز
سىز بارلىق پۇقرالىرىڭىزنى
كەڭ قوينىڭىزدا
ئۇزۇن ئېتىكىڭىزدە
كۆيۈپ ئاسراپ مېھرىبانلىق بىلەن باقىسىز
*مۇھەببەتنامە*
ئا......
بەكمۇ ئامراق
ئامراق نىگارىم
نىگارىمنى ئويلاپ قايغۇرىمەن
قايغۇرغانسېرى قېشى گۈزىلىم بىلەن
قوشۇلغۇم كېلىدۇ
ئۆز ئامرىقىمنى ئويلايمەن
ئۇنى ئەسلەپ سېغىنغانسېرى
ئۆز ئامرىقىمنى سۆيگۈم كېلىدۇ
باراي دېسەم يېنىڭغا ئامرىقىم
بارالمايمەن (بېرىشقا ئىمكانىيىتىم يوق)
مېنىڭ يۈرەك باغرىم
سېنىڭكىگە كىرەي دېسەم ئومىقىم
كىرەلمەيمەن (كىرىشكە ئىمكانىيىتىم يوق)
ئىپار ھىدلىقىم
يورۇق تەڭرىلەر ساقلىسۇن
يۇۋاشىم (مۇلايىمىم) بىلەن
يېقىنلىشىپ ئايرىلمايلى
كۈچلۈك تەڭرىلەر كۈچ مەدەت بەرسۇن
قارا كۆزلۈكۈم بىلەن
كۈلۈشۈپ ئولتۇرايلى

بۇ شېئىر ئا. لېكوكنىڭ 1919 ـ يىلى «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى توپلىمى» دا ئېلان قىلىنغان. «تۇرپاندىن تېپىلغان تۈركچە مانى دىنىغا دائىر يادىكارلىقلار» ناملىق ئەسىرىدە ئېلان قىلىنغان. تۈركىيىلىك بېسىم ئاتىلاي بۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلىپ گەرچە ئۇ مانى يېزىقىدا يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نوقۇل مانى دىنىغا ئائىت ئەسەر ئەمەسلىكىنى ئېيتقان. بۇ ۋەسىقە «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما

يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق توپلامدا هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلىنغان.

### «پەندى - نەسىھەت» شېئىرلىرى

*1) بىلىم ئۆگىنىش توغرىسىدا*

بىلىگ بىلىڭ يا بەگىم
بىلىگ ساڭا ئەش بولۇر
بىلىگ بىلەن ئول ئەرگە
بىر كۈن دۆلەت تۈش بولۇر
بىلىگلىگ ئەر بېلىگە
تاش قورسانسا قاش بولۇر
بىلىگسىزنىڭ يانىغا
ئالتۇن قويسا تاش بولۇر

(يەشمىسى: بىلىم ئۆگىنىڭ ئەي دوست، بىلىم سىزگە مەڭگۈ هەمراھ بولۇر. بىلىم ئۆگەنگەن ئادەمگە هامان بىر كۈن بەخت - دۆلەت بار. بىلىملىك كىشىنىڭ بېلىغا تاش قىستۇرسا، ئۇ گۆھەرگە ئايلىنىدۇ. بىلىمسىزنىڭ يېنىغا ئالتۇن قويسىمۇ تاشتەك بولۇر)

بۇ ۋەسىقە 1933 - يىلى ۋ. بانگ بىلەن رىشات رەھمەتىلەرنىڭ ئەنگلىيىدىكى «بۈيۈك ئاسىيا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى تۇرپان خەلق قوشاقلىرى» ناملىق كىتابتىن ئا. خوجا قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن.

ئاتىلار سۆزى
قىلماغۇ قىلىقلارنى
ئاشنۇچا سانىمىش كەرەك
سانىمادىن قىلمىشتاكىن
نە تېڭىن تانىمىش كەرەك؟
كىرىككەن تونلار كىرىن
سۇ ئۈزە يۇمىش كەرەك
سۆز كىرى كەتمەس يۇسا
نەتىگىن قىلمىش كەرەك؟

ئايىپسىز تېشىگە ئەر
بويىنىن سۇنمىش كەرەك
ئول ئانتاغ تۇزۇن بىرلە
تىرىگلىك قىلمىش كەرەك

(يەشمىسى: قىلماسقا تېگىشلىك قىلىقلارنى، ئالدى بىلەن ئويلاش كېرەك. ئويلىماي قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن تانماسلىق كېرەك. كىر باسقان تونلار كىرىنى سۇ بىلەن يۇيۇشقا بولىدۇ. لېكىن سۆز كىرى كەتمەس يۇسا، بۇنى قانداق قىلىش كېرەك. ئەيىبسىز ئاياللارغا ئەرلەر بويسۇن ئېگىش كېرەك. ئاشۇنداق ھەققانىي ئايال بىلەن ئۆمۈرلۈك بىرگە تىرىكچىلىك قىلىش كېرەك.)

بۇ شېئىر رەشىت رەھمەت ئاراتنىڭ «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ توپلىمى» دا ئېلان قىلىنغان «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى تۈركچە يازما يادىكارلىقلار» دېگەن ئەسىرىدىن ئا. خوجا قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. بىز مۇشۇ كىتابتىن ئازراق قىسقارتىپ ئالدۇق.

باشقىلار تەرىپىدىن «ئاتىلار سۆزى» دەپ ئىسىم قويۇلغان بۇ ئەدەبىي ۋەسىقە قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ دېداكتىكا ژانىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى بىلىش ۋە بۇ دەۋر شېئىرىيىتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە بىزنى ئىشەنچلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت شېئىرىي ئەسەرلەر ئىچىدە يەنە «تۇغقانلارنى سېغىنىش» قاتارلىق ۋەسىقىلەرمۇ بار. بۇ ئەسەر «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى» ناملىق كىتابتا تولۇق بېرىلگەچكە بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالمىدۇق.

### «مانىغا مەدىيە» نىڭ پارچىسى

«مانىغا مەدىيە» ناملىق بۇ شېئىرنىڭ پارچىلىرىدىن ۋ. بانگ بىلەن گابائىن خانىم 1930 - يىلى ««گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» دە ئېلان قىلىنغان. بۇ شېئىر ئەسلىدە جەمئىي 123 كۇبلېت بولۇپ، ئۇنىڭدىن 18 كۇبلېتى ئا. خوجا ۋە تۇرسۇن ئايۇپ قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن.

مانى دىنى ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋردە غەربىي ئاسىيادا ئېنىقراق ئېيتقاندا پىرسىيە (ئىران) دە پەيدا بولغان. بۇ دىن بارلىققا كەلگەندىن تارتىپلا تەقىپ قىلىنىپ چەكلىمىگە ئۇچراپ كەلگەن.

شۇنداق بولۇشقا قارىماستىن ئۇ دۇنيادىكى كۆپلىگەن جايلارغا ـ ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ ھەتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككىچە كەڭ تارقالغان. تۇرپان رايونىدا بىر مەھەل يىلتىز تارتقان. مانى دىنىنىڭ ئىجادچىسى قەدىمكى ئىرانلىق مانى تەخمىنەن مىلادىيە (216 ـ 273 ـ يىللار) بولۇپ، ئۇ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا ئاسترونومىيە بىلىملىرى ۋە رەسىم سىزىشقا قىزىقىپ بۇ جەھەتتىن مەلۇم ئىقتىدارغا ئىگە بولغان. ياش ۋاقىتلىرىدا نۇرغۇن ئەللەرنى ئايلىنىپ، خىلمۇ خىل دىنلار بىلەن تونۇشقان. خرىستىئان، زوروئاستىر ۋە بۇددا دىنلىرىنىڭ ئەقىدىلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈش ئاساسىدا ئۆز دىنىنى ياراتقان. بۇ دىنىنى ساسانىلار خانلىقىنىڭ خانى شاپور I (مىلادىيە 241 ـ 272 ـ يىللار) دەۋرىدە تارقىتىشقا كىرىشكەن. بۇ دىن دەسلەپ ئوردىدا ئەتىۋارلانغان بولسىمۇ، لېكىن شاپور I ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەختى ۋارىسى بەھرام I (273 ـ 206 ـ يىللار ) ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە بۇ دىنىنى خەۋپلىك دەپ قاراپ چەكلىگەن ھەمدە مانىنى ئۆلتۈرگۈزگەن. مانى دىنىنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرىنى كۆيدۈرىۋەتكەن. لېكىن مانىنىڭ چوقۇنغۇچى مۇخلىسلىرى ھەر قايسى ئەللەرگە قېچىپ يۈرۈپ بۇ دىنىنى كەڭ تارقاتقان. مانى دىنى ۋەسىقىلىرىدىن قارىغاندا، مانى دىنى تەلىماتىنى «ئىككى مەنبە، ئۈچ زامان (پەيت)» دېگەن ئاساسىي ئەقىدىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىكى «ئىككى مەنبە» يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت، دۇنيانىڭ تۈپ ئىككى مەنبەسىنى، «ئۈچ زامان» بولسا دۇنيانىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسىدىن ئىبارەت ئۈچ پەيتىنى كۆرسىتىدۇ. مانى دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە دەسلەپكى زاماندا ئالەم تېخى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئالەمدە پەقەت يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق مەۋجۇت بولۇپ، ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشمىغان. كېيىن قاراڭغۇلۇق تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ماددىي دۇنيانى شەكىللەندۈرگەن، بارلىق ياخشىلىق يورۇقلۇقتىن، بارلىق يامانلىق قاراڭغۇلۇقتىن كەلگەن، بۇ پەيتتە قاراڭغۇلۇق ئۈستۈنلۈك قازىنىپ، يورۇقلۇقنى ئۆز ئاسارىتى ئاستىغا ئېلىۋالغان. بىر قېتىملىق داۋالغۇش ئارقىلىق ماددىي دۇنيا پاچاقلىنىپ ئاخىرقى پەيت بولىدۇ. شۇ چاغدا يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ چېگرىسى قايتىدىن ئايرىلىدۇ. شۇ ۋاقىتقا بارغاندا ئىستىقامىتى قەتئىي، ساداقەتمەن مۆرتلار جەننەتكە، ناپاك، يامانلار دوزاققا كىرىدۇ دەپ قارىلىدۇ. (ئا. نۇردۇن «مانى دىنى ۋە ئۇنىڭ تۇرپان رايونىغا كۆرسەتكەن تەسىرى» ناملىق ماقالە «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2002 ـ يىللىق 2 ـ سان) مانى دىنىنىڭ تەڭرىسى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە «مانى بۇرھان» دەپ ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «يورۇقلۇق» بىلەن «قاراڭغۇلۇق» تىن ئىبارەت «ئىككى يىلتىز» ۋە «ئۈچ زامان» تەلىماتى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. يورۇقلۇق روھقا، قاراڭغۇلۇق جىسمانىي تەلەپلەرگە قارىتىلغان. بۇ دىنىنىڭ پەلسەپىۋى ئەقىدىسىدە يەنە «ئىككى يىلتىز»، «ئۈچ زامان» تەلىماتى ئالاھىدە تەكىتلىنىپ بارلىق ياخشىلىق ۋە ساۋابلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى «يورۇقلۇق» كاتېگورىيىسىگە تەۋە دەپ قارىلىدۇ. مانى دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى سوغدىلار ئارقىلىق ئاۋال غەربىي يۇرتقا مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىشقا باشلىغان، مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (بۆكۈخان ئەن لۇشەن شىسىمىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىپ، چاڭئەندىن قارابالغا سۇنغا قايتقاندىن كېيىن) شەرقىي قىسىم ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ كىرگەن. بۇ تارىخىي ئۇچۇرلارنى بىز «بۆكۈخان رىۋايىتى»، «قۇتلۇق قاغاننىڭ دىنغا كىرىش خاتىرىسى» (يۇقىرىدا بۇ ۋەسىقە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا خەنزۇچە ئېلان قىلىنغان) قاتارلىق ئەسەرلەردىن نەقىل ئېلىپ كۆرۈپ ئۆتتۇق. مانى دىنى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىمۇ بەزى رايونلارغا تارقالغان. بۇ ھەقتە «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قوچو تەزكىرىسى» دە: «... قوچو ھۆل ـ يېغىنى ئاز ناھايىتى ئىسسىق جاي ... ئۇلار نەغمە ناۋاغا ئامراق ... بۇ يەردە 50 ئورۇندا بۇددا ساڭرامى، يەنە مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئىرانلىق راھىبلار بار» دەپ خاتىرىلەنگەن. 1902 ـ يىلدىن 1907 ـ يىلغىچە تۇرپاندا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بارغان

گېرمانىيىلىك لېكوك خارابىلىقلاردىن مانى دىنىنىڭ تام رەسىملىرى بىلەن نەپىس رەسىم، تۇغ بەلگە، دىنىي نوملارنى تاپقان. مانى دىنى ھۆججەتلىرى بىر خىل يېزىقتا يېزىلغان بولماستىن كۆپ خىل يېزىق شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇلار ئىچىدە قەدىمكى ئىران كىلاسسىك ئەسەرلىرى، دىنىي ئەقىدىلەرگە ئائىت ماقالە ـ تەمسىللەر، مەسەللەر دىنىي رايونلارنىڭ تارىخىغا دائىر ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قالغانلىرى بولسا مانى مەدىھىيە شېئىرلىرى، تىلاۋەتنامە ياكى تۆۋەنامىلەردىن ئىبارەت.

«مانىغا مەدىھە» ناملىق بۇ شېئىردا مانى دىنى ئەۋلىياسى دەپ قارالغان، مانىغا بولغان ھۆرمەت ۋە ئالقىش مەدھىيە بايان قىلىنغان.

## ئون ساۋابلىق ئىشقا مەدھىيە

بۇ شېئىر قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن ئاتساڭنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئۇ مەزمۇن جەھەتتىن «بۇددا ئاۋاتانساكا ئاتلىق سۇدۇر» غا مەدھىيە ئوقۇشتىن ئىبارەت. بۇ شېئىر جەمئىي 14 كۇبلىت، ھەر بىر كۇبلىتى 8 مىسرادىن بولۇپ، ئومۇمىي ھەجمى 112 مىسرادىن تەركىب تاپقان، ئەسەر باش ۋە ئاياغ قاپىيە شەكلىدە يېزىلغان. بۇ شېئىر بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدىكى «قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىرلار» تىرپلىمىنىڭ 36 ـ 37 ـ بەتلىرىدىن ئېلىنىپ، بۇنىڭ 9 ـ كۇبلىتى «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دا ئېلان قىلىنغان. شۇڭا ئەسەرنىڭ ئەسلى تېكىستى بېرىلمىدى.

ئىدىقۇت شېئىرلىرىنىڭ تېما ۋە مەزمۇن دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئىلىم ـ مەرىپەت، ئىشق ـ مۇھەببەت، تەبىئەت گۈزەللىكى، ئادالەت ئىنسانپەرۋەرلىك بۇددا، مانى دىنلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ خىل شېئىرلار ئىسمائىل تۆمۈرنىڭ «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابىدا كەڭ مۇلاھىزە قىلىنغاچقا بۇ يەردە تەپسىلىي توختالمايمىز.

## ئۆزلەشتۈرمە ـ تەرجىمە تۈرىدىكى ئەدەبىي ۋەسىقىلەر

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى ھەر تەرەپلىمە تەرەققىياتقا ئېرىشكەن بولۇپ، بەزى ئەدىبلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يېزىقىدا ئۆز خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ئەسەر يازسا يەنە بىر قىسىم ئەدىبلەر تەقلىدىي ئىجادىيەت ۋە تەرجىمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەرنىڭ بەدىئىي ئەسەرلىرىنى ھەر خىل ئېھتىياج زۆرۈرىيەتلەر تۈپەيلىدىن مىللىي مەدەنىيەت زېمىنىگە ئېلىپ كىرگەن. بۇ دەۋردە بۇددىزمغا ئائىت تەرجىمە ۋە ئۆزلەشتۈرمە ئەسەرلەر ئەڭ كۆپ تەرجىمە قىلىنغان. تۆۋەندە بىز مۇشۇ خىل تەرجىمە ۋە ئۆزلەشتۈرمە خاراكتېرلىك ۋەسىقىلەردىن دىنىدىن خالىي بىر قىسىم مۇھىم بولغان بىر قىسمى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## ئىزوپ مەسەللىرىنىڭ پارچىسى

«ئىزوپ مەسەللىرى» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنغان بۇ پارچىلىرىنى گېرمانىيىلىك 1 ـ قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 1902 ـ يىلىدىن 1903 ـ يىللىرى قوچو شەھەر خارابىسىدىن ئېلىپ كەتكەن. ئۇنى ئا. فون لېكوك 1922 ـ يىلى تۇنجى قېتىم گېرمان تىلىدا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. كېيىن ياپونىيىلىك خانېدا تورو ئەپەندى ئۆزىنىڭ «تارىخشۇناسلىققا دائىر ماقالىلار» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ قىسمىدا ئۇنىڭ ياپونچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان. گابائىن خانىمنىڭ قارىشىچە، بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى سۇرىيىلىك نىستۇرى دىنى تارقاتقۇچىلار تۇرپانغا ئېلىپ كىرگەن بولۇپ، كېيىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

«ئىزوپ مەسەللىرىنىڭ پارچىسى» ناملىق بۇ ۋەسىقە بىزگە قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەرب مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنى قوبۇل قىلىش تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىزنى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەرەققىياتىنى مۇھىم تارىخىي پاكىت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## ئالېكساندىر رىۋايىتى

«ئالېكساندىر رىۋايىتى» ئەسلىدە مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە گرېك تىلىدا يېزىلغان كىتاب بولۇپ، كېيىن ئۇ لاتىن، پارس ۋە ئەرەب

تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن. تۇرپاندىن تېپىلغان بۇ ۋەسىقە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن، موڭغۇلچە تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىدىن ئىبارەت. بۇ ۋەسىقە قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر ماكېدونىيىلىك ئىمپېراتور ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئەسلى ئىسمى ئالېكساندىر ماكېدونىسكى) رىۋايىتىنى تەتقىق قىلىش بىزنى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى گرېك باكتىرىيە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش جەريانى، ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمدىكى ھەمدىنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى، ئىسكەندەر ئوبرازىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قايتا ئىپادىلىنىشى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئىسلام ئەدەبىياتىدىكى غايىۋى ئادىل ھۆكۈمران، سەرپەتپەرۋەر پادىشاھ سۈپىتىدە يارىتىلىش جەريانى قاتارلىقلارنىڭ تارىخىي مەنبەئىنى بىلىش ۋە بۇ ھەقتە تارىخىي سېلىشتۇرمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا بىزنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## *چاشتانى ئىلىك بەگ قىسسىسى*

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەن «چاشتانى ئىلىك بەگ» ناملىق بۇ قىسسە (داستان) قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ نادىر نەمۇنىلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ ۋەسىقە قەدىمكى كۇسەن تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. لېكىن ئۇنىڭ تەرجىمە قىلغۇچىسىنىڭ نامى ئېنىق ئەمەس. بۇ ۋەسىقىنىڭ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە كۆچۈرۈلگەن ئەسلى نۇسخىسى گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەرىپىدىن 1913 - يىلدىن 1914 - يىللىرى ئارىلىقىدا تۇرپاندىن تېپىپ ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ، ھازىر ئۇ بېرلىن مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

## *چاشتانى ئىلىك بەگ بۇددا نومىلىرى*

چاشتانى ئىلىك بەگ بۇددا نومىلىرى ئىچىدىكى مۇھىم بىر رىۋايەتتىن ئىبارەت. ئۇ بۇددىزمنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە قوچو ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كىرگەن. بۇ قىسسىنىڭ خەنزۇچە تېكىستى ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان. «داساك جىلىڭ» (بۇددا نومىلىرىنىڭ ئومۇمىي توپلىمى) نىڭ 26 - تومىغا كىرگۈزۈلگەن. 1931 - يىلى ف. ك. مۇللېر «قەدىمكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرىكا) ژۇرنىلىنىڭ 4 - سانىدىكى ماقالىسىدا ئۆزىنىڭ بۇ ئەسەر توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان. 1980 - يىلى ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تېكىستىنى «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1 - سانىدا ئېلان قىلدى. كېيىن بۇ ئەسەرنىڭ تېكىستى «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىلى) غا كىرگۈزۈلگەن.

«چاشتانى ئىلىك بەگ» قەھرىمانلىق ھەققىدىكى ئەپسانىۋى تۇسكە ئىگە قىسسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەپسانىۋى قەھرىمان – چاشتانى ئېلىك بەگنىڭ يۈكسەك خەلقپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى مەدھىيەلەنگەن. ئۇنىڭدا جاسارەتلىك ھەيۋەتلىك قەھرىمان چاشتانى ئىلىگ بەگنىڭ ئۆز شەھرىگە چەكسىز بالايى - ئاپەت ۋە كېسەللىك ئېلىپ كەلگۈچى ياۋۇز جىن - يەكلەرنى مەغلۇپ قىلىپ ئۆز ئېلىگە تېنچلىق ئاسايىشلىق ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ۋەقەلىك بايان قىلىنغان. شۇنداقلا بۇددىزمنىڭ جىن - يەكلەرنى يوقىتىش ۋەقەلىكى بايان قىلىنىش ئارقىلىق، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت كۈچلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئارزۇ - غايىسى ئىپادىلەنگەن.

## *شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى*

بۇ ۋەسىقىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تولۇق نامى «بۇتساتۋا سامتسۇ ئاچارىنىڭ يۈرۈگىن ئۇقۇتماق ئاتلىغ نوم بىتىگ» بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتىلىشى «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى بۇددا نومىلىرىنىڭ كامىل ئۇستازى بۇدساتۋانىڭ تەرجىمىھالى». خەنزۇچە (菩萨大唐三藏法师传) بۇ يادىكارلىقنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئۈچ خىل نۇسخىسى بىزگىچە يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ بىرى، 1930 - يىلى شىنجاڭدىن تېپىلغان، ھازىر بېيجىڭدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخا. بۇ نۇسخا ئەينى دەۋردىكى مەلۇم بىر سودىگەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېيىن ئۇ باشقىلارغا سېتىۋەتكەن. بۇنى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى فو لى ئەپەندى 1930 - يىللاردا شىنجاڭدىن سېتىۋېلىپ كېيىن بېيجىڭ

كۇتۇپخانىسىغا سېتىپ بەرگەن. بۇ نۇسخىنىڭ ئومۇمىي ھەجمى 378 ۋاراق بولۇپ، ئۇنىڭ 248 ۋارىقى ھازىر بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ۋارىقىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى 14×8 سانتىمېتىر، ھەر ۋارىقىنىڭ ئىككىلا يۈزىگە خەت يېزىلغان، ئۇنىڭ ھەر بىر بېتىگە 27 قۇردىن خەت كۆچۈرۈلگەن. يەنە بىرى، جوستو يېيكدىن 1932- يىلى شىۋېتسىيە ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتىگە قاتنىشىپ سۈرىيەدىن بېيجىڭغىچە بولغان سەپەر جەريانىدا باشقىلاردىن سېتىۋالغان پەقەت سەككىز ۋاراقتىن ئىبارەت كەمتۈك نۇسخا، كېيىنكى بىرى، فرانسىيەدە ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى. بۇ نۇسخىنى پ. پېللىئوتنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مەلۇم بىر ياۋروپالىق سودىگەر فرانسىيە گۇيمېت مۇزېيىغا سېتىپ بەرگەن. ھازىر مۇشۇ مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان بۇ نۇسخا جەمئىي 123 ۋاراقتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا بۇ ئەسەرنىڭ يەنە باشقا خىل نۇسخىسى رۇسىيىنىڭ سانكتپېتېربورگدا ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم. ئەمما بۇ نۇسخا خېلى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنىڭ سىرتىدا قالغان. 1971 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگى توگۇشېۋا بىلەن مونگىلىبۇلار بىرلىكتە يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسىرىدە ئېلان قىلىنغان. ھەمدە ئۇنىڭغا ئەسلىي قولىيازمىنىڭ سۈرەتكە ئېلىنغان فاكسىمىل يەتتە بەت تېكىستىنى قوشۇمچە قىلغان. 1980- يىلى توگۇشېۋا يەنە «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ تولۇقسىز نۇسخىسى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ، مۇشۇ ئەسەرنىڭ 5 - قىسمىنىڭ ئاخىرقى بۆلۈمىنى تەتقىق قىلدى. ئۇ يەنە 1991- يىلى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق كىتابىنى موسكۋادا نەشر قىلدۇردى. ھەمدە بۇ كىتابقا ئەسەرنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. يېقىنقى يىللاردا ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، بۇ ئەسەرنىڭ بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان يەنە باشقا تولۇقسىز ئىككى نۇسخىسىنىڭ بارلىقى مەلۇم. بۇلار ئايرىم - ئايرىم ئىككى قولىيازمىغا تەئەللۇق بولۇپ، بۇنىڭ بىرسى گابائىن خانىم تەتقىق قىلغان 8 ۋاراقلىق تۇرپاندىن تېپىلغان نۇسخا، يەنە بىرى، تېپىلغان يېرى ئېنىق بولمىغان تولۇقسىز نۇسخىدىن ئىبارەت. بۇ ئەسەرنىڭ بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنى 1951 - يىلى فېڭ جياشېڭ ئەپەندى رەتلەپ چىققان ھەم بۇ نۇسخىسىنىڭ 1930 - يىلى دىخۇا (ئۈرۈمچىنىڭ بۇرۇنقى نامى) دىن تېپىلغانلىقىنى ئېنىقلىغان. «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق بۇ ئەسەر ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بىردەك ھالدا 10- ئەسىردە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارىشىدۇ. مەملىكىتىمىزدە گېڭ شىمىن ئەپەندى 1979 - يىلى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى، 7 - بۆلۈمى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىنى «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 4 - سانىدا ئېلان قىلغان. كېيىن قاھار بارات ئەپەندى بۇ ئەسەرنىڭ 3 - بۆلۈمى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ ھەقتىكى ماقالىسىنى «تۈركى تىللار تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 16 - سانىغا ئېلان قىلغان. «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» گەرچە بىر تەرجىمە ئەسەر بولسىمۇ لېكىن ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلار ئىچىدە بىر قەدەر مۇكەممەل ۋە تولۇق ساقلانغان ئەسەر بولۇپ، ئۇ 10 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى يەر - ناملىرى، يىپەك يولى، تىل - يېزىق ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يادىكارلىقنىڭ بىر قىسمى ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بىلەن بىرلىكتە ئابدۇقېيۇم خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابتا ئېلان قىلىنغان. بۇ يادىكارلىق تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر بۇددا نوم ئۇستازى شۇەنزاڭنىڭ شاگىرتى خۈيلى تەرىپىدىن شۇەنزاڭنىڭ ئېغىزچە ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە يېزىلغان مەشھۇر ئەسەر. بۇنىڭدا مىلادىيە 7 - ئەسىردە ئۆتكەن مەملىكىتىمىزنىڭ مەشھۇر سەيياھى ۋە بۇددا راھىبى شۇەنجۇاڭنىڭ ھاياتى ۋە ئىش - ئىزلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ ھازىرغىچە ئېلان قىلىنىۋاتقان

بۆلۈم پارچىلىرىدا شۈەنجۇاڭنىڭ ھىندىستاندىن قايتىش سەپىرىدە پامىردىن ئۆتۈشى، يەكەن، خوتەن، تەكلىماكان ۋادىلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، لوپنۇر ۋادىسى ئارقىلىق كارۋان يولىنى بويلاپ شىئەنگە قايتىپ كېلىش جەريانىغا ئائىت بايانلار ئالاھىدە تارىخىي قىممەتكە ئىگە. مەسىلەن، ئەسەرنىڭ ل. توكېشۋا ئېلان قىلغان نۇسخىسىدا («شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدىن پارچە» شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1984 - يىل سان) ئودۇن ئېلىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تارىخىغا ئائىت مۇھىم تەپسىلاتلار بار. ئۇنىڭدا ئودۇنلۇقلارنىڭ ئىككى خىل يېزىق قوللىنىدىغانلىقى، بۇنىڭ بىرسىنىڭ ھىندىستانچىغا ئوخشاش ئىكەنلىكى، ئودۇن (قەدىمكى خوتەن) شەھىرىنىڭ بىنا قىلىنىشى ۋە كېيىن ۋەيران بولۇشىغا ئائىت مۇھىم تارىخىي ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن.

## مايترى سىمىت

«مايترى سىمىت» (مايترىنىڭ ئۇچرىشىشى) بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ساقلانغان نۇسخىلىرى ئەڭ كۆپ بولغان بۇددىزم يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ 27 پەردىلىك (تېكىست ۋە مۇقەددىمىلىرى بىلەن) چوڭ ھەجىملىك سەھنە ئەسىرىدۇر. ئۇنىڭ تېكىستىدە بۇددا دىنى ئەقىدىسى بويىچە كەلگۈسىدىكى مايترىلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى رومانتىك ئۇسلۇبتا تەسۋىرلەنگەن. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئا. فون لېكوكنىڭ يول باشلىشى بىلەن تۇرپانغا كېلىپ مۇرتۇق ۋە سېڭگىم خارابىلىرىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە «مايترى سىمىت» نىڭ خېلى كۆپ فراگمېنتلىرىنى تېپىپ ئېلىپ كەتكەن. كېيىن گابائىن خانىم بۇ ئەسەرنىڭ گېرمانىيىدە ساقلانغان 6 خىل تولۇقسىز نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان. بۇلارنىڭ ئىككىسى تۇرپان سىڭگىمدىن تېپىلغان نۇسخا، يەنە ئىككىسى تۇرپان مۇرتۇق نۇسخىسى، ئەمما ئۇنىڭ ئىككى نۇسخىسى تېپىلغان جايى ئېنىق ئەمەس. گابائىن خانىم 1957 - يىلى مەينز (mainz) ئاكادېمىيىسىدە بۇ ئەسەرنىڭ 114 ۋاراقلىق نۇسخىسىنى كۆرگەن. 1961 - يىلى ئۇنىڭ فوتو سۈرەت نۇسخىسىنى ئېلان قىلغان. 1980 - يىلى تۈركىيىلىك س. تېكىن گېرمانىيىدە ساقلانغان «مايترى سىمىت» نىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، سىستېمىلىق رەتلەپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ گېرمانچە تەرجىمىسى بىلەن ئېلان قىلغان. 1959 - يىلى 4 - ئايدا قومۇل ناھىيىسىنىڭ تۆمۈرتى «تيانشان» يېزىسىدىن ئۇيغۇر چارۋىچى يەھيا رېھىم دالىدا مال بېقىۋېتىپ بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «مايترى سىمىت» نىڭ 586 ۋاراقلىق قولىيازما نۇسخىسىنى تېپىۋالغان (ئەسەرنىڭ بۇ قولىيازما نۇسخىسى ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ نۇسخا ئەسەرنىڭ مۇكەممەل ۋە تولۇق نۇسخىسى ھېسابلىنىدۇ). بۇنىڭدىن مۇكەممەل ساقلانغىنى 114 ۋاراقلىق بولۇپ، بۇ يادىكارلىقنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى 21.7×47.5 سانتىمېتىرلىق سېرىق قەغەزگە يېزىلغان. ئۇنىڭدىكى خەتلەر سولدىن ئوڭغا تىك شەكىلدە يېزىلغان. ئەسەرنىڭ بەزى پەردىلىرىنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ ئورۇنلىنىدىغان جايى ئەسكەرتىلگەن. ئەسەرنىڭ بىرىنچى پەردىسىنىڭ ئاخىرىغا (16 - ۋارىقىنىڭ ئارقا تەرىپىگە) ئەسەر نامىنىڭ «مايترى سىمىت» ئىكەنلىكى، بۇ سەھنە ئەسىرىنىڭ ھىندىچە نۇسخىسىدىن قەدىمكى قارا شەھەر تىلىغا ئۆزگەرتىلگەنلىكى، ئەسەرنىڭ كېيىن پىرتىيا راكشىت تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى قاتارلىقلار ئەسكەرتىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان پىرتىيا راكشىتنى گابائىن خانىم قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بېشبالىق (بۈگۈنكى جىمسار) دا ئۆتكەن بۇددىزم ئالىمى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان. قەدىمكى ئۇيغۇرچە «مايترى سىمىت» نىڭ كىتاب بولۇپ شەكىللەنگەن دەۋرى ھەققىدە ئالىملارنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس، گابائىن خانىم ئەسەرنىڭ گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان تۇرپاننىڭ سىڭگىم ئېغىزىدىن تېپىلغان نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپ بۇ ئەسەرنى 9 - ئەسىردە قەلەمگە ئېلىنغان، ئەمما ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنغان دەۋرى بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ دەپ قارىسا، فرانسىيىلىك ج. ھامىلتون ئەپەندى بۇ ئەسەرنىڭ گېرمانىيىدە ساقلانغان نۇسخىسى

بىلەن دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئىلگىرىكى مەزگىلدىكى ئوخشاشلىقنى ئاساسلىنىپ بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 10 ـ ئەسىرگە تەۋە يادىكارلىق دەپ قارىغان. فېڭ جياشېڭ ئەپەندى بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان دەۋرىنى 10 ـ ئەسىرگە تەۋە دەپ قارىغان. تۈركىيە ئالىمى سىناسى تېكىن بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە كىتاب بولۇپ شەكىللەنگەن دەۋرىنى 8 ـ ئەسىرگە تەۋە دەپ قارىغان. مەملىكىتىمىز تەتقىقاتچىلىرىدىن ئىسراپىل يۇسۇپ، گېڭ شىمىن ئەپەندى «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىپتىدائىي دىراما مايترى سىمىتنىڭ 2 ـ پەردىسى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسنى «تۈركلولوگىيە ئىلمىي» ژۇرنىلىنىڭ 1980 ـ يىللىق 4 ـ ساندا ئېلان قىلغان. كېيىن ئۇ يەنە مۇشۇ ژۇرنالنىڭ 1985 ـ ، 1987 ـ ، 1991 ـ ۋە 1993 ـ يىللىق سانلىرى ۋە باشقا ژۇرناللاردا بۇ ئەسەر ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىنى داۋاملىق ئېلان قىلغان. لى جىڭۋېي، ئىسراپىل يۇسۇپ، دولقۇن قەمبىرى، ئابدۇقېيۇم خوجا قاتارلىقلارنىڭ بۇ ئەسەر ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىمۇ ئالاھىدە سالماق ئورۇنغا ئىگەن. مەسىلەن، لى جىڭۋېي «مايترى سىمىت» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى ھەققىدە ناملىق ماقالىسى «قەشقەر پېداگوگىكا ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ (خەنزۇچە) 1981 ـ يىللىق 1 ـ ساندا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە «مايترى سىمىت»نىڭ قومۇل نۇسخىسى 2 ـ بۆلۈمى ھەققىدە تەتقىقات ناملىق ماقالىسى (1982 ـ يىلى چىڭخەي مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ماقالىلار توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن). «مايترى سىمىتنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نامى ھەققىدە ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسى («دۇنيادىكى دىنلار تەتقىقاتى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 2 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان) قاتارلىق ئالتە پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئىسراپىل يۇسۇپ، دولقۇن قەمبىرى، ئابدۇقېيىم خوجىلار «قەدىمكى ئۇيغۇرچە مايترى سىمىت نىڭ 3 ـ پەردىسى (بۆلۈمى) ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسنى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1982 ـ يىللىق 1 ـ ساندا ئېلان قىلدى. ئۇلارنىڭ يەنە «قەدىمكى ئۇيغۇرچە مايترى سىمىت نىڭ 2 ـ پەردىسى (بۆلۈمى) نى تونۇشتۇرۇش» ناملىق ماقالىسى («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىللىق 4 ـ سان) «قەدىمكى ئۇيغۇرچە چوڭ تىپتىكى بۇددا دىنى دىرامىسى — مايترى سىمىت» نىڭ مۇقەددىمىسى ھەققىدە تەتقىقات ناملىق ماقالىسى («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان) قاتارلىق 10 نەچچە پارچە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

لىن مېيسۇن ئەپەندىنىڭ «قەدىمكى توخرى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى (مايترى سىمىت) نىڭ خاراكتېرى ھەققىدە» («بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1991 ـ يىل 2 ـ سان) ناملىق ماقالىسى، جاڭ لۇڭچۈننىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە (مايترى سىمىت) نىڭ قومۇل نۇسخىسىنىڭ مۇقەددىمىسى ھەققىدە ئىزدىنىش» («شىنجاڭ سەنئىتى» 1995 ـ يىلى 2 ـ سان) قاتارلىق ماقالىلىرى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەتقىقاتچىلىرى ق. ماخمۇدوۋا ۋە ق. سادىقوۋلارنىڭ «قەدىمكى تۈرك پوتوگى مايترى سىمىت» ناملىق ماقالىسى قاتارلىقلار ئالاھىدە قىممەتكە ئىگىدۇر. «مايترى سىمىت» ناملىق بۇ يادىكارلىقنىڭ ھازىرغىچە قەدىمك ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 7 خىل نۇسخىسى بار. بۇ ئەسەردە پېرسوناژلارنىڭ سۆھبىتى دىئالوگ شەكلىدە بايان قىلىندۇ. كەلگۈسى بۇرھان — مايترىنىڭ پائالىيەتلىرى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق بۇددىزم ئەقىدىسى ۋە غايىلىرى تەرغىب قىلىنىدۇ. ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ بىر قەدەر تولۇق بولغان تۆت خىل قولىيازما نۇسخىسى بار. بۇنىڭ بىرى، شورچۇق نۇسخىسى بولۇپ، ئۇنىڭ تىلى توخرىچە، ئىككىنچىسى، تۇرپان سىڭگىم نۇسخىسى بولۇپ، ئۇنىڭ تىلى ئۇيغۇرچە، ھازىر گېرمانىيىدە ساقلانماقتا. ئۈچىنچىسى، 1959 ـ يىلى قومۇل تۆمۈرتىدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە نۇسخا. تۆتىنچىسى، قاراشەھەر شېكشىندىن تېپىلغان توخرىچە نۇسخا. بۇلاردىن 1 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ نۇسخىلار ئاپتونوم رايون مۇزېيىدا ساقلانماقتا. «مايترى سىمىت» نىڭ قومۇلدىن تېپىلغان نۇسخىسى بىر قەدەر تولۇق نۇسخا

بولۇپ، بۇ نۇسخىنىڭ بىر قىسىم بۆلىكى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتابتا ترانسكرىپسىيىسى ۋە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى ئېلان قىلىنغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش رەهبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن 1987 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايترى سىمىت» ناملىق كىتاب نەشر قىلىندى.

**ئىزاهاتلار:**

① ئابلاجان ئۇمتىيار«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشرى 236 ـ بەت.

② ئىسمائىل تۆمۈرى، گۈلمېهرە«بۇددا دىنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمي ژۇرنىلى» 2003ـ يىللىق 1 ـ سان)

③ گابائىن قاتارلىقلار تۈزگەن«تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» نىڭ 2 ـ قىسىم 7 ـ 9 ـ بەتلەر. (فېڭ جاشېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن«ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى. 1 ـ قىسىم 35 ـ بەت.

④ فەن ۋېنلەن«جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» خەنزۇچە نەشرى 4 ـ توم، ئۇيغۇرلار قىسمى

⑤«كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» گە قارالسۇن

⑥ ئا مۇهەممەت ئىمىن«غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 345 ـ بەت.

⑦ ئى. تۆمۈرى«قوچو ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 380 ـ بەت.

⑧ ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق«قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىي هاياتىغا نەزەر» («تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىللىق 2 ـ سان)

كۆك بۆرە ـ بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ توتېمىنى بىلدۈرىدۇ. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىكى خىسلەتلىك كۆك بۆرەنىڭ ئوغۇزخانغا يول باشلاپ ماڭغانلىقى ئۇنى نۇسرەتكە ئېرىشتۈرگەنلىكى هەققىدىكى ۋەقەلىك بىلەن باغلىنىشلىق ئىگە.

⑧«خەننامە» 854 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل نەشرى.

⑨«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 ـ قىسىم 106 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى

⑩غالىب بارات «كروران ئېلىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى»،«مىراس» ژۇرنىلى 2004 ـ يىللىق 3 ـ سانى

⑪ ت. بورورۋۇنىڭ«شىنجاڭدىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمىنىڭ تەرجىمە توپلىمى» دىكى 482 ـ نومۇرلۇق هۆججەت («نىيە ئارخېئولوگىيىسىگە دائىر ماتېرىياللار» خەنزۇچە)

⑫⑬ غالىپ بارات«كروران ئېلىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى» ناملىق ماقالە «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىلى 3 ـ سان

⑭⑮«مىراس» ژۇرنىلى 2004 ـ يىللىق 3 ـ سان 34 ـ بەتكە قارالسۇن.

⑧⑰⑯ لەرمۇ ⑫⑬ ئىزاهاتتىكى بىلەن ئوخشاش بىر مەنبەدىن ئېلىندى.

(ئاپتورلار: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ ئالىي مۇهەررىرى)

تەھرىرلىگۈچى: **ئالىم قېيۇم**

دېمىترى. د. ۋاسلىېف (موسكۋا)①

# قەدىمكى تۈرك يازما مەدەنىيىتىدىكى ياۋروپا - ئاسىيا رايون تەركىبلىرى توغرىسىدا

تەرجىمان: مامۇتجان ئىمىن ئېلتېگىن

يېقىنقى مەزگىللەردە جەنۇبىي سىبىرىيە، مەركىزىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپادىن تېپىلغان نۇرغۇنلىغان مەڭگۈ تاش يازمىلىرى «ئورقۇن - يېنىسەي تىپىدىكى قەدىمكى تۈرك يازمىلىرى (the Old turkic monuments the Orkhon and Yenisey type runiform inscriptions so called ——) قانداق باغلىنىدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە قەدىمكى تۈرك ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. بۇ مەسىلە ھەتتا ھېچ بولمىغاندا جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە مەركىزىي ئاسىيادىن يېڭىدىن تېپىلغان ناھايىتى روشەن ھالدا بىزگە ھازىرچە تونۇشلۇق بولغان، شۇنداقلا مەنىي تارىخىي ئانالىز (—— ethno historical analyses) تەتقىقاتىغا تەۋە بولغان قەدىمكى تۈرك رونىك يازمىلىرىنىڭ (the Old Turkic runic script) مەنبەسى ئۈستىدىكى تالاش-تارتىشلارغىمۇ سەۋەب بولدى. شۇنىڭدەك، ئۇ ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، قەدىمكى يېزىقشۇناسلىق (paleography) ۋە يىل دەۋرى قاتارلىقلارغا ئاساسلانغان ھەر خىل تەتقىقاتلارغا، ھەتتا ناھايىتى ياخشى تەتقىق قىلىنغان تۈرك رونىك يازمىلىرىنىڭ ۋارىئانتلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارغىمۇ كەسكىن ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ باردى. بۇ مەسىلىلەر ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان رونىكچە يازمىلارنىڭ كىشىنى قايىل قىلغۇدەك تەرجىمىسىنىڭ بولماسلىقى، شۇنىڭدەك ئۇلارنى يېشىپ ئوقۇشنىڭمۇ تېخىچە ئەڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە تۇرۇۋاتقانلىقى قاتارلىق پاكىتلار سەۋەبلىك تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى.

***ماقالىدىكى ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: رونىك يازمىلىرى (runic script)، رونىكچە يازمىلار (runiform script) قەدىمكى تۈرك مەدەنىيىتى (culture Old Turkic).***

ئالدى بىلەن ياۋروپا-ئاسىيادىن تېپىلغان رونىكچە تېكىستلەرنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى.

**لېنا ۋادىسى (Lena valley) بىلەن بايقال رايونىدىن تېپىلغانلىرى (Baikal region)**

بۇ جايلاردىن 20 پارچىدىن ئارتۇق مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقى تېپىلغان بولۇپ، ئۇلاردىن ئىككىسى تولىمۇ يوغان بالبال (menhirs)، بەختىمىزگە قارشى ھالدا بۇ رايوندىن تېپىلغان بۇ يازمىلارغا ئائىت بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ناھايىتى ئاز نەرسىلەرلا ئېلان قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى قەتئىي پەرەز قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

***سايان - ئالتاي رايونى (Sayan - Altai region) بىلەن يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىدىكى ئويمانلىقلاردىن (upper Yenisei valley) تېپىلغانلىرى***

بۇ يەرلەردىن 20 پارچىدىن ئارتۇق مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرى شۇنداقلا، ئۇششاق سۆڭەك ۋە مېتال پارچىلىرىغا ئويۇلغان نۇرغۇن يازما يادىكارلىق تېپىلغان. يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى، بۇ جايلاردىن يەنە بىر تاش ھەيكەلگە ئويۇلغان بىر يازمىمۇ تېپىلدى. بۇ رايوندىن تېپىلغان بالباللاردىكى يازمىلارنى يېنىسەي تىپىغا تەۋە قىلىش ياكى

قىلماسلىق مەسىلىسىدە ئالىملار ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىشلار نۇرغۇن.

### شىنجاڭدىن تېپىلغانلىرى

بۇ يەردىن بىر ئادەمنىڭ پورتېرىتى سىزىلغان ھەيكەلدىكى بىر دانە يازما يادىكارلىق، شۇنداقلا دۇنخۇاڭدىن قالايمىقان رەسىملەر سىزىلغان بىر رەسىم تېپىلغان.

### غەربىي جەنۇبىي سىبىرىيىدىن تېپىلغانلىرى *(South - western Siberia)*

ئاقۇغ تاشتىن (**Achuq Tash**) بىر دانە ياغاچ توقماق تېپىلغان؛ كوي سارى ( **Koi - Sary**) ۋە ئىلى ۋادىسىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاش پۈتۈكلەر.

### مەركىزىي ئاسىيادىن تېپىلغانلىرى

پەرغانىنىڭ ئىسفارىن (**Isfarin**) رايونىدىن تېپىلغان ساپال پارچىلىرىدىكى يازمىلار؛ چىمكەنت رايونىدىن تېپىلغان لاي ئورۇندۇقلاردىكى يازمىلار؛ ئارال رايونىنىڭ (**Aral region**) شەرقىي قىسمىدىن قېزىۋېلىنغان بۇيۇملاردىكى يازمىلار؛ شىمالىي توخارىستان (**Tokharistan**) دىن تېپىلغان ساپال پارچىلىرىدىكى يازمىلار؛ قىزىل قۇمدىن (**Kyzyl Qum**) تېپىلغان بىر پارچە تاش يازما.

### ئۇرال رايونىدىن تېپىلغانلىرى

ۋىياتكا ۋە كاما (**Vyatka and Kama**) دەريا جىلغىسىدىن، شۇنداقلا پېرم (**Perm**) تېرىتورىيىسىدىن تېپىلغان ئىمپورت قىلىنغان كۈمۈش بۇيۇملاردىكى يازمىلار؛ بۇلغار ۋە بىلياردىكى (**Bilyar**) ساپاللاردىكى يازمىلار.

### ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى، شىمالىي كاۋكاز، شىمالىي قارا دېڭىز رايونىدىن تېپىلغانلىرى

بۇقىنىڭ ئۈستىخىنىغا ئويۇلغان بىر پارچە يازما، دون دەرياسىنىڭ بويىدىكى ماياكو ۋادىسىدىن (**Mayackoe gorodische**) تېپىلغان ئون پارچىدىن ئارتۇق يازما؛ كۇبان (**Kuban**) دەرياسىنىڭ قېشىدىكى قارا چاي (**Karachai**) رايونىدىكى كومارىنسكو (**Khunmarinskoe**) ۋادىسىدىن تېپىلغان ئون پارچىدىن ئارتۇق يازما؛ سۆڭەك بەلۋاغدىكى يازمىلار.

### غەربىي جەنۇبىي ياۋروپادىن تېپىلغانلىرى

مۇرفاتلاردىن (**Murfatlar**) تېپىلغان يازمىلار؛ ناگىسزېنتمىكلوس (**Nagyszentmiklos**) خەزىنىسىدىن تېپىلغان قاچىلىما بۇيۇملاردىكى يازمىلار؛ سۆڭەك بۇيۇملاردىكى يازمىلار؛ سىزارۋاش (**Szarvas**) ۋە كالوكسا (**Kalocsa**) يازمىلىرى؛

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مەڭگۈ تاش رونىكچە يادىكارلىقلارغا ئائىت مىساللاردىن ئىبارەت. گەرچە ئۇلار ئىككىنچى تۈرك خاقانلىقىدىكى قەدىمكى تۈرك يازمىلىرى بىلەن بەزى ئالاھىدىلىكلەردە ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما يېزىقنىڭ ئالاھىدىلىكى جەھەتلەردىن ئۇلاردىن خېلى كۆپ پەرقلىنىدۇ. بۇ رايونلاردىكى رونىكچە يازمىلاردا ئىشلىتىلگەن سىمۋوللۇق بەلگىلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئورقۇن، يېنىسەي، سەمىرەخ (**Semirech's**) ۋە شىنجاڭدىن (**East Turkistan**) تېپىلغان يازمىلاردىن ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

تۆۋەندە بىز بۇ يازما يادىكارلىقلارنى ئېتنىك تارىخىي كونتېكستكە (**historical context - ethno**) ماس كېلىدىغان ماددىي مەدەنىيەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى.

ئالتاي گۇرۇپپىلىرىدىن مەيدانغا كەلگەن تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان، مەركىزىي ئاسىيادىن بىر خىل ئۆزگىچە مەنىۋى ئەنئەنىنىڭ ئارىلاشمىسىنى، شۇنداقلا بىر خىل مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئېلىپ كەلگەن تىلى قەبىلىلىرى مىلادىيە 4 - ئەسىرلەردە شەرقىي ياۋروپا ياپلاقلىرىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغان. ئۇلارنىڭ ياۋروپا - ئاسىياچە قورال - سايمانلىرى، ئىگەر جابدۇقلىرى، بەلۋاغلىرى، تۇرمۇش روزىغارلىرى، ئاش - تائاملىرى قاتارلىقلار ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى، ئۇلارنىڭ يازما مەنبەئەلىرى ئۇلار ياراتقان ياۋرو - ئاسىياچە مەدەنىۋىي مەدەنىيەت ۋە سەنئەتلىرىدىكى ئەفسانە - رىۋايەتلىرى، پانتېزملىق ۋ دۇنيا قاراشلىرى ۋە داستان - ئېپوسلىرىدا، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ تامغىلىرى، زىننەت بۇيۇملىرى ۋە تەسۋىرىي ئەسەرلىرىدە ساقلىنىپ قالغان.

تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ياۋرو - ئاسىيادىكى ئەڭ بۇرۇنقى تارىخى شەكلى ئالاھىدىلىك جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشاش، ئەمما بەزىبىر ئېنىق دېتاللاردىن بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان سىمۋوللۇق

ئالاقىلىشىش سىستېمىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. قىيا تاش يازمىلىرى بىلەن ئانىلىنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىلىرى بۇ يېزىقلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى بەلگىلىرىدىن ئىبارەت. نۇرغۇنلىرى غايىۋى، خۇسۇسىي ۋە قەبىلىۋى شەكىللەرنىڭ رولىغا ئىگە بولغان بۇنداق تولىمۇ قىسقا، ئىپتىدائىي، مەنىلىك يېزىقنىڭ② باشقا بىر ئېلىپبە سىستېمىسى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكىگە بىر نەرسە دېيىش تولىمۇ قىيىن. بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇنداق رونىكچە يازمىلارنىڭ نۇرغۇنلىرى تۈرك دۆلەتلىرى مەيدانغا كەلگەن كورنو ـ ئالتاي (Corno ـ Altai Region) رايونلىرىدىن كۆپلەپ تېپىلماقتا. بۇ يەردىكى تاش بىرىكمىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى، مەسىلەن، يالپاق تاش II (Yalbak ـ Tash)، بىچىكتو بوم (Bom ـ Bichiktu) بەش ئۆزەك (Besh ـ Ozek) قاتارلىق جايلاردىن قىيا تاش ئويمىلىرى ۋە تامغا بەلگىلىرى رونىكچە يازمىلار بىلەن بىرلىكتە تېپىلغان تاش بىرىكمىلەر ھەتتا بىر ئارىلىق مەزگىلدىمۇ ئۇچۇرلارنىڭ يېزىق ھالىتىدە قانداق ئەۋەتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ۋاقىت جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىن بىرلىككە كېلىشىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەر ئىدى.

6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالتايدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىر قىسمى يايلاقتا (stsppe) ئۆزلىرىنىڭ رەقىبلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، تارىختا تۇنجى قېتىم ئىككى قىتئەدىن ھالقىغان تۇنجى قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنى قۇردى. ئورتاق دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى تېخىمۇ مۇرەككەپ بولغان ئالاقىلىشىش سىستېمىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. ۋاھالەنكى، بۇ ۋاقىت دەل ئىلگىرىكى مۇكەممەل بولمىغان ئېلىپبە سىستېمىسىنى (the imperfect alphabetical systems) بىرلەشتۈرۈش ئېھتىياجى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىنغان ۋاقىت ئىدى. بۇ دەل ھازىرقى زامان ئالىملىرى رونىك يازمىلىرى ( runic scipt) غا قارشى ھالدا رونىكچە يازمىلار (runiformscript) دەپ نام بېرىلگەن ۋاقىت ئىدى، بۇنداق يازمىلارنىڭ ئەڭ ۋەكىللىك مىساللىرىنى كېيىنكى مەزگىلدە ئورقۇن ۋادىسى، كوشوت سايدام (Koshot Ssidam) ۋە يېنىسەي دەريا ۋادىسى، شۇنداقلا شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان يازمىلاردىن ئۇچراتقىلى بولىدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، بۇ قەبىلىنىڭ قاغانلىقنى قۇرۇشقا قاتناشقان سىياسىي رەقىبلىرىمۇ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىچكى توقۇنۇشقا دۇچ كەلدى. خېلى بۇرۇنلا بىرىنچى قاغانلىق مەزگىللىرىدە بايقال كۆلىدىكى تاكى شىمالىي پونتىك (Pontik region) رايونىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىپايان زونىدا خۇسۇسىي ۋە قەبىلىۋىي تۇققاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلىگۈچى يازمىلار كېيىنكى مەزگىلدە قەدىمكى تۈرك يازما مەدەنىيىتىنىڭ ئوخشاشمىغان ئېقىملىرىنى تەشكىل قىلغان ئېتنىك رايون جەھەتتىكى كۆپ خىللىقنى ئىپادىلەشكە باشلىغان ئىدى.

ھالبۇكى، بۇ جەرياندا بىرىنچى تۈرك قاغانلىقىنىڭ (First Turk Qaganate) گۇمران بولۇشى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى. ۋاقتىنچە، مەركىزىي ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى مىراسخورلۇقىغا تۈركچە يازمىلارنىڭ قەدىمكى ۋارىسلىرىنى ئىزچىل تۈردە قوللىنىپ كەلگەن غەربىي تۈرك قاغانلىقى (Western Turk Qakanate) ۋارىسلىق قىلدى. شىمالدا ۋولگا ـ ئورال رايونلىرىغىچە، غەربتە مەركىزىي ياۋروپاغىچە بولغان ئارىلىققا تارقالغان رونىكچە يازمىلارنىڭ بەزى قالدۇقلىرى غەربىي تۈرك قاغانلىقىدا خېلى بىر مەزگىلگىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى.

مەركىزىي ئاسىيادا شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ (Eastern Turk Qakanate) قۇرۇلۇشى بىلەن پۈتكۈل قاغانلىق دائىرىسىدە بىرلىككە كەلگەن، ئومۇمىي دېئالېكتىكىلىق قەدىمكى تۈرك ئېلىپبە سىستېمىسىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئىدىيىسى يېڭىۋاشتىن ئوتتۇرىغا چىقتى. ناھايىتى مۇكەممەل ئېلىپبە سىستېمىسىغا ئىگە بولغان ئورقۇن يازمىلىرىنىڭ تۇيۇقسىزلا ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى سەۋەب، بەلكىم، قەدىمكى تۈرك يازما سىستېمىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ۋارىئانتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھ قىلىشنىڭ بىرىنچى قاغانلىق

مەزگىللەردە ئاللىبۇرۇن باشلىنىپ بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. پۈتكۈل قاغانلىق دائىرىسىدە بىرلىككە كەلگەن يېزىقنى قوللىنىشنى تۈنجى بولۇپ ھېس قىلغۇچى بەلكىم بۇددىزىم مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەرنى تۈركچىگە ئۆرىگەن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ سوغدىلار (Sogdoan) ئارىسىدىكى پائالىيەتلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن خاتىرە تاش تىكلەتكەن تاسپار قاغان ( Taspar Qakan) بولۇشى مۇمكىن. خۇددى نۇرغۇنلىغان ئالىملار كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، سوغدىلارنىڭ ئورقۇن يازمىلىرىدىكى تەسىرىنى سوغدى يازمىلىرىنىڭ قاغانلىق يازمىلىرىدا قوللىنىلغانلىقى ھەم ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا قوللىنىلغانلىقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ دەۋر دۆلەتنىڭ قايتىدىن مەيدانغا كېلىشىگە ماس كېلىدىغان ئاساسلىق ئالاقىلىشىش تىلى (lingua franca) ئۈستىدە ئەمەلىي ئىزدىنىش دەۋرى ئىدى. ئىككىنچى قاغانلىق قۇرۇلغان مەزگىلدە ئەينى دەۋردىكى ئېلىپبە ئېقىملىرى ئۇنسۇرىسىدىكى پەرق ۋە كۆپ خىللىقنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي ئەقىدىلىرىگە ماس كەلمەيدىغانلىقى ۋە بۇ خىل كۆپ مىللەت سىياسىتىنىڭ ھوقۇقدارلىرى تەرىپىدىن ھېس قىلىنغان ئىدى. ناھايىتى روشەنكى، ئورقۇن يازمىلىرى دەل ئاشۇ خىل بىرلىككە كەلگەن يازما تىل ۋە ئېلىپبەنى ئىجاد قىلىش مەقسەت قىلىنغان سىياسەتنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئەنئەنە ئاساسىدا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقا مىللەتلەر ئېلىپبە سىستېمىسىدىن مەلۇم تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بۇ يېزىق يالغۇز دۆلەت ۋە خەلق ھاياتىدا مەيدانغا كەلگەن مۇھىم ئىشلارنى خاتىرىلەش مەقسىتىدە ئىجات قىلىنغانلا بولماستىن، بەلكى يەنە قاغانلىق دائىرىسىدە مەۋجۇت بولغان ئوخشاشمىغان يات ئەللەر ۋە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئېلىپبەسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەقسىتىدىمۇ ئىجات قىلىنغان ئىدى.

نەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر ياۋرو-ئاسىيا چارۋىچى مىللەتلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلغان رونىك يازمىلىرى بىلەن رونىكچە يازمىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كەلسەك، تېخىمۇ كۆپ مەڭگۈ تاشلارنىڭ بايقىلىشىغا ئەگىشىپ يېقىنقى مەزگىللەردە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان تالاش-تارتىشلار 21-ئەسىردىكى قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتكۈچى، شۇنىڭدەك تۈرك-رونىك تەتقىقاتىغا قارىتىلغان تېخىمۇ كۆپ بەس-مۇنازىرە، تالاش-تارتىشلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەشكىل قىلغۇسى. دېمەك، بۇ بارلىق ياۋرو-ئاسىيا رونىكچە يازمىلارنىڭ پىشمىغان ئېتنىك تىلشۇناسلىق خاراكتېرىدىن پۈتۈنلەي خالى بولغان فاكسىمىل نۇسخىسى نەشر قىلىنىدىغان ناھايىتى مۇۋاپىق بىر دەۋر بولىدۇ.

تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن ئۈچ مىسال دەل فۇنكسىيە جەھەتتە بىر-بىرىگە يېقىن كېلىدىغان ئاتالمىش رونىكچە يازمىلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ 1) ھۇنگىرىيىدىكى كالوكسا (Kalocsa) دىن تېپىلغان، يىل دەۋرى 7-8-ئەسىرگە تەۋە بولغان ياچاق ۋە ياچاقدان قاچىلانغان سۆڭەك خالتىدىكى يازمىلار (Dienes,1994)؛ 2) يىل دەۋرى 7-8-ئەسىرگە تەۋەن بولغان، تۇۋادىكى (Tuva) تۈرك شامان ئايمىرلىقتىكى ( Aymirlik Turk shaman) يازمىلار (ئوۋچىنكاۋا، 1981-يىل، 133-، 134-بەتلەر؛ ۋاسىلىف، 1983-يىل، 46-، 61-بەتلەر)؛ 3) يىل دەۋرى جەھەتتە تەخمىنەن 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدىغان دون دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان مانىخ دەرياسى (river Manich) بويىدىكى ھازار قەبرىستانلىقىدىن (Khazar grave) تېپىلغان يازمىلار (سېمنوۋ، 1966-يىلى، 108-، 109-بەتلەر)؛ 4) يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ يازمىنىڭ يالغۇز فۇنكسىيىسىلا ئوخشاش بولۇشتىن سىرت، يەنە ئۇلارنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىلىرىدە، يېزىق شەكىللىرىدە، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ بوشلۇق يۆنىلىشىدە بەلگىلىك ئوخشاشلىقلار مەۋجۇت.

ئۇلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان جۇغراپىيىلىك ئارىلىقىنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ يېزىق شەكىللىرىگە ئاساسلانغاندا، ياۋرو-ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر چارۋىچى چەۋەنداز-مەرگەنلەرنىڭ قورال-جاندۇقلىرىدىكى بۇ يازمىلارنى شەرقىي ياۋروپا قەدىمكى تۈرك رونىك يازمىلىرىغا (EERS) تەۋە دەپ قاراشقا

بولىدۇ④. ۋاھالەنكى، پۈتۈنلەي ئېتنىك ـ تىلشۇناسلىق تەرجىمىسىگە ئاساسلانغان EERS يازمىلىرى ھەققىدە يا كىشىنى قايىل قىلغۇدەك ئوقۇشلۇق يا توغرىلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان قىسقىچە ئوقۇشلۇق يوق. ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىگە كەلسەك، ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمۇ بىر ـ بىرسىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلار بۇ يازمىلارنىڭ يىل دەۋرىنى 6 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىققا تەۋە دەپ قارايدۇ. (شىرباك، 2001 ـ يىلى، 32 ـ ، 79 ـ بەتلەر). يەنە بىر چوڭ قىيىنچىلىق ئۇلارنىڭ خونتىكىسى، EERS يازمىلىرىدا قوللىنىلغان نۇرغۇنلىغان سىمۋوللۇق بەلگىلەرنى ئورقۇن ـ يېنىسەي ۋادىلىرىدىن تېپىلغان مەركىزىي ئاسىيا رونىك يازمىلىرىغا (CARS) سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى، يېقىنقى مەزگىللەردە ئاسىيادىن تېپىلغان سىمۋوللۇق بەلگىلىرى EERS گە نىسبەتەن ئورقۇن ـ يېنىسەي ياكى سەمىرەخ تىپىدىكى (Semirech,s type) يازمىلارغا ئانچە ماس كېلىپ كەتمەيدىغان مەڭگۈ تاش يازمىلىرى سەۋەبلىك، بىز قوللىنىۋاتقان EERS دېگەن ئاتالغۇ بارغانسېرى نامۇۋاپىقتەك كۆرۈنمەكتە. بۇ تىپتىكى تۈنجى مىسال ھەممىمىزگە مەلۇملۇق. يەنى تالاستىكى، ياغاچ تاياقچە بىلەن مىنۇسىنسكى (Minusinsk) مۇزېيىدىكى يادىكارلىقلار ئارىسىدىكى كىچىك تارازىدىكى يازما شەكىللەرنى ھەممىشە شەرقىي ياۋروپادىكى رونىكچە يازمىلارغا سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ (مالوف، 1959 ـ يىلى، 63 ـ ، 68 ـ بەتلەر؛ ۋاسلېف، 1978 ـ يىل، 96 ـ ، 98 ـ بەتلەر). بۇ ھەقتە يېقىندىن بايقالغان بايقالمىلارنىڭ نەشر ئەپكارلاردا تىل تاۋۇشى جەھەتتىن ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما EERS سىمۋوللۇق بەلگىلىرى روشەن ھالدا بىر ـ بىرىگە ماس كېلىدىغان رەسىم شەكلىدە كۆرسىتىشكە ھەم ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ جۇغراپىيىلىك ئارىلىقنى، تالاستىكى ياغاچ تاياقنى ئوخشاش بىر فونېتىكىلىق ئورۇندا كۆرسىتىش ناھايىتى مۇھىم بىر خىل ئەنئەنە ھېسابلىنىدۇ. ھەربىر ئالىمغا شۇ نەرسە تولىمۇ روشەن بولۇشى كېرەككى، بۇ سانىسىزلىغان سىمۋوللۇق ھەرپ بەلگىلىرى بىر ـ بىرىگە تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بۇنىسى شەك ـ شۈبھىسىز. EERS تە قوللىنىلغان سىمۋوللۇق بەلگىلەرنىڭ سانى بىلەن SRAC تە قوللىنىلغان سىمۋوللۇق بەلگىلەرنىڭ سانىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىشى ئىلگىرى مۇنداق بىر قانچە سەۋەب ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن ئىدى. بىر تەرەپتىن، پەقەت سانى چەكلىك بولغان كىچىك يازمىلاردىكى يېزىقلا بىزگە مەلۇم ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، مەركىزىي ئاسىيانىڭ سەمىرەخ (Semirech,s) بىلەن شىمالىي كاۋكاز رايونى (EERS جايلاشقان ئىككى ئالاھىدە رايون) بىلەن بولغان ئارىلىقنىڭ ناھايىتى يىراق بولۇشى شۇ سەۋەبتىن، ئالىملار ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كېلىپ چىقىش مەنبەداشلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى چۈشەندۈرۈشتە پەرەزگە ئاساسلىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان ئىدى. ھازىرچە بىزگە مەركىزىي ئاسىيا رايونىدىن تېپىلغان، ھەرپ شەكىللىرى EERS گە يېقىن كېلىدىغان يىگىرمە پارچىدىن كۆپ رونىكچە يازمىنىڭ بارلىقى مەلۇم. بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇ تىپقا كىرىدىغان يازما يادىكارلىقلار جايلاشقان يېڭىچە ئورۇنلارنىڭ تېپىلىۋاتقانلىقىمۇ ناھايىتى مۇھىم. بۇ ئورۇنلار EERS نىڭ يەرلىك تارقىلىشى ۋە كۆپ خىللىقى (ئېنىقلىق، بەزى كۆپ خىللىق) نى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىر ھالقىسىمان بەلۋاغنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ يېڭى تېپىندىلار EERS نىڭ قانداق تارقالغانلىقى، ئۇنىڭ قەيەرلەردە قوللىنىلغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەردە يېڭى پەرەزلەرنى مەيدانغا چىقىرىشى مۇمكىن، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ يېشىپ ئوقۇلۇشىنى قولايلاشتۇرۇشى مۇمكىن. يېنىسەي ۋادىسى، ئالتاي ۋە قىزىل قۇمدىن تېپىلغان تاش يازمىلار، ئارال رايونىدىن تېپىلغان ساپال بۇيۇمدىكى يازمىلار، ۋولگا رايونىدىن تېپىلغان بۇيۇملاردىكى يازمىلار مۇشۇ خىلدىكى يېڭى بايقاشلارغا كىرىدۇ (ۋاسلېف، 1986 ـ يىلى، 42 ـ ، 44 ـ بەتلەر؛ كىزلاسوف. 1986 ـ يىلى، 106 ـ ، 144 ـ بەتلەر؛ كلياشتورنىي، لېۋنا، 1989 ـ يىلى، 87 ـ ، 96 ـ بەتلەر؛ دېۋېلىت، 1982 ـ يىلى، 109 ـ بەت؛ ۋاسلېف، 1983 ـ يىلى، 47 ـ بەت؛ كلياشتورنىي، ۋاسالى، 1987 ـ يىلى، روناتاس، 1985 ـ يىلى، ۋاسلېيىق، 1992 ـ يىلى). بۇ ھالقىسىمان بەلۋاغ ئەنئەنىۋى جەھەتتىن EERS نى تەشكىل

قىلغۇچى مەڭگۈ تاشلارنى (سىزارۋاس بىلەن كالوكسا ئەڭ غەرب تەرەپتىكىلىرى) بىر-بىرىگە باغلايدۇ.

ھالبۇكى، ھازىرچە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن رونىكچە مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىنىڭ كىشىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلىگۈدەك ئوقۇشلۇقىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئالىملارنىڭ ئۇلارنىڭ يېزىق شەكلى جەھەتتىكى ئوخشاشلىقىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشىدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇلار EERS نىڭ يالغۇز يىلتىزداش (homogeneous) بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئىچكى كۆپ خىللىقىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلار EERS نىڭ يېزىق شەكىللىرىنى سېلىشتۇرىدىغان ئېنىق ئۆلچەمنى ئالدىبۇرۇن ئىجاد قىلىپ بولدى. ئەمما، تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇلار ئاسىيادىن بايقالغان، تېپشۇناسلىق جەھەتتىن تولىمۇ يېقىن كېلىدىغان بايقالمىلارغا سەل قارىدى. بۇ سېلىشتۇرمىدىكى ئوخشاشلىقلار توغرىسىدىكى ئاساسلىق تالاش-تارتىش EERS نىڭ بەزى يېزىق شەكىللىرى ھەققىدە بولۇۋاتىدۇ.

تۈرك-رونىك يازمىلىرى بىلەن رونىكچە سىستېما ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە روس تۈركولوگىيە ساھەسىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ قوزغايدىغان پەرەز يېقىندا س. كلياشتورنىي (S. Klyashtorny) بىلەن كىزلاسوف (I. kyzlasov) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كلياشتورنىينىڭ قارىشىچە، شىنجاڭ بوستانلىقىدا رونىكچە يازمىلارنىڭ شەكىللىنىشى سوغدىلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن. بىرىنچى تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە رونىكچە يازمىلار ھاكىمىيەت قوغدىشىغا ئېرىشەلمىگەن ھەم ئىپتىدائىي بولغار قەبىلىلىرىدىن بولغان تېلىلار (Tiele) بىلەن غەربكە، ۋولگا ۋە دون رايونلىرىغا، ھەتتا بۇنىڭدىن تېخىمۇ يىراقراق بولغان دانۇبە (Danube) قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. كلياشتورنىي ئۇلاردىن ئالتىسى ۋاقتىنچە ساقلىنىپ قالغان دەپ قارايدۇ. كىزلاسوفنىڭ قارىشىچە، ئۈرگۈنلىگەن ئوخشاشمىغان رونىكچە سىستېمىلار مەۋجۇت بولغان ياۋروپا-ئاسىيا چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ بارلىق ياشاش مۇھىتىنى مۇنداق گۇرۇپپىغا ئايرىشقا بولىدۇ: ئاسىيالىقلار، ياۋروپا-ئاسىيالىقلار ۋە ئاسىيالىقلار. ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاسىيا گۇرۇپپىسىنى ئورقۇن، يېنسەي، جەنۇبىي يېنسەي، يۇقىرىقى يېنسەي دېگەندەك تارماق گۇرۇپپىلارغا بۆلىدۇ. ئۇ بۇ تارماقلارنى يالغۇز تۈركلەردىنلا ئەمەس، ساموييېدىكلەردىنمۇ (Samoyedic) كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ياۋروپا-ئاسىيا گۇرۇپپىسىغا ئۇ ئارامىك-سېمىتىك يىلتىزىغا تەۋە بولمىغانلارنى كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، شەرقىي ياۋروپا رونىك يازمىلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل يېزىق سىستېمىسىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئاسىيا رونىك يازمىلىرى (Asian runic script) بىلەن كېلىپ چىقىش جەھەتتىن بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە ھازار قاغانلىقى (Khazar Qakanate) بىلەن باشقا كۆپ مىللەتلىك ھاكىمىيەتلەردە رونىك يازمىلىرى تۈرك ئېتنىك گۇرۇپپىسىغا كىرمەيدىغان قەبىلىلەر تەرىپىدىن بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىدۇ.

قىسمەن تۈرك يازما مەدەنىيىتىدىكى ياۋروپا-ئاسىيا رايونى تەركىبلىرى توغرىسىدا مېنىڭ قارىشىم مۇنداق:

قەدىمكى تۈرك يازمىلىرىنىڭ ۋارىيانتلىرى يايلاقتا تۈركچە سۆزلىشىدىغان چارۋىچى قەۋملەر ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن، شۇنداقلا، بىر قانچە ئېتنىك رايون يېزىق ۋارىيانتلىرىغا ئىگە.

ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ ئىپتىدائىي رونىكچە يازمىلارنىڭ ئالتاي رايونىدىن تېپىلىشى؛ تۈركلەرنى، شۇنىڭدەك، رونىكچە يازمىلاردىكى ئەنئەنىۋى سىمۋوللۇق يېزىق بەلگىلىرىنى ئالدى بىلەن ئالتايغا باغلاپ چۈشەندۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئالتاينىڭ قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ مەيدانغا كەلگەن جايى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ[5] يۇقىرى بولۇشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ يازما مەدەنىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن

مەيدانغا كەلگەن.

رونىكچە يازمىلار بىرىنچى تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە ياۋرو ـ ئاسىياغا كەڭ تارقالغان.

سىياسىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر تۈپەيلىدىن، مۇنداق بىر قانچە يول بويىچە داۋاملىق تەرەققىي قىلغان. ئورقۇن رايونىدا سوغدىلارنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا ئىسلاھ قىلىنغان؛ شەرقىي ياۋروپادا تۈركچە سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر مەركىزىي ئاسىيادىن ئېلىپ كەلگەن يېزىقنىڭ قەدىمكى ئاساسى يەرلىك ئەنئەنە بىلەن بولغان ئۆزئارا مۇناسىۋەت ئارقىلىق تەرەققىي قىلغان (ئەلۋەتتە، كېيىنكى پەرەز بۇ يەردە رونىكچە يېزىقنىڭ پەقەت ئىككى خىللا يەرلىك ۋارىئانتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرمەيدۇ).

غەربىي ياۋروپادىكى تۈركچە سۆزلىشىدىغان چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ رونىكچە يازمىلىرى تولىمۇ غەرب تەرەپتىكى سايان ۋە ئالتاي رايونىدىكى تۈركلەرنىڭ قەدىمكى رونىكچە ۋارىئانتلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

شىمالىي كاۋكاز، ئارال كۆلى، فەرغانە، قازاقىستان ۋە ئېرتىش دەرياسى قاتارلىق جايلاردىكى رونىكچە يازمىلار شەرقىي ياۋروپا بىلەن مەركىزىي ئاسىيا مەڭگۈ تاشلىرى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

ئورقۇن يازمىلىرى بىرلىككە كەلگەن ئومۇمىي دىئالېكتىكىلىق ئېلىپبەگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن كۆپ قەبىلىلىك تۈركىي دۆلەت خېلى ۋاقىتلارغىچە ئورنىدىن تۇرالماي ئۇزۇن مەزگىل ئاخىرلاشتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئېلىپبەنى ئۆگىنىشنىڭ مۇمكىنلىقى ئەمەلگە ئاشتى ۋە بىر ئەنئەنىگە ئايلاندى.

يۇقىرىقى قاراشلىرىمغا مەن مۇنداق بىر نۇقتىنى قوشۇپ قويۇشقا ئالدىراۋاتىمەن، يەنى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى نۇرغۇنلىغان يازمىلار بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

مەركىزىي ئاسىيادىكى ھەم قەدىمكى ھەم ئىپتىدائىي بولغان بۇ قەدىمكى تۈرك يېزىق سىستېمىسى ئىككىنچى تۈرك قاغانلىقىنىڭ بىر دۆلەت بولۇپ قۇرۇلۇشى بىلەن ئىسلاھ قىلىنغان. بۇ جەريان تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ شەرقىي قىسىملىرىدا ھەم مەشھۇر بولغان ھەم كەڭ قوللىنىلغان سوغدى شەكىللىك ئېلىپبە سىستېمىسى (Sogdian grafico - alphabetic system) نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. سىياسىي سەر خىللار تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان بۇ جەرياننىڭ نەتىجىسىدە بىرلىككە كەلگەن، شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ يېزىق شەكىللىرى ۋە ئىملاسى بىرقانچە دىئالېكتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئورقۇن ـ يېنىسەي، سەمرەخ، كېيىنكى مەزگىللەردە شىنجاڭ رونىك يازمىلىرى ئىجاد قىلىندى. غەربتە يەنى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان تېررىتورىيىنىڭ ياۋروپا قىسمىدا قەدىمكى رونىكچە يازمىنىڭ قوللىنىلىشى ئوخشاشمىغان ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى. بۇ قەدىمكى يېزىق سىستېمىسى تۈركچە سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە غەربكە تاكى ۋولگا ۋە دون رايونلىرىغىچە تارقالدى. بۇ يەردە ئۇ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە بەزى ۋارىئانت شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. كېيىن، ھازار ـ بۇلغار دۆلىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى بىلەن بۇ قەدىمكى يېزىق ئاساسى تۈركچە سۆزلىشىدىغان ھەربىر قەبىلىدە پەرقلىق بولغان ھالدىكى باشقىچە تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈردى. ئۇ قەبىلە سىمۋوللۇق يېزىق بەلگىلىرى، رونىكچە مەدەنىيەتنىڭ كەڭ تارقىلىشى، يەرلىك تارىخىي ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى، شۇنىڭدەك چەت ئەللەرنىڭ تەسىرى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىر قاغانلىق ئۆلچىمى نۇقتىسىدىن، ناھايىتى يىراقتىن ئېلىپ كېلىنگەن بۇ كونا ئېلىپبە ئەنئەنىسىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك ئومۇمىي دۆلەت پروگراممىسى ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇ يەردە بۇ قەدىمكى رونىكچە يازما ئاللىبۇرۇن «غايىپ بولغان»⑥ ئېلىپبە سىستېمىسىغا ۋەكىللىك قىلدى. ئۇنىڭ ئوخشاشمىغان قەبىلىلەر ئارىسىدىكى قالدۇقلىرى ناھايىتى كۆپ ئوخشاشمىغان پەرقلەرنى تەلەپ قىلاتتى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشمىغان دەرىجىدىكى ئۆزگەرتىش، ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن يۈز بەرگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما،

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەسىلەن، بەزى ئېتنىك گۇرۇپپىلارغا نىسبەتەن، مەركىزىي ئاسىيا رونىك يازمىلىرىنىڭ قەدىمكى ۋارىئانتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ فونېتىكىسى ئاساسىدا مەدەنىي يادىكارلىق شەكلىدە ساقلاپ قېلىش ئارقىلىقمۇ بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ (بۇ يەردە سىزارۋاش ۋە كالوكسا يازما يادىكارلىقلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاتالمىش «قاھىرە ئالەمنىڭ پەيدا بولۇش ئەپسانىسى» (Genesis Cairo) ھەققىدىكى ھازار ۋەسىقىسىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى بار).

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① دېمىترىيېۋ دېمېترويېۋىچ ۋاسىلىۋ، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى. ئۇنىڭ ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىنىڭ ئادرېسى: dmvas@orc.ru

② «مەنىلىك يېزىق» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئىنگلىزچىسى «Ideogram - like inscriptions» بولۇپ، بۇ يەردىكى «Ideogram» دېگەن سۆز «مەنىلىك»، «مەنە بىلدۈرىدىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئاتالغۇنىڭ خەنزۇچىسىمۇ «表意文字» بولۇپ، ئۇمۇ «مەنە بىلدۈرگۈچى يېزىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تەرجىمىدە مۇشۇ ئىككى خىل يېزىقتىكى ئاتالغۇ ئاساس قىلىنىپ، «مەنىلىك يېزىق» دەپ تەرجىمە قىلىندى. (ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن)

③ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان مىساللار دون دەرياسى بويىدىكى بىر قورغاندىن تېپىلغان، يىل دەۋرى 8-، 9-ئەسىرلەرگە تەۋە بولغان ئوقيا قاچىلانغان سۆڭەك قاپلىق ئىچىدىكى باشقا بىر يازمىغا ئاساسلىنىلدى.(كىزلاسوۋ، 1986 - يىل 125 - بەت؛ سېمېنوۋ، 1966 - يىلى 102 - ، 103 - بەتلەر) گە قارالسۇن.

④ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار ئۈچۈن، كىلياشتورنىي، 1979 - يىل، 270 - بەت؛ ساۋۇنوۋ، 1984 - يىلى، 129 - بەت؛ سېمېنوۋ، 1966 - يىلى، 102 - ، 103 - بەتلەرگە قارالسۇن.

⑤ ئەسلى تېكىستتە «literacy » دەپ يېزىلغان بۇ سۆز «مەلۇم بىر شەخسىنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىش قابىلىيىتى» دېگەن مەنىدىن باشقا، يەنە «مەدەنىيەت» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، كونتېكىستنىڭ ئېھتىياجى بويىچە «مەدەنىيەت» دەپ ئېلىندى. (ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن)

⑥ بۇ ئىبارە ئاتالمىش سزېكېكيى (Szekeky runes) رونىك يازمىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلدى، ئەمما، ئۇ EERS نىڭ دەسلەپكى پارچىلىرىغىمۇ ماس كېلىدۇ. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار ئۈچۈن مۇنكاسىنىڭ 1913 - 1914 - يىللىرى يازغان ئەسىرىنىڭ 229 - بېتىگە قاراڭ.

(ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنغان «Acta Orientalia» ناملىق ژۇرنالنىڭ 2005 - يىللىق 4 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى).

(تەرجىمان: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى باشلانغۇچ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئوقۇتقۇچىسى)

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**

# ئۇيغۇرلارنىڭ «چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يېزىقى»

غالىپ بارات ئەرك

11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق قامۇسى ئارقىلىق شۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرى ۋە تارىخى قاتارلىق جەھەتلەردىن كۆپ ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان. بۇ قامۇس ئەسلىدىن تىل كىتابى بولغانلىقتىن، نۇرغۇن ئۇچۇرلار شەرھىسىز قالغان. شۇنىڭ ئۇچۇن بەزى بايان ۋە ئۇچۇرلارنى تەتقىق قىلىپ، ئەينى دەۋر تارىخىنى يورۇتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ماقالىمدە مەھمۇد كاشغەرى ئېيتقان، لېكىن كىشىلەر خاتا چۈشىنىپ كېلىۋاتقان، ئۇيغۇرلارنىڭ «چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يېزىقى» ۋە ئاتالمىش ئىككىنچى تىلنىڭ قانداق تىل ۋە يېزىق ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە شۇنداق يازغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە، لېكىن ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر شېۋىسىمۇ بار. ئۇيغۇرلار كىتابنىڭ باش قىسمىدا كۆرسىتىلگەن 24 ھەرپتىن ئىبارەت تۈركىي يېزىقنى قوللىنىدۇ. كىتاب ۋە خەت ـ چەكلىرىنى شۇ يېزىق بىلەن يازىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بار. رەسمىي خەت ـ چەك ۋە ھۆججەتلىرىنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ. بۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ...»①

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىدە بۇ ئىككى خىل يېزىق ھەققىدە ھېچقانداق ئىزاھات بېرىلمىگەن، لېكىن خەنزۇچە نەشرىدە «تۈركىي يېزىق» قا «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى»، «چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىق» نى «خەنزۇ يېزىقى بولۇشى ئېھتىمال»② دەپ ئىزاھلانغان. ئۇنداقتا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە تىلغا ئېلىنغان «چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىق» قانداق يېزىق؟ بۇ يېزىق مۇشۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدە گۇمان قىلىنغاندەك «خەنزۇ يېزىقى» مۇ؟

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇقىرىقى بايانىدىن ئايانكى، ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلار ئىككى خىل يېزىق ئىشلەتكەن. ئۇنداقتا ئىككى خىل يېزىق ئىشلەتكەن بۇ ئۇيغۇرلار قايسى دائىرىدە ياشىغان؟ بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەرى شۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئۇيغۇر، بىر ئەلنىڭ ئىسمى.... بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار. ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر: سۇلمى، قوچو، چانبالىق، بەشبالىق، ياڭى بالىق»③. مانا بۇنىڭدىن مەلۇم بولدۇكى، مەھمۇد كاشغەرى ئېيتقان ئۇيغۇرلار (مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار)، بىز تارىخ كىتابلىرىدا كۆرىدىغان ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا «چىنلىقلار» كىم؟ دېگەن سوئال تۇغۇلماي قالمايدۇ. بۇنىڭ جاۋابىنى يەنىلا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بايانىدىن ئىزدەيمىز.

«چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلىنىدۇ: بىرىنچى، يۇقىرى چىن، بۇ يەر شەرقتە بولۇپ تاۋغاچ دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى ئوتتۇرا چىن بولۇپ، خىتاي دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى، تۆۋەن چىن بولۇپ بارخان دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قەشقەردە. لېكىن ھازىر تاۋغاچ ـ ماچىن دەپ، خىتاي ـ چىن دەپ تونىلىۋاتىدۇ»④. بۇ ئۇچۇرلارنى مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، مەھمۇد كاشغەرى زامانىدىن بۇرۇن، ئىسلامىيەت دۇنياسى ئۆزى بىلىدىغان شەرقنى ئۈچكە بۆلۈپ چۈشەنگەن، لېكىن ئۇيغۇرلارغا ئىسلام دىنى تارقىلىپ، ئىسلام ئەللىرى بىلەن ئالاقە كۈچەيگەندىن كېيىن، بۇ قاراشتا ئۆزگىرىش بولغان. مۇشۇ ئۇچۇرغا ئاساسلانغاندا، 11 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا چىن يەنى خىتاي ـ چىن دېيىلىدىغان بولغان. ئەينى ۋاقىتتىكى تىل ئادەتلىرىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا

چىن شەكسىزكى يۇقىرى چىن (تاۋغاچ، ماچىن) بىلەن تۆۋەن چىن (بارخان، خاقانىيە) نىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولىدۇ. ئۇنداقتا ئوتتۇرا چىن قەيەرنى كۆرسىتىدۇ؟

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» گە بىر يۇملاق خەرىتە سىزىپ كىرگۈزگەن. خەرىتىدە ماچىن ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن. ماچىن يەنى تاۋغاچ جابارقا بىلەن قوشنا بولۇپ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ خەنزۇچە نەشرىدە سوڭ (960 ـ 1279) سۇلالىسى دەپ يېزىلغان. مۇشۇ خەرىتىگە مۇراجىئەت قىلساق، ماچىن دائىرىسىدىن چىقسا، قاتۇن سىنى، بىلاد ئۇيغۇر، سۇلمى، قوچو، چانبالىق، بەشبالىق، قۇملۇق ۋە سۇ سىڭىپ كېتىدىغان جايلار.... نى كۆرۈش مۇمكىن. يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلاشقان ئورنىغا كەلسەك، بىلاد ئۇيغۇر نامىنى مۇشۇ خەرىتىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلار «ئۇيغۇرلار دۆلىتى» دەپ، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلار ئۇيغۇر (畏兀儿) دەپ ئالغان. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ خەنزۇچە نەشرىدىكى خەرىتىدە ئۇيغۇر دېگەن 畏兀儿 دەپ، يۇقىرىدا بىز كۆرگەن بايانى تەرجىمە قىلغاندا 回鹘 دەپ ئېلىنغان. «قۇملۇق ۋە سۇ سىڭىپ كېتىدىغان جايلار» جۇغراپىيىدىن خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسى يەنى تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئاياق ئېقىنى ۋە قۇيۇلۇش ئورنىنى كۆرسىتىدۇ. خەرىتىدىكى سۇلمى ھازىرقى قاراشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىنى، قوچو تۇرپان شەھىرىدىكى قاراغوجا شەھىرى خارابىسى (ئىدىقۇت شەھىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى، بەشبالىق ھازىرقى جىمسار ناھىيىسى، چانبالىق ھازىرقى سانجى شەھىرى تەۋەسىنى، ياڭىبالىق ھازىرقى قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ غەربى، ماناس ناھىيىسىنىڭ شەرقى تەرەپلىرىنى كۆرسىتىدۇ. قاتۇن سىنى (خاتۇن سىينى، **KhatanSini**) خەنزۇچىغا خوتۇن شەھىرى، خوتۇن قەبرىسى دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنداقتا قاتۇن سىنى دېگەن قەيەر؟

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە قاتۇن سىنى نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇنداق ئۇچۇرلار بار:

«تاڭغۇت بېگىنىڭ دۈشمەندىن يوشۇرۇنۇشىنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلگەن: بېگىم پۇرسەت كۈتۈپ، ئەسكەرلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يوشۇرۇندى، تەڭرى ئۇنى غەلىبە بىلەن ئەزىز قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بەختى دۆلىتى يۈكسەلدى.... چىنغا يېقىن بولغان تاڭغۇت ئېلىنىڭ قوشۇنى غەلىبە قىلالمىسۇن دەپ، قاتتىق سوغۇقتا، ئۇلارغا كېچىسى ھۇجۇم قىلىندى، ئۇلارنىڭ خوتۇن قىزلىرى مەسخىرە قىلىندى، ئۇلار ئات ۋە ئەرلىرىنى بىزگە سوۋغا قىلدى، غەم ـ قايغۇغا پېتىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى.... قاتۇن سىنى (تاڭغۇت بىلەن چىن ئارىلىقىدىكى كىچىك شەھەرنىڭ نامى) خەلقى بىلەن تاڭغۇتلار جەڭ قىلىشتى؛ تاڭغۇت قاتۇن سىنى خەلقىنى مەغلۇپ قىلدى. (شېئىردا) مۇشۇ ئەھۋال بايان قىلىنىدۇ: قاتۇن سىنى خەلقى چۇقان سۈرەن كۆتۈرۈپ، تاڭغۇت خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ بېگى بىلەن دۈشمەنلەشتى، قانلىرى سۇدەك شاقىراپ ئاقتى، بويۇنلىرىدىن قىزىل سۇ سېغىلدى.... تاڭغۇت خانى قاتۇن سىنى خانىنى ئالدىدى، ئۆلۈم بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇردى؛ يېڭىلگەن ئادەمنى قېرىنداشلىرى ئەيىبلىدى، دۈشمەنلىرى خۇشھال بولدى، ئۆلۈمنى كۆرۈپ يۈزلىرى تاتىرىپ رەڭگى ئۆچتى...»⑤

**Tanggut** تاڭغۇت. تۈركلەردىن بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇلار چىنغا يېقىن جايلاشقان. ئۇلار نەسلىمىز ئەرەب دېيىشىدۇ»⑥. شۇ دەۋرلەردىكى بەزى يازمىلاردا خېشى تاڭغۇت يولى دەپمۇ ئېلىنىدۇ، مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئوتتۇرا ئەسىردە خېشى رايونىنى بىر مەزگىل تاڭغۇتلار ئىگىلەپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

مەھمۇد كاشغەرىدىن بىزگە يەتكەن يۇقىرىقى ئۇچۇرلاردىن، تاڭغۇت ۋە قاتۇن سىنىنىڭ بىر رايوندا ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. لېكىن چىنغا يېقىن جايلاشقان دېگەن ئىبارىنى ماچىنغا يېقىن جايلاشقان دەپ چۈشىنىش كېرەك. تاڭغۇتلارنى تۈركلەردىن دەپ سانىشىنىڭ سەۋەبى نامەلۇم. ئۇ

يەنە «چەت ئەللىكلەر بىلەن ئارىلىشىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىدىغان خوتەن، تۇبۇت خەلقلىرى ۋە تاڭغۇتلارنىڭ بەزىلىرىمۇ شۇنداق. بۇلار تۈركلەر ئېلىگە كېيىنرەك كەلگەن...» [7] دېگەن. دېمەك، تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلار قوشنا ياكى ئارىلاش ياشىغان، مەھمۇد كاشغەرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇرۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىردىن پارچە بەرگەن. بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەر بۇ تېمىمىزنىڭ مەقسىتى بولمىغانلىقتىن، بۇ ھەقتە قايتا توختالماي ئەسلى مەسىلىگە قايتساق، قاتۇن سىنى شەھىرىنىڭ ئورنى مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. قاتۇن سىنى شەھىرىنىڭ ئورنى ھەققىدە رۇس ئالىمى مالىيەۋكىن ۋە ياپونىيىلىك ئالىم، دوكتور ئابىتا كىئولار ئېدىزغول بويىدا دەپ قارىغان. ئېدىزغول ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان، ئالاخشا خوشۇنى دائىرىسىگە سوزۇلىدۇ. بۇ دەريا چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى تىلەنتاغ (تەڭرىتاغ) دىن باشلىنىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 821 كىلومېتىر، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قارا دەريا» دەپ ئاتالغان بۇ دەريانى موڭغۇللار ھازىر ئېجىسىنى غول دەپ ئاتايدۇ، خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى 额济纳河 دۇر. قاتۇن سىنى شەھىرى مانا مۇشۇ دەريا بويىغا جايلاشقان. بۇ ئەتراپ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم يۇرتلىرىدىن بىرى بولۇپ، تېگىن ۋە مەلىكىلەر تۇرغان. قاتۇن ئىبارىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ بۇ يەرنىڭ ئۇيغۇر تارىخىدىكى مۇھىم جاي ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. قاتۇن ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ خانىشى بولىدۇ، قۇنچۇي ئاتالغانلارنىڭ دەرىجىسى ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدۇ. قاتۇن ئەينى دەۋردە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە ئىدى، قانچۇيلار ھەرگىزمۇ ئۇلارغا تەڭداش بولالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قاتۇن سىنى ئەينى دەۋر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى دەپ ساناشقا بولىدۇ. مانا مۇشۇ ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، مەھمۇد كاشغەرى ئېيتقان چىن ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىن باشلاپ تۇرپان - قومۇللارغىچە سوزۇلغان. يەنە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، چەرچەن ۋە كۇچار چىننىڭ چېگرىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇلاردىن ئېيتقاندا، چىن ئەينى تارىخىي دەۋردىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى ۋە ئۇيغۇر گەنجۇ ئېلى دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئىچكى موڭغۇل رايونىغىچە سوزۇلغان، دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنداقتا مۇشۇ رايوندا ياشىغان ئاھالىلەر قانداق تىلدا سۆزلىشەتتى؟ «چىن ۋە ماچىن خەلقلىرىنىڭ ئايرىم تىللىرى بولسىمۇ، شەھەرلىكلىرى تۈركچىنى ياخشى بىلىدۇ. بىزگە يازغان خەتلىرىنى تۈركىي يېزىق بىلەن يازىدۇ. شۇنىڭدەك ئارىدا چوڭ سېپىل ۋە چىن يېنىدىكى تاغ دېڭىزلار بولغىنى ئۈچۈن، يەئجۇج ۋە مەئجۇجلەرنىڭ تىللىرىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس. تۇبۇتلەرنىڭ ئايرىم تىلى بار. شۇنىڭدەك خوتەنلىكلەرنىڭمۇ ئايرىم تىلى ۋە ئايرىم يېزىقى بار. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تۈركىي تىلدا چىرايلىق سۆزلىيەلمەيدۇ...». مانا بۇنىڭدىن قارىغاندا چىننىڭ چېگرىسى سەددىچىن سېپىلىنى پاسىل قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

«..... قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن. (بۇ يېزىقنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىكەنلىكى «دىۋان» نىڭ 10 - بېتىدىن مەلۇم —— ئاپتور). رۇم ئۆلكىسىدىن ماچىنغىچە بولغان تۈرك ئەللىرىنىڭ بويى بەش مىڭ پەرسەخ....» [9]

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۇچۇرلىرىغا ئاساسلانغاندا، چىن رايونىدا تۈركىي خەلقلەر ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئوتتۇرا چىن ۋە تۆۋەن چىن رايونلىرىنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئانا ماكانى دەپ بايان قىلغان، ھەتتا تۇبۇت، تاڭغۇت ۋە ئودۇنلارنى بۇ يەرگە —— تۈركىي خەلقلەر يۇرتىغا كېيىن كۆچۈپ كەلگەن، دەپ قارىغان. ئەينى ۋاقىتتا چىن رايونىدا ياشىغان ئاھالىلەر ئىچىدە تۈركىي خەلقلەر زور سالماقنى

ئىگەللىگەنلىكتىن، شەھەرلىكلىرى تۈرك تىلىنى بىلگەن ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا خەت ئالاقە قىلىشقان. بىز مۇشۇ ئەھۋاللارغا ئاساسلىنىپ، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ چىن رايونىنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ زېمىنى دەپ قارايدىغانلىقىنى، شۇڭا تۈبۈت ۋە تاڭغۇتلارنى بۇ يەرگە كېيىن كەلگەن دەپ قارىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ 10 ـ ، 11 ـ ئەسىرلەردە چىن رايونىدا ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نۇرغۇن تۈركىي خەلقلەر ياشىغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر گەنجۇ ئېلى (9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1028 ـ يىلىغىچە) ۋە ئۇيغۇر شاجۇ ئېلى (1067~1036) بولغان، بۇنىدىن باشقا تۇرپانىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى (9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە) ھاكىمىيىتى بولغان. تۆۋەن چىن رايونىدا ئۇيغۇرلار خاقانىيە سۇلالىسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئىدى. مەھمۇد كاشغەرى مۇشۇ سۇلالىنىڭ خاقان جەمەتىگە تەۋە كىشى، ئۇ مۇشۇ رايونلارنى 10 نەچچە يىل تەكشۈرگەن بولغاچقا، بۇ رايوننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللىرىدىن تولۇق خەۋەردار دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئۇنداقتا، «ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بار. رەسمىي خەت ـ چەك ۋە ھۆججەتلىرىنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ. بۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ....» دېيىلگەن يېزىق قانداق يېزىق؟

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يېزىقنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى تۈركىي يېزىقى دەپ ئاتىغان ۋە يېزىقتىن ئۆرنەك بەرگەن، بۇ تەرىپىنى مۇتلەقلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

رۇسىيىلىك ئاتاقلىق تۈركولوگ س. گ. كلياشتورنىي «غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى» ناملىق كىتابىدا، «مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇرلار ئىشلىتىۋاتقان ئىككى خىل يېزىق ئۈستىدە توختىلىدۇ. بۇلارنىڭ بىرسى ھەممىگە مەلۇم بولغان 24 ھەرپتىن تۈزۈلگەن يېزىقتۇر. بۇنى مەھمۇد كاشغەرى تۈركىي يېزىق دەپ ئاتايدۇ. ئىككىنچى خىل يېزىق ‹رەسمىي ئالاقىدىلا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلىدۇ ۋە ئىشلىتىدۇ› دەپ يازىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ يەردە سۆزلىنىۋاتقان يېزىق قەدىمكى تۈركلەرنىڭ رونىك يېزىقىدۇر. بۇ يېزىقتا كېيىنرەك پۈتۈلگەن يادىكارلىقلار تۇرپان بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇيغۇرچە ئەڭ بالدۇرقى قانۇنىي ھۆججەتلەر رونىك يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، تۇرپان ۋە دۇخاندىن تېپىلغان. دېمەك، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇقىرىقى مەلۇماتلىرى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدا رونىك يېزىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. ۋ. بانگ بىزگە مەلۇم بولغان ئۇيغۇرچە قوليازمىنىڭ رونىك يېزىقىدىكى خاتىمىسىنى 11 ـ ، 12 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق، دەپ قارايدۇ. ئالىم يەنە ‹فەخرىددىن مۇبارەكشاھ مەرۋەرۇدى مەھمۇد كاشغەرىدىن 100 يىل كېيىن يازغان كىتابىدىمۇ رونىك يېزىقنى توققۇز ئوغۇز، يەنى ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتايدۇ›» [10] دەپ يازغان. بۇ قاراشنى ئاتاقلىق ئالىم بارتولد ۋە تۈركولوگ كونونوۋلارمۇ قوللىغان. كونونوۋ «7 ـ 9 ئەسىرلەردىكى تۈرك رونىك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلارنىڭ گراماتىكىسى» ناملىق كىتابىدا بۇ قاراشنى قوللاپ ئېنىق ئىپادە بىلدۈرگەن[11].

چەتئەل ئالىملىرى جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھان كۈشاي» ناملىق تارىخ كىتابىدىكى «ئورقۇن دەرياسى بويىدا بىر شەھەر بىلەن ئوردا خارابىسى بار، شەھەرنىڭ نامى ئوردۇبالىق، بۇ شەھەر ھازىر ma'u بالىق (موڭغۇلچە ma'u سۆزى ۋەھشى، ئېبلىس دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ. ئوردا خارابىسىنىڭ سىرتىدا، چوڭ ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا خەت ئويۇلغان تاش بار ئىكەن. ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. خاقان تەختىنىكى ۋاقتىدا، بۇ تاشلارنى يۆتكەتتى، يۆتكەشتە بىر قۇدۇق بايقالدى،

قۇدۇقنىڭ ئىچىدە خەت ئويۇلغان چوڭ مەڭگۇ تاش بار ئىكەن، نۇرغۇن ئادەم چاقىرىلىپ بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ يېشىش ئېيتىلغان بولسىمۇ بىرمۇ ئادەم ئوقۇيالمىدى. شۇنىڭ بىلەن خىتايدىن.... دېگەن كىشىلەر چاقىرىپ كېلىندى. مەڭگۇ تاشقا ئويۇلغىنى ئەسلىدە ئۇلارنىڭ يېزىقى ئىكەن...»⑫ دېگەن باياندىكى مەڭگۇ تاش يېزىقىنى تۈرك رونىك يېزىقى دەپ قارىغان. مۇشۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە نەشرىدىكى ئىزاھاتقا قارىغاندا، بۇ مەڭگۇ تاش تۈرك رونىك يېزىقى، سوغداق يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدا يېزىلغان ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى ئىكەن.

ھازىر تەتقىقاتلاردا «چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان» بۇ يېزىق ھەققىدە بىز يۇقىرىدا كۆرگەندەك تۈرك رونىك يېزىقى دېگەن قاراش بار. ئېلىمىزدە «خەنزۇ يېزىقى» دەيدىغان بىر قاراش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. گەرچە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلغۇچىلار «خەنزۇ يېزىقى بولۇشى ئېھتىمال» دېسىمۇ، بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بۇ قاراشنى مۇتلەقلەشتۈرىدۇ. بۇنىڭغا تەتقىقاتچى لى شۇخۇينى كۆرسىتىشكە بولىدۇ، لى شۇخۇي ئەپەندى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى تۆت مەسىلىگە شەرھ» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغان، بۇ ماقالە دەسلەپ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى» نىڭ 1988 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا، كېيىن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلغان «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىگە ئائىت ماقالىلەردىن تاللانما» دېگەن توپلامدا، ئۇندىن كېيىن بىر قېتىم تۈزۈتۈلۈپ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تەتقىقاتى ماقالىلىرىدىن توپلام» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. تارىخ تەتقىقاتچىسى لى شۇخۇي ئەپەندى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان ھەم ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا ئۇيغۇرچىدىن توغرا دەپ قارىغان، يۇقىرىقى مۇناسىۋەتلىك بۆلەكنى «بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار يەنە چىنلىقلار بىلەن ئورتاق بىر خىل يېزىقنى قوللىنىدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەن ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە بىلمىگىنىم ئۈچۈن بۇ قاراشقا ھېچنەرسە دېيەلمەيمەن. لېكىن خەنزۇچە تەرجىمىدە ئوخشاش يېزىق دېمەستىن «ئوخشىشىدىغان يېزىق» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. لى شۇخۇي ئەپەندىنىڭ بۇ پىكرىنى قوبۇل قىلىشقا بولسىمۇ، باشقا پىكىرلىرىدە بەك كۆپتۈرىۋەتكەن، ئالايلۇق: «بۇندىن باشقا، يەنە ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىدە دېيىلگەن «يەنە بىر خىل شىۋىسى» ئەمەلىيەتتە خەنزۇ تىلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆز بىرىكمىسى ئىنگلىزچە نەشرىدە another language (باشقا بىر خىل تىل) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىدە خاتا تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېنىق. بۇ سۆز بىرىكمىسىدىكى شىۋىنى تىل دەپ ئۆزگەرتىش كېرەك»⑬ دەپ يازغان. لى شۇخۇي ئەپەندى «مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 11 ـ ئەسىردە قوچو قاتارلىق شەرقىي قىسىم رايونلاردا، خەنزۇ يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلاتتى. خەنزۇ تىلى يەنىلا بۇ رايوننىڭ ھاكىمىيەت تىلى بولۇپ يېتەكچى ئورۇندا تۇراتتى؛ خەنزۇ يېزىقى ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان يېزىق ئىدى. ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ كۆپى خەنزۇ تىلىنى بىلەتتى، ھېچ بولمىغاندا، ئەمەلدارلار ۋە بىلىمدارلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ تىل يېزىقىنى پىششىق بىلەتتى ۋە ئىشلىتەتتى، بەلكى خەنزۇ ئاھالىلىرى ئۇيغۇر تىلىنى بىلەتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى قوچو قاتارلىق شەرقىي قىسىم رايون قوش تىل ئىشلىتىدىغان دەۋرگە ئۆتىۋاتقان ئىدى. پۈتكۈل تارىخىي تەرەققىياتتىن قارىغاندا، شۇ يەرلىك خەنزۇ ئاھالىلىرى ئۇيغۇرلىشىش

جەريانىدا ئىدى»⑭ دەپ يازغان. لى شۇخۇي ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدا ماھىيەتلىك، لوگىكىلىق خاتالىق كۆرۈلگەن، ئۇنىڭ پىكرىچە «تۇرپاندا خەنزۇ تىلى ۋە مەدەنىيىتى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان، ئۇيغۇرلار خەنزۇ تىل يېزىقىنى ئۆگىنىپ ئىشلىتىۋاتقان، قوش تىل ئىشلىتىدىغان دەۋرگە ئۆتىۋاتقان» بولىدۇ، لېكىن خەنزۇلار ئۇيغۇرلىشىۋاتقان، نېمە دېگەن بىمەنىلىك؟ ماددىي، يازما پاكىتچۇ؟ لى شۇخۇي ئەپەندى گەرچە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۇرك» نىڭ ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە نۇسخىلىرىنى كۆرگەن بولسىمۇ، سوڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ ساياھەت خاتىرىسىنى كۆرمەي قالغان. سوڭ سۇلالىسى پادىشاھى سوڭ تەيزۇڭ سارايى ئەمەلدارى ۋاڭ يەندېنى ئەلچى قىلىپ، مىلادىيە 981-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى يولغا سالغان، مىلادىيە 984-يىلى ئەلچىلىكنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى تەۋەسىدە يېرىم يىلدەك تۇرغان بۇ ئەلچىنىڭ يازمىسىدا «... بۇ يەردە ئەللىكتىن ئارتۇق بۇددىزمنىڭ بۇدخانىلىرى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن قويۇلغان يازمىلار بار ئىكەن. بۇدخانىلار ئىچىدە مۇقەددەس نومىلار قويۇلغان، تاڭ يۈەن، يۈپيەن ۋە جىنيىغا ئوخشاش كىتابلار تېپىلىدىكەن... بۇ يەردە چى شۇلۇ (پادىشاھلىققا ئائىت پەرمانلار ساقلىنىدىغان قەلئە) بار، بۇ قەلئەدىن تاڭ (دەۋرىنىڭ) پادىشاھلىرى تەيزۇڭ ۋە مىن خۇاڭنىڭ پەرمانلىرى ۋە پادىشاھلىققا ئائىت خەت-چەكلەر يىغىپ (ساقلانغان). بۇ (پەرمان ۋە خەت-چەكلەر) ناھايىتى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە قۇلۇپلانغان....»⑮ دەپ يېزىلغاندىن باشقا، بۇ يەردە خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ بارلىقى ياكى خەنزۇ تىل يېزىقىنىڭ ھاكىمىيەت تىل-يېزىقى ئىكەنلىكى، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇملاشقانلىقى ھەققىدە تىنمايدۇ، نېمە ئۈچۈن؟ ۋاڭ يەندې بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئاھالىلەر ھەققىدە «(گاۋچاڭ) جەنۇبىي تۇركلەر-كۆكتۈركلەر (ندن تۇجۈ)، شىمالىي تۇركلار —— كۆكتۈركلەر (بېي تۇجۈ)، چوڭ چىگىللەر (داجۇگيۇ)، كىچىك چىگىللەر (شياۋ جۇگيۇ)، ياغما (ياڭمو)، قارلۇق (گېلۇ)، قىرغىز (شياجياسى)، بارمان (مومەن)، گېوزۇ ۋە ئۇرۇڭزۇ قەبىلىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن»⑯ دېيىش ئارقىلىق تېرىتورىيە دائىرىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبىدىن ئۇچۇر بەرگەن، لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەينى ۋاقىتتا تاۋغاچ دەپ ئاتالغان خەنزۇ ئاھالىلىرى تىلغا ئېلىنمىغان. شۇ دەۋردە ياشىغان ۋە ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىدە ئالتە ئايدەك يۈرگەن ۋاڭ يەندېنىڭ كۆرمىگەن، بىلمىگەن ئۇچۇرلىرىنى مىڭ يىل كېيىن ياشىغان تارىخشۇناس ئەپەندىمنىڭ قانداق بىلگەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ غەرىزى نىمىدۇ؟ ۋاڭ يەندې ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىدە خېلى ئۇزۇن تۇرغان. ئۇنىڭ ساياھەت خاتىرىسىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، لى شۇخۇي ئەپەندىنىڭ بەك كۆپتۈرۈۋەتكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. ناۋادا لى شۇخۇي ئەپەندى ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى يەكۈنلىرىنى ماددىي ئىسپاتلار —— ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنىڭ خەنزۇچە يارلىقى، ھاكىمىيەتكە مۇناسىۋەتلىك يەرلىكلەر يازغان خەنزۇچە يازما ئۇچۇرلاردىن دەلىل كەلتۈرگەن بولسا ئىدى، بىزمۇ شۈبھىلەنمەي قوبۇل قىلغان بولاتتۇق. ساياھەت خاتىرىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى دائىرىسىدە ھەرگىزمۇ لى شۇخۇي ئەپەندى ئېيتقاندەك خەنزۇ ئاھالىسى بولمىغان، ئۇنىڭدىن باشقا خەنزۇ تىل يېزىقىنىڭ بۇ يەردە ھاكىمىيەت تىل يېزىقى بولغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر، ماددىي پاكىت كۆرسەتمىگەن، «قوش تىل دەۋرىگە قەدەم بېسىۋاتقانلىقى» ھەققىدە تېخىمۇ ئۇچۇر يوق.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر ئېلان قىلىندى. ھازىرچە غەربىي يۇرت ۋە دۇخاندىن 400

پارچىدىن ئارتۇق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەسىقە ۋە دىنىغا مۇناسىۋەتسىز ۋەسىقىلەر تېپىلىپ ئېلان قىلىندى، بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپى موڭغۇللار دەۋرىگە مەنسۇپ. بۇلاردىن لى جىڭۋېينىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر ھەققىدە تەتقىقات» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1996 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) دە تۇرپان ۋە دۇخاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىن 80 پارچىسى ئېلان قىلىنغان. شۇ يىلى يەنە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن لى جىڭۋېينىڭ «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابى نەشر قىلىندى، بۇ كىتابقا تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىدىن 107 پارچىسى كىرگۈزۈلگەن. پەنلەر كاندىداتى مەترېھىم سايىت بىلەن تەتقىقاتچى ئىسراپىل يۇسۇپ تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» ناملىق كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2000 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشر قىلىندى، بۇ كىتابتا 125 پارچە ۋەسىقە ئېلان قىلىنغان. بۇلار ياپونىيىلىك ئالىم يامادانىڭ 1993 - يىلى ياپونىيە ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى» دىكى ۋەسىقىلەر سۈرىتىگە ئاساسەن سېلىشتۇرۇپ ئىشلەنگەن ھەمدە ئۆزلىرى تەتقىق قىلغان باشقا ۋەسىقىلەرنى قوشقان. فرانسىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس خاملتوننىڭ ئىككى توملۇق «9 - 10 - ئەسىرلەردىكى دۇخاننىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلىرى» ناملىق كىتابى ئېلان قىلىنغان. دوكتور ياڭ فۇشۆ بىلەن پروفېسسور نيۇ رۇجىلار «شاجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يادىكارلىقلىرى» (گەنسۇ مەدەنىيەت نەشرىياتى 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) ناملىق كىتابىدا، دوكتور خاملتون ئېلان قىلغان ۋە باشقا ۋەسىقىلەرنى قوشۇپ 42 پارچىنى ئېلان قىلدى.

تەتقىقاتچى ئىسمايىل تۆمۈرنىڭ «ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى) دە 25 پارچە ۋەسىقە ئېلان قىلىنغان. دوكتور ليۇ گېنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئېلىم - بېرىم ھۆججەتلىرىنى شەرھىيلىك تەرجىمە» (جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 2006 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) دە 29 پارچە ۋەسىقە (يامادانىڭ كىتابىدىكى ۋەسىقىلەر) نىڭ تەرجىمىسى ئېلان قىلىنغان ۋە تەتقىق قىلىنغان. ئاتاقلىق تۈركلوگ، پروفېسسور گېڭ شىمىننىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي پۈتۈكلەر تەتقىقاتى» (مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) دە 124 پارچە (بۇنىڭدىن باشقا خاقانىيە تەۋەسىدە يېزىلغان 4 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى، بىر پارچە ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە) ۋەسىقىنى ئېلان قىلدى. بۇلار بىز دەۋاتقان ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى، ئۇيغۇر گەنجۇ ئېلى ۋە ئۇيغۇر شاجۇ ئېلى دائىرىسىدە ياشىغان ئاھالىلەردىن زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر ھېسابلىنىدۇ. پروفېسسور نيۇ رۇجىننىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، شىنجاڭ ۋە دۇخاندىن چەت ئەلگە ئېلىپ كېتىلگەن يازما يادىكارلىق نەچچە تۈمەن پارچىگە يېتىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازمىلاردىن ئەنگلىيىلىك ستەيىن 60 - 70 پارچىدىن ئارتۇق ئېلىپ كەتكەن. گېرمانىيىلىك گرۇنۋېدېل ۋە لېكوكلار ئېلىپ كەتكىنى 8000 پارچە ئەتراپىدا، فرانسىيىلىك پېللىئوتنىڭ دۇخان ۋە كۇچاردىن ئېلىپ كەتكىنى 430 پارچە. ياپونىيىلىكلەر ئېلىپ كەتكىنى 2760 پارچە⑰. بىز مانا مۇشۇ تولۇقسىز مەلۇماتتىن قارىساقمۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن يازما تۈمەن پارچىدىن ئاشىدۇ، دېمەكچى بولغىنىمىز، ئاشۇ ئەللەردە مەيلى ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا بولسۇن، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىدا بولسۇن، خەلق ئارىسىدىكى ئېلىم - بېرىم ئىشلىرى ياكى دىنىي ئىشلاردا بولسۇن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

تەتقىقاتچى ق. ۋەلى كروراننىڭ «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» (شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 3 - بەت) ناملىق كىتابىدىكى «تۇرپاندىن تېپىلغان مىلادىيە 5 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر يېزىقى» ناملىق ماقالىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى 5 - ئەسىردە، سوغداق يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ خاتىرىلىنىشىدىن باشلاشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 5 - ئەسىرلەرگىچە قوللىنىلغان بولسا، سېرىق ئۇيغۇرلار تاكى 18 - ئەسىرلەرگىچە قوللىنىلغان، تېپىلمىلار ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» (1678 - يىلى كۆچۈرۈلگەن) ئەڭ ئاخىرقى يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن موڭغۇللارغا ئۆگىتىلگەن، موڭغۇللاردىن مانجۇلار ۋە شىبەلەر قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەن. تىل نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلساق بەزى مەسىلىلەر تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ:

پروفېسسور گاۋ لىچىن «ئوخشاشمىغان دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن خەنزۇچە سۆزلەر» ناملىق كىتابىدا، ئەنگلىيە ئالىمى كلاۋسوننىڭ «13 - ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈركىي تىللارنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى» دە خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن 92 سۆزلەم بارلىقى، تىلشۇناس چېن زوڭجېن «ئۇيغۇر تىلىغا بالدۇرقى دەۋرلەردە خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە 126 سۆزلەم بارلىقىنى ئېلان قىلغان. پروفېسسور گاۋ لىچىن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى خەنزۇ تىلىدىن كىرمە سۆزلەرنى ئېنىقلىغان، 1 - تومدا 17 سۆز، 2 - تومدا 15 سۆز، 3 - تومدا 38 سۆز، جەمئىي ئۈچ تومدا 72 سۆزلۈك بارلىقىنى ئېنىقلىغان، ئاخىرىدا خۇلاسە قىلىپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا 100~150 چە خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلۈك بارلىقىنى تەخمىن قىلغان[18]

پروفېسسور لى جىڭۋېي باشچىلىقىدا ئىشلەنگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوچو يادىكارلىقلىرىنىڭ تىلى ئۇستىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىدا، خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان زور ھەجىملىك بۇددا كىتابى «ئالتۇن يارۇق» تىكى ئىشلىتىلگەن 3560 سۆزلۈك ئىچىدە تۈركىي سۆز 2893، ئەنەتكەك تىلىدىن كىرگەن سۆز 513، خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆز 81، سوغداق تىلىدىن كىرگەن سۆز 23، مەنبەسى ئېنىق بولمىغان سۆز 31 ئىكەنلىكىنى ستاتىستىكا قىلىنغان[19]. مۇشۇلاردىن ئالغاندا خەنزۇ تىلىنىڭ تەسىرى مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ دىنىي جەھەتتە ئەنەتكەك تىلىدىن كېيىن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئەنەتكەك تىلىدىن كىرگەن سۆزلەردىن كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن بولاتتى. نېگىزلىك يېرى بۇ كىتاب خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال 11 - ئەسىرلەردىن كېيىن ئۆزگەرگەن، جۇملىدىن خەنزۇ بۇددىزمىنىڭ تەسىرى كۈچىيىپ بارغان ھەمدە موڭغۇللار دەۋرىدە يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، ئەنەتكەكنىڭ تەسىرىدىن ئېشىپ كەتكەن.

پروفېسسور نيۇ رۇجىنىڭ «قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار تۈرك رونىك يېزىقىدىن باشقا يەنە سوغداق يېزىقىمۇ ئىشلەتكەن. غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، قوچو ئۇيغۇر ئېلىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلغاندىن باشقا يەنە تۈرك رونىك يېزىقى، سوغداق يېزىقى، مانى يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، سۇرىيان يېزىقى، براھمان يېزىقى ۋە تۈبۈت يېزىقى قاتارلىقلارمۇ قوللىنىلغان...[20] دېگەن بايانلىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى دەۋرىدە ئالدى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تۈرك رونىك يېزىقى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان. پروفېسسور يەنە «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كۆپلىگەن دىنى يادىكارلىقلىرى ئىچىدە، نۇرغۇن نوملارنىڭ سۆز جۈملىلىرى ئارىسىغا خەنزۇچە خەتلەر قىستۇرۇلغان، لېكىن تەرجىمە قىلىنمىغان.....] دەيدۇ ھەمدە «增阿含经» دىن پارچە كەلتۇرگەن. بۇ پارچىدا «...«女，者，福，四，四者如来，是，天

دېگەنگە ئوخشاش خەتلەر بار. دوكتور ياڭ فۇشۆ ئەپەندى «ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن باشقا، يەنە تاڭ سۇلالىسى (618~918)، بەش دەۋر (907~960)، سوڭ (960~1279)، يۈەن (1271~1368) دەۋرلىرىدە كۆپ خىل يېزىق ئىشلەتكەن. مەسىلەن، تۈرك رونىك يېزىقى، سوغداق يېزىقى، مانى يېزىقى، براھمان يېزىقى، سۈرىيان يېزىقى، تۈبۈت يېزىقى، باسىبا يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقى قاتارلىقلار»(21) دەپ يازغان. دوكتور يۇقىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن يېزىقلارنى تىلغا ئالغاندا، بەزىلەر چىنلىقلارنىڭ يېزىقى دەپ گۇمان قىلىۋاتقان خەنزۇ يېزىقىنى كېيىنرەك تىلغا ئالدۇ، ئەگەر رولىنى بەك چوڭ بولغان دەپ قارىغان بولسا 1 ـ ياكى 2 ـ قىلىپ تىلغا ئالغان بولاتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخىدىن ئالغاندا، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئەڭ كۆپ قوللانغان يېزىق تۈرك رونىك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدۇر. ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىلا يېزىق قوللىنىشقا باشلىغان. دەسلەپكى يېزىق تۈرك رونىك يېزىقىدۇر. بەزى ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانساق ھۇنلارمۇ يېزىق قوللانغان، ھونلارنىڭ قوللانغان يېزىقىنى خەنزۇ يېزىقى دېگۇچىلەرمۇ، تۈرك رونىك يېزىقى دېگۇچىلەرمۇ بار، بۇ داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. نەق يازما ئۇچۇرلار بويىچە تۈرك رونىك يېزىقىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇيغۇرلار كەم دېگەندىمۇ مىلادىيە 11 ـ ، 12 ـ ئەسىرلەرگىچە قوللانغان. تۈرك رونىك يېزىقى قەدىمكى دەۋردە ئەن تامغىلار ۋە شەكىللەر تەسۋىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. ھازىرقى بايقاشلارغا ئاساسلانغاندا، تۈرك رونىك يېزىقىدا يېزىلغان ئابىدە ۋە ھەر خىل يازمىلار بار.

ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇددىزم ئەسەرلىرى كۆپىنچە خەنزۇ تىل يېزىقىدىن تەرجىمە قىلىنغان، بۇلارغا «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى»، «ئالتۇن يارۇق»....

قاتارلىق دىنىي ئەسەرلەرنى مىسال قىلىش مۇمكىن. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر 400 پارچىدىن ئاشىدۇ، لېكىن بۇلاردىن خەنزۇ يېزىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يادىكارلىقلارنى مىسالغا ئالساق، پەرق بەك چوڭ ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. 12 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى يازما يادىكارلىقلارغا قارىساق، ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى ئىشلىتىشى ئاز كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا ھازىرچە كۆرگەن ماتېرىياللار ئىچىدە غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى تۇرپاندىن تاپقان، بىر بەتلىك يازما [Feng1960(2)] بولۇپ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە قىسمى بىر ۋاقىتتا يېزىلغان ئايرىم ـ ئايرىم ۋەسىقە، لېكىن بۇ ئىككى يازما خەنزۇ تېۋىپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن خەنزۇچە، يەنە بىرىدە بىر ئۇيغۇر تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە يېزىلغان پۈتۈك بار. مەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ۋەسىقىلىرى ئېلان قىلىنغان كىتابلارنى كۆرۈپ چىقىش جەريانىدا، مۇشۇ كىتابلاردا ئېلان قىلىنغان ۋەسىقىلەردىن تەكرارلانمىغانلىرى 250 پارچە دەپ قارىساق بۇنىڭ ئىچىدە، خەنزۇچە ئارىلاشقان پۈتۈك تۆتتىن ئاشمايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى 1953 ـ يىلى غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇرپاندىن تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ پۈتۈك بىنتوڭ ئىسىملىك بىر قۇلنىڭ سودىسىغا مۇناسىۋەتلىك (بۇلارمۇ ئەمەلىيەتتە موڭغۇللار دەۋرىنىڭ مەھسۇلى). بۇلار [Feng1960(2)] كە يېزىلغان ئالتە قۇر خەنزۇچە «نىكاھ خېتى»، بىن توڭنىڭ ئۆزىنى سېتىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى پارچە ۋە تىخۇينىڭ قۇل سېتىشىغا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈكتىن ئىبارەت. بىن توڭغا مۇناسىۋەتلىك بۇ پۈتۈكلەرلى جېڭۋېينىڭ «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىدا

ۋە گېڭ شىمىننىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي پۈتۈكلەر تەتقىقاتى» (خەنزۇچە نەشرى 97 - 107 - بەتكىچە) ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلىنغان. گېڭ شىمىننىڭ ئېلان قىلغانلىرىغا ئاساسلانساق، قول سودىسى پۈتۈكىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قىسمى تۆت قۇر، ئوڭ تەرەپ يېرىمىغا سولدىن ئوڭغا يەتتە قۇر خەنزۇچە خەت يېزىلغان. مەزمۇنى بىر بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىشىمۇ ئەيىنەن ئەمەس، بۇ ئەمەلىيەتتە بىر مەشىق تەرىقىسىدە يېزىلغان پۈتۈك بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ توختامدىن كېيىن، مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش بولغان بىرقەدەر مۇكەممەل، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا 13 قۇرلۇق پۈتۈك ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇشۇ بېنتوڭ (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا قىرىق ياشلىق خەت تونۇيدىغان قىتاي قول دېيىلگەن) ئىسىملىك قۇلنىڭ سودىسىغا مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 19 قۇرلۇق پۈتۈك (بۇ پۈتۈكنىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىدا بىر قۇر خەنزۇچە 18 خەت بار). بۇ تىخۇينىڭ قول سېتىشىغا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈك - قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا 10 قۇر، ئۇنىڭ ئاستىدا ئوڭدىن سولغا يېزىلغان ئىككى قۇر خەنزۇچە 14 دانە خەت بار —— لەردىن ئىبارەت. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ ۋەسىقىلەر موڭغۇللار دەۋرىگە مەنسۇپ ئىكەن. ئېنىقكى جەھەتتىن ئېيتقاندا، خەنزۇلارغا مۇناسىۋەتلىك. ناۋادا ئەينى ۋاقىتتا، خەنزۇ تىل يېزىقى ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىنىڭ هاكىمىيەت تىل يېزىقى ياكى زور دەرىجىدە ئومۇملاشقان تىل يېزىق بولغان بولسا ئىدى، بۇ پۈتۈكلەرنى ئۇيغۇرچە يېزىشنىڭ هېچبىر زۆرۈرىيىتى بولمىغان بولاتتى. يۇقىرىقىدەك ئەمەلىي ئەهۋاللارغا ئاساسەن ئېيتقاندا، خەنزۇ يېزىقى ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىدە پەقەت دىنىي زاتلار ۋە ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بىلىدىغان يېزىق ئىدى دېيىشكە بولىدۇ. ئەينى تارىخىي دەۋردە سىڭقۇ

سەلى تۇتۇڭ، بىلاناشىل، چىنتەي سالى، ئارغۇن سالى، ئىدىنتساڭ، كارۇناداسقا ئوخشاش بۇددىزمغا ۋە خەنزۇ تىلىغا قابىل ئالىملار ئۆتكەن. ئەمەلىيەتتە موڭغۇللار هۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىپ، هاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشقان نۇرغۇن كىشىلەر بولغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە لىيەن شىشەنگە ئوخشاش سىياسىئونلار، مازۇچاڭ، گۇەن يۈنشىگە ئوخشاش ئەدىبلەر، جامالىدىنىدەك ئاستورونوم ئالىملار بار. پروفېسسور گېڭ شىمىننىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا بۇددا دىندارلىرى ئىچىدە خەنزۇ يېزىقىنى بىلىدىغانلار خېلى كۆپ بولۇشى مۇمكىن. دۇخاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا ئەسەرلىرى ئىچىدە هازىر پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا P4521 ئېندېكىستە ساقلىنىۋاتقان 30 ياپراقلىق «سادەپرارۇدىتا ۋە دخارموتگاتانىڭ هېكايىسى»، لوندون بۈيۈك بېرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا Or8212(109) ئېندېكىستە ساقلىنىۋاتقان 126 بەتلىك ئەسەر، Or8212,75A ئېندېكىستە ساقلانغان نوم كىتابى، Or8212(108), Or058212(108) قاتارلىق بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك 12 ئەسەردە، ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى ئارىسىغا دائىم دېگۈدەك خەنزۇچە خەت قىستۇرۇلغان ئەهۋال كۆرۈلىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى يۈەن سۇلالىسى (1271 - 1368) دەۋرىگە مەنسۇپ. بۇنىڭدىن باشقا ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا 1326 نومۇردا ساقلىنىۋاتقان 9 - ئەسىرگە مەنسۇپ، تۇرپان —— سىڭگىم خارابىسىدىن تېپىلغان خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت پارچىسىمۇ بار. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا بۇددا نوملىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا دۇخان غەربىي شىمالدىكى بۇددا مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ بۇددىزمى ۋە خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشىدىغان ياخشى بىر شارائىت هازىرلىغان ئىدى. «10 - ئەسىردىن باشلاپ يۈەن دەۋرىگىچە دۇخان ئىزچىل تۇردە

خېشى رايونىدىن غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي قىسىم رايونىغىچە بولغان ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ بىر مەركىزى ئىدى. گۇاجۇ، شاجۇلارنى ھەقىقەتكە قايتقان لەشكەرلەر ئىدارە قىلغان دەۋردىمۇ شۇنداق بولغان. ئۇيغۇر شاجۇ ئېلى دەۋرىدە تېخىمۇ شۇنداق بولغان. تاڭغۇتلار خېشى رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇيغۇر بۇددىستلىرى يەنى بىر قېتىم تاڭغۇت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئېغىر بېسىمىغا ئۇچرىدى، شۇندىن كېيىن تاڭغۇت رايونىدىكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزمى خېشى رايونىدا، بولۇپمۇ دۇخاندا ئۇزۇنغىچە روناق تاپتى» (22). شۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزىمنى ئۆگىنىش ئۈچۈن خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشىمۇ بىر خىل زۆرۈرىيەت ئىدى. دوكتور ياڭ فۇشۆنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا بۇددىزم» ناملىق كىتابىغا قارىغاندا، بىر قىسىم خەنزۇ يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تەلەپپۇز تەرجىمىسى قىلىنغان. بۇنداق نوملاردىن كەم دېگەندىمۇ «ئاۋولوكىتېشۋارا سەدخانا» قاتارلىق 5 ـ 6 ـ نومنىڭ خەنزۇ يېزىقىنىڭ يېنىغا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئوقۇلۇشى يېزىلغانلىقى مەلۇم. بۇ خىلدىكى نوملارغا، ياپونىيىلىك ئالىم تاكاتا توكىئو كىتابىدا رەسىمىنى بەرگەن. گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان Ch2931 ئىندېكىستىكى يادىكارلىقنى مىسال قىلىش مۇمكىن. مۇشۇ يادىكارلىقنىڭ رەسىمى بىلەن ياڭ فۇشۆ ئېلان قىلغان قىسمىنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ كۆرسەك مۇنداق (ئۈستۈن قۇردا خەنزۇچە ئەسلىيسى، ئاستىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى كۆرسىتىلدى. ئەسلىي ئەسەردە خەنزۇچە ئوڭدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزى سولدىن يۇقىرى تۆۋەنگە قارىتىپ يېزىلغان):

南 无 金 色 南 无 当 来 下 世 沘

**na mo kim sir na mo to lai xi se bi**

بۇ يادىكارلىق تۇرپاننىڭ تۇيۇقتىن تېپىلغان، مۇشۇ خىلدىكى بۇددا ئەسەرلىرىدىن نەچچە پارچە بار. مۇشۇ ھەقتە تەتقىقات يۈرگۈزگەن ياپونىيىلىك ئالىم تاكاتا توكىئونىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر بۇددىستلىرىنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن تەلەپپۇزىنى ئاساس قىلغان ھالدا بۇددا نوملىرىنى ئوقۇيدىغان تەلەپپۇزى بولغان، بۇلار بۈگۈنكى كۈندە خەنزۇ يېزىقىدىن كېلىپ چىققان ياپون يېزىقى ۋە كورېيان يېزىقىنىڭ ئۆزلىرىدە باشقىچە ئوقۇلۇشى بولغانغا ئوخشايدۇ. يەنە بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئىسلامىيەت دەستۇرلىرىنى ئۇيغۇر تەلەپپۇزىغا تارتىپ ئوقۇغىنىغا، گەرچە ئەرەبچىنى ئوقۇيالىسىمۇ مەنىسىنى چۈشەنمىگىنىگە ئوخشىشىپ كېتىشى مۇمكىن. مەيلى قانداق دېمەيلى، ئۇيغۇر خەنزۇ خەلقلىرىنىڭ قەدىمدىن بېرى سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدە بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن سىياسىي مۇھتاقا قاراپ كۆپتۈرمىچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. سىياسىي ئېھتىياجنى دەپ ئىلمدە ساختىلىق قىلىدىغان بولساق، شەكسىزكى مىللەتلەر ئارىسىدا ئىشەنمەسلىك پەيدا قىلىپ ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا تەسىر يېتىدۇ. مۇشۇ خىل ئەھۋاللار ئاستىدا راست گەپنى ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇلارنىڭ ھەمدوستلۇقى قەدىمدىن بار بولغان. بۇنىڭغا تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرماقتا. قوشنا مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت ئۆگىنىشى مۇقەررەرلىك، شۇنداقلا تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى دەۋرىدە خەنزۇ بۇددىزمىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان، خەنزۇ بۇددىزمىنى ئۆگىنىش يۈزىسىدىن نۇرغۇن بۇددىستلار خەنزۇ تىل يېزىقىنى ئۆگەنگەن، لېكىن خەنزۇ تىل يېزىقى بۇنىڭلىق بىلەن بۇ ئەلدە ھاكىمىيەت تىل يېزىقلىق ئورنىدا بولالىغان، يەرلىك ئاھالە قوش تىل باسقۇچىغا قەدەم قويغان دېيىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ناۋادا خەنزۇ تىل يېزىقى شۇنچىلىك

ئومۇملاشقان، ئادەتتىكى ئاۋام كەڭ كۆلەمدە قوللانغان، ھاكىمىيەت تىل يېزىقى بولغان بولسا، ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر ئۇيغۇر يېزىقىدا ئەمەس خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان، ھېچبولمىغاندا بىر بۆلەك ئاھالە ئىمزالىرىنى خەنزۇچە يازغان، تامغا ـ نىشانلىرىدا خەنزۇچە كۆرۈلگەن، بۇددا نوملىرى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنمىغان بولاتتى. خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ (بېنتوگىنىڭ ئۆزىنى سېتىشى) سودا پۈتۈكلىرى ئۇيغۇرچە يېزىلمىغان بولاتتى، نوم پۈتۈگىنىڭ ئوقۇلۇشى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنمىگەن بولاتتى، شۇڭا ئېيتىش مۇمكىنكى، خەنزۇ يېزىقىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئورنى پەقەت بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا ۋە ئىنتايىن ئاز ساندىكى زىيالىيلار ئارىسىدا بولغان، شۇڭا ۋاڭ يەندېمۇ بۇ ئەلدە خەنزۇ تىلىنىڭ ئورنى ۋە رولى ھەققىدە ھېچنېمە دېمىگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىغا پىر كامىللىقى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىشى دەۋرنىڭ ئېھتىياجى ۋە مەھمۇد كاشغەرى زامانىدىن كېيىنكى ئىش ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر (قوچو) ئېلى دەۋرىدە خەنزۇلار چىنلىق دەپ ئاتالماستىن تاۋغاچ دەپ ئاتالغان، بۇ سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ۋە پىرايىناشىرى، ئەنتساڭ قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئىشلەتكەن ئىبارىسىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ «ئالتۇن يارۇق» تا ئىشلەتكەن ئىبارىسىنى مىسال قىلساق، «بىش بالىقلىغ سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تاۋغاچ تىلىنتىن تۈرك ئۇيغۇر تىلىنچە ئىكىلەۋىرمىش» دېيىلگەن بولسا، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نى تەرجىمە قىلغاندا «بېش بالىقلىغ سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تاۋغاچ تىلىنتىن ئىكىلەيۈ تۈرك تىلىنچە ئاقتارمىش»(23) دېيىلگەن. ئاتاقلىق تەرجىمان ئەنتساڭ تەرجىمە قىلغان «华严经» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىمۇ «باقشى تۇتۇڭ تاۋغاچ تىلىنتىن تۈرك تىلىنچە ئىكىلەيۈ ئۆۋرمىش»(24) دېيىلگەن.

بىر ئۆمۈر ئۇيغۇرلارنى ۋە تۇرپان رايونىنى تەتقىق قىلغان گېرمانىيىلىك ئالىم گابائىن «خەنزۇ يېزىقى خەنزۇ تىلىدىكى پۈتۈكلەردە كۆرۈلىدۇ، خەنزۇ تىل يېزىقىدىكى پۈتۈكلەر سان جەھەتتىن قىسمىكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردىن ئاز ئەمەس. خەنزۇ يېزىقى ئىشلىتىلىپ دىنىي ۋە ئومۇمىي ساھەدە كۆرۈلىدۇ. بىر قانچە قېتىم ئىشلىتىلىپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە موڭغۇل تىلىدىكى قىسقا بايان ۋە ئىسىملار خاتىرىلەنگەن»(25) دەپ يازغان.

تۈرك ــــ رونىك يېزىقى ئادەتتە تۈرك يېزىقى، ئورقۇن ـ يېنسەي يېزىقى دەپ ئاتىلىدۇ، مەھمۇد نىزامىنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا يەنە «دۆلبارچىن يېزىقى» دەپمۇ ئاتالغان. تۈرك رونىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر ھەققىدىكى تۇنجى ئۇچۇر 1692 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان، لېكىن بۇ يېزىقنىڭ سىرى دانىيىلىك تىلشۇناس تومسېن تەرىپىدىن يېشىلىپ، 1893 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جامائەتچىلىككە ئېلان قىلىنغان. شۇندىن بۇيان، بۇ يېزىق ۋە مۇشۇ يېزىقتىكى يېزىلمىلار ھەققىدە كۆپ ئىزدىنىشلەر بولدى. تۈرك رونىك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلارنىڭ تارقىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭرى، ئاسىيا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىدىن مۇشۇ يېزىقتىكى مەڭگۈ تاش ياكى قولىيازمىلار بايقالغان. ئاسىيا قىتئەسىدە بايقال كۆلى ــــ لېنا دەرياسى بويلىرىدىن (رۇس ئالىمى ۋاسلىيېۋ 18 ئابىدىنى تەتقىق قىلغان)، يېنسەي ئابىدىلىرى (ۋاسلىيېۋنىڭ تەتقىقاتىچە 140 ئابىدە بار)، موڭغۇلىيىدىكى ئابىدىلەر (تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە 33 ئابىدە بار)، ئالتاي ئابىدىلىرى (تەتقىقاتلاردا 20 ئەتراپىدا دېيىلىدۇ)، قىرغىزىستان ۋە قازاقىستاننىڭ شىمالىدىكى ئابىدىلەر (ۋاسلىيېۋنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا 28)، فەرغانە، ئالايا ۋە تۇخارىستاننىڭ شىمالىدا (17 ئابىدە ۋە قولىيازما)، ياۋروپانىڭ ۋولگا دەرياسى بويىدا (تۆت ئابىدە)، كاۋكازنىڭ شىمالى ۋە دوناي دەرياسى بويلىرىدىن يادىكارلىقلار تېپىلغان. تېمىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان دائىرىنى ئالساق «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يېزىلمىلار مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ۋە گەنسۇنىڭ دۇخاندىن ئىلگىرى كېيىن بولۇپ كۆپ

مىقداردا تېپىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىملىرى ستەيىن گەنسۇنىڭ دۇخاندىكى مىڭئۆيلەردىن تاپقان مۇكەممەل ساقلانغان «ئىرىق بىتىگ» (جەمئىي 104 بەت) بىلەن شىنجاڭ مىرەندىن تېپىلغان ھەربىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك يادىكارلىقتۇر... مۇندىن باشقا يەنە تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان بىر مۇنچە يازما ۋە ئويمىلار شىنجاڭدا بايقالدى»[26]. رۇس تۈركلوگى كلياشتورنىينىڭ بايانىغا قارىغاندا، دۇخان ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان قانۇن ۋەسىقىلىرى، تۇرپاندىن تېپىلغان 9 ـ ~10 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ قەغەزگە يېزىلغان قولىيازما ۋە تامغا يېزىلغان يېزىلمىلارمۇ بار[27].

تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، تۈرك رونىك يېزىقى مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىن باشلاپ 12 ـ ئەسىرلەرگىچە قوللىنىلغان. ئىلىمىزدە گەرچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى چۈشىنىدىغانلار خېلى بولسىمۇ، تۈرك رونىك تىل ۋە يېزىقىنى چۈشىنىدىغانلار يوق دېيەرلىك بولغانلىقتىن، تۈرك رونىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر ھەققىدە ئىلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلار ناھايىتى ئاز بولدى. مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلىرىمىزغا، چەت ئەلنىڭ تەتقىقاتىنى تونۇشتۇرىدىغان 3 ـ 4 پارچە كىتابنى تىلغا ئىلىشقا بولىدۇ. بۇندىن باشقا پروفېسسور گېڭ شىمىن ۋە شاگىرتى دوكتور ئابدۇرەشىت ياقۇپنىڭ «ئورقۇن ـ يېنىسەي مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ تىلى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابى بىلەن گېڭ شىمىننىڭ «قەدىمكى تۈرك ئابىدىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىنىلا تىلغا ئالالايمىز. دېمەكچى بولغىنىمىز، ئىلىمىزدە تۈرك رونىك يېزىقى ۋە مۇشۇ يېزىقتا ئىپادىلەنگەن تىل، ۋەسىقىلەر ھەققىدە ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ئىنتايىن ئاز بولىدى، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرىمىزمۇ ئاز بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىن ئىلىپ ئېيتقاندا، تۈرك رونىك يېزىقىنى كېيىن دېگەندىمۇ 6 ـ ، 7 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ ئىشلىتىلگەن. موڭغۇلىيە ۋادىسىدىكى تۈرك خانلىقى دەۋرىدە كەڭ تۈردە قوللانغۇچىلار ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بولغانلىقى شەكسىز. مىلادىيە 744 ـ يىلى قۇرۇلغان ئورقۇن ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە تۈرك رونىك يېزىقىنى ھاكىمىيەت يېزىقى سۈپىتىدە قوللىنىلغان ھەمدە «بايانچور مەڭگۈ تېشى»، «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»، «تېس مەڭگۈ تېشى»، «سۇجى مەڭگۈ تېشى»، «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى»، «سېۋرېي مەڭگۈ تېشى»..... قاتارلىق مەڭگۈ تاشلارنى تىكلىگەن ئىدى. مىلادىيە 840 ـ يىلى ئورقۇن ئۇيغۇر ئېلى يىمىرىلگەندىن كېيىن، مەڭلىك تېگىن باشچىلىقىدا 200 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە غەربكە كۆچتى. بۇلارنىڭ بىر بۆلىكى گەنسۇ ئۆلكىسى دائىرىسىدە قېلىپ شۇ يەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ گەنجۇ ـ شاجۇ ئۇيغۇر خانلىقلىرى (مىلادىيە 1067 ـ يىلى تاڭغۇتلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان) ۋە ئۇيغۇر قوچو ئېلى (14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تەلتۆكۈس يوقىتىلغان) نى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى (744 ـ 840) دەۋرىدە تۈرك رونىك يېزىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىمۇ قوللىنىشقا باشلانغان ئىدى. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، گەنسۇ ۋە تۇرپان ـ قومۇل رايونلىرىغا كەلگەن ئۇيغۇرلار شۇ يەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلغاندا، ئۆزلىرى بۇرۇندىن ئىشلىتىپ كەلگەن تۈرك رونىك يېزىقىنى ئىلىپ كەلگەن بولسا، بۇ يەردىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار بۇرۇندىن تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرى ھۆكۈمرانلىقىدا، بەزى ۋاقىتلاردا تەسىر دائىرىسىدە بولغانلىقتىن ئۇلارمۇ تۈرك رونىك يېزىقىدىن خەۋەردار ئىدى. شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ غەربىي ئۇيغۇرلارغا قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك ۋە دىنىي ئېتىقادىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغان. تەدرىجىي ھالدا، بۇددا دىنى ئاساسىي ئېتىقادلىق ئورۇنغا ئۆتكەن. ئولتۇراق ھالەتكە ئۆتۈپ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئورنى چوڭ بولغان. تۈرك رونىك يېزىقىنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ھالدا

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىگىلىگەن ۋە ناھايىتى كۆپ دىنىي تەرجىمىلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر بارلىققا كەلگەن. مۇشۇ تارىخى ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتقان، تارىخچىلار ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدىكى بايانلىرىدا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن كېيىنلا تۇرك رونىك يېزىقىنى تىلغا ئالغانلىقى ئىنتايىن توغرا بولغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق ئىشلىتىش تارىخى ھەققىدە قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا «قەدىمكى تۇرك رونىك يېزىقى (5 ـ 10 ـ ئەسىرلەردىكى ئورقۇن ـ يېنىسەي يېزىقى) ۋە ئۇيغۇر يېزىقى (5 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرلەر) مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالاقىسىدىكى بىر ۋاستە بولۇپ كەلگەن ئىدى»(28) دەپ يېزىلغان بولسا، ئېلىمىزنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يەنىلا تۈركىي يېزىق قوللىنىلغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىن ئۇيغۇرلار تەدرىجىي ھالدا سوغدى يېزىقىنى ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەيدىغان يېزىق قىلىپ ئىشلەتكەن»(29) دەپ يازغانلىقى مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى خىل «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا تۇرك ـ رونىك يېزىقىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى مۇناسىپ بايانغا ئېرىشكەن. مانا بۇلاردىن ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىنىڭ ھاكىمىيەت ۋە ئاۋام ئارىسىدا قانداق يېزىقنىڭ ئاساسى روللارنى ئوينىغانلىقى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

**خۇلاسە**

1. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار تۇرك رونىك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، سوغداق يېزىقى، براھمان يېزىقى، مانى يېزىقى، تۇبۇت يېزىقى، باسبا يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدا تۈرگۈن يادىكارلىقلارنى قالدۇرغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرك رونىك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىشلىتىلگەن ۋاقىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى، تارقالغان دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. تۇرك رونىك يېزىقى يەنە ئورقۇن ـ يېنىسەي يېزىقى، قەدىمكى تۇرك يېزىقى، دۇلبارچىن يېزىقى دېگەندەك ناملاردىمۇ ئاتالغان. بۇ يېزىق مىلادىيە 5 ـ ئەسىرلەردىن 12 ـ ئەسىرلەرگىچە ئاسىيا، ياۋروپا قىتئەلىرىدە ياشىغان تۈركىي خەلقلەر تەرىپىدىن قوللىنىلغان. تۇرك رونىك يېزىقىدا يېزىلغان مەڭگۇ تاشلار تىلىنىڭ نەپىسلىكى، يېزىقىنىڭ قەدىمىيلىكى، يازمىلارنىڭ كۆپلۈكى تۇپەيلىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىكى تۇرپاندا سوغداق يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى خاتىرىلەشتىن باشلانغان، بۇ يېزىقنى ئۇيغۇرلار مىلادىيە 15 ـ ئەسىرلەرگىچە، سېرىق ئۇيغۇرلار 17 ـ ئەسىرگىچە قوللانغان، بۇ يېزىقنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىش تارىخى 9 ـ ئەسىردىن باشلىنىدۇ. ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى، ئۇيغۇر گەنجۇ ئېلى، ئۇيغۇر شاجۇ ئېلى ۋە خاقانىيىدە دۆلەت يېزىقى رولىنى ئۆتىگەن. خاقانىيىلىك ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن قوللىنىپ قالماستىن، ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ بىر مەزگىل قوللانغان. «قۇتادغۇبىلىگ» ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كۆچۈرۈلمىلىرى، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تۈركىي يېزىق نامىدا بۇ يېزىقتىن ئۆرنەك بېرىشى، خاقانىيە پۇللىرىدا بۇ يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىشى سۆزىمىزگە گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئارقىلىق خەلق ئارىسىدىكى ئېلىم ـ بېرىم ھۆججەتلىرى ۋە ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى يېزىلغاندىن باشقا تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەرلەر (مەسىلەن، «ئوغۇزنامە»، «قۇتادغۇبىلىگ»، «قوچو ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۇ تېشى»، دىنىي ئەسەرلەر («ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «چاشتانىي ئىلىك بەگ»، «مانىي تۆۋە دۇئاسى»، «چىقىڭ نېستوريان مۇخلىسلىرىنىڭ قەدىمكى

ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قەبرە تېشى»، «مايتىرى سىمىت»، «بۆگۈ خاقاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى» قاتارلىقلارنى مىسال قىلساق بولىدۇ، مانى، نېستورىيان ۋە ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر يېزىلغان) يېزىلغان، ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان يېزىق ئىدى. ئومۇمەن ئالغاندا، تۈركىي (چاغاتاي) ئۇيغۇر يېزىقىدىن بۇرۇنقى يېزىق تارىخىمىزدا ھېچقانداق بىر يېزىق تۈرك رونىك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقچىلىق مۇھىم ئورۇندا تۇرالمىغان.

2. مەھمۇد كاشغەرى تىلغا ئالغان چىن بىلەن ھازىرقى تۈركىيە تۈركلىرى ۋە ئەرەب، پارسلارنىڭ ھازىرقى جۇڭگونى چىن دېيىشىنى بىرلەشتۈرۈۋالماسلىقىمىز كېرەك. مەھمۇد كاشغەرى ئوتتۇرىغا قويغان چىن ئاتالمىسىنى 10 ـ، 11 ـ ئەسىرلەر تارىخىي مۇھىتى بىلەن يازما ئۈچۈر-لىرنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش زۆرۈر. بىز ئەينى تارىخىي دەۋردىكى چىن ئاتالمىسىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۇچۇرلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ قارىساق ئوتتۇرا چىن مەھمۇد كاشغەرى زامانىدا چىن دەپ ئاتالغان، مۇشۇ دەۋردە چىن يەنە كەڭ ۋە تار ئىككى ئۇقۇمدا بولغان. كەڭ دائىرىدىكى چىن تۇرپان قوموللاردىن باشلىنىپ (ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى تېررىتورىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا)، سەددىچىننىڭ سىرتى (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى) بولۇپ، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى دائىرىسىگە سوزۇلغان. تار مەنىدىكى چىن ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. لېكىن كەڭ مەنىدىكى چىننىڭ يەنى ئوتتۇرا چىننىڭ باشقا جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

3. ئوتتۇرا چىننىڭ يەنى مەھمۇد كاشغەرى ئېيتقان چىن (قىتاي) نىڭ ئاساسىي ئاھالىلىرى كىم؟ بۇ سوئالغا مەھمۇد كاشغەرى ناھايىتى ئېنىق جاۋاب بېرىپ ئۆتكەن: «قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا.... رۇم ئۆلكىسىدىن ماچىنغىچە بولغان تۈرك ئەللىرىنىڭ....» دېگەن بايانلىرى ناھايىتى ئېنىق جاۋاب بولالايدۇ. ئەينى دەۋرنىڭ نوپۇس ستاتىستىكىسى بولمىغانلىقتىن چىن رايونىدا نەچچىلىك ئۇيغۇرنىڭ بارلىقى ئېيتىشقا قۇربىمىز يەتمەيدۇ. ئەمما شۇ ۋاقىتتا بۇ رايوندا ئۇيغۇرلارنىڭ سالمىقىنىڭ خېلىلا چوڭلۇقىنى، بۇ رايوننى ئانا ماكانى دەپ قارايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنداقلا بۇ رايوندا ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى، جۇملىدىن تۇبۇت ۋە تاڭغۇتلاردىن ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئەلۋەتتە، بۇ رايوندا مەلۇم ساندىكى خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ بولغانلىقى تارىخ ئۇچۇرلىرىدىن مەلۇم، كېيىنكى جىن سۇلالىسىنىڭ ئودۇن ئالتۇن ئېلىگە ئەلچىلىككە بارغان گاۋ جۇخۇينىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 938 ـ يىلى گەنجۇ (قامچۇ) ئۇيغۇرلارنىڭ ئاستانىسى ئىكەن، مۇشۇ يىللاردا پەقەت گۇاجۇ ۋە شاجۇ ئىككى ئايماق ئاھالىسى ئىچىدە جۇڭگولۇقلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن[30].

4. بىز يۇقىرىدا چىن رايونىنىڭ قايسى جۇغراپىيىلىك دائىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى، بۇ يەردە ئەينى ۋاقىتتا ياشىغان ئاھالىنىڭ كىملىكى قاتارلىق مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدەپ كۆردۇق. بىزنىڭ ئېرىشكەن جاۋابىمىز ئەينى ۋاقىتتىكى ئوبيېكتىپ تارىختىن ئالغاندا، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ كۆزدە تۇتقىنى تۈركىي خەلقلەر ئىكەنلىكى، بۇ رايونلارنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ماكانى دەپ قارىغانلىقى مەلۇم بولدى. بىز خەنزۇچە كلاسسىك تارىخلاردىن كۆرسەك، بۇ رايوندا مىلادىنىڭ بېشىدىن باشلاپلا تۈركىي خەلقلەرنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان قەدىمكى ماكانى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. مىلادىيە 840 ـ يىلى ئورقۇن ئۇيغۇر ئېلى يىمىرىلگەندە، مەڭگۈلۈك تېگىن باشلىغان 200 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ بۇ رايونغا كۆچۈپ كەلگەنلىكى ۋە مۇشۇ يەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ ھاكىمىيەت قۇرغانلىقى مەلۇم. مۇشۇ نۇقتىلاردىن ئويلاشقاندا مەھمۇد كاشغەرى بايانلىرىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئاساسى بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر قاتارلىق

تۈركىي خەلقلەر چىنىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن.

5. تارىخىي جەريانلار ۋە پاكىتلاردىن ئالغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ «چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشىشىدىغان» (لى شۇخۇيىنىڭ پىكرى بويىچە ئېيتقاندا ئوخشاش) يېزىقى ھەرگىزمۇ خەنزۇ يېزىقىنى ئەمەس تۈرك رونىك يېزىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى چىن (ياكى قىتاي) خەنزۇلارنى ئەمەس مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارنى مەركەز قىلغان ھالدا ياشاۋاتقان تۈركىي خەلقلەرنى كۆرسەتكەن. ئەينى ۋاقىتتا خەنزۇلار چىن دېيىلمەستىن، تاۋغاچ دەپ ئاتالغان. شۇ دەۋردىكى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بۇرۇنقى تاۋغاچ ھازىر ماچىن دەپ ئاتىلىدۇ دېگەن بايانى بىلەن «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ تاۋغاچ تىلىدىن تەرجىمە قىلدىم دېيىشى ئىسپات بولالايدۇ. تاۋغاچ نامى گەرچە تۈركىي ئاھالە توۋالارنىڭ نامىدىن كەلگەن بولسىمۇ، ئەينى دەۋدە تاۋغاچنى «تۈرك تۈرگەش يېرى»(31) دەپ قارىسىمۇ، تاۋغاچ نامى جۇڭگو ۋە خەنزۇ نامىغا تەڭداش ئاتالغۇ بولۇپ بولغان دەۋر ئىدى. مەھمۇد كاشغەرى خەنزۇ يېزىقىنى كۆزدە تۇتماقچى بولغان بولسا، چىن يېزىقى دېمەستىن ماچىن يېزىقى ياكى تاۋغاچ يېزىقى دەپ ئاتىغان بولاتتى. بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، خەنزۇ يېزىقى گەرچە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوللىنىلغان بولسىمۇ رولىنى ئۇنچىلىك چوڭ چاغلىغىلى بولمايتتى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى تەۋەسىدە ئېلىم-بېرىم ئىشلىرىغا ئارىلاشقان خەنزۇلار (بىنتۇڭ ئىسىملىك قول قىتاي دېيىلگەن، لېكىن پۈتۈكتە خەنزۇچە خەت بولغىنى ئۈچۈن خەنزۇ دەپ قارىدۇق) نىڭمۇ پۈتۈمدە ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغانلىقى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇددا نوملىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشى، خەنزۇچە نومدىكى خەنزۇچە خەتلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەلەپپۇز خاتىرىسى بولۇشى، ۋاڭ يەندېنىڭ بۇ يەردە خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ بارلىقى ھەققىدە تىنماسلىقى، خەنزۇ يېزىقى ئىشلىتىلىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچنېمە دېمەسلىكى قاتارلىق ئامىللار «چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يېزىق» نىڭ خەنزۇ يېزىقى ئەمەسلىكى ھەققىدە ھۆكۈم قىلىشىمىزغا يول بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار 6-ئەسىردىن باشلاپ تۈرك رونىك يېزىقىنى قوللىنىپ كەلگەن، بۇ يېزىق تۈرك خاندانلىقى (ئۇيغۇرلارمۇ شۇ خاندانلىقنىڭ پۇقراسى ئىدى) ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە ھاكىمىيەت يېزىقى ئىدى. مىلادىيە 840-يىلىدا ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەن. بۇنىڭلىق بىلەن بۇ يېزىقنى ئۇيغۇرلار موڭغۇلىيە ۋادىسىدا تاشلاپ كەلگەن دېيەلەيمىز. بۇ يېزىق شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ قېشىغا بارغاندىن كېيىن داۋاملىق قوللىنىلغان، تۇرپان ۋە مىرەن، دۇخاندىن تېپىلغان مۇشۇ يېزىقتىكى يادىكارلىقلار بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر. مانا مۇشۇنداق تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ «چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يېزىق» نى تۈرك رونىك يېزىقى دەپ قارايمەن.

6. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە، لېكىن ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر شۋىسىمۇ بار» دېگەن بايانىدىكى «ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان» شۋىسىنىڭ بىر خىل شۋە ياكى تىل — خەنزۇ تىلى ئىكەنلىكى مەسلىسىنى ئېيتساق، ئۇيغۇرچە نەشرى ئىنتايىن توغرا بولغان. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بايانىدىن قارىغاندا، ئۇنى تىل ۋە خەنزۇ تىلى دەپ قاراش تارىخقا ھۆرمەت قىلمىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تىلغا بولغان ئىلمىي ئۆلچىمى ئىنتايىن قاتتىق، جۈملىدىن ئودۇنلۇقلار (خوتەنلىكلەر) ھىندىلار بىلەن ئالاقە قىلىش داۋامىدا «ھە» تاۋۇشىنى كىرگۈزگەنلىكتىن، «ساپ» (خەنزۇچە نەشرىدە بۇ سۆز ئىشلىتىلىپ ئىنتايىن توغرا بولغان) تۈركلەردىن ھېسابلىمىغان. «ئەڭ ئوچۇق ۋە توغرا

تىل پەقەت شۇ بىرلا تىلنى بىلىپ، پارسلار بىلەن ئارىلاشمايدىغان ۋە چەت ئەللەر بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ تىلىدۇر. ئىككى تىل بىلىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ تىلىدا بۇزۇقلۇق بار»(32) دېگەن ۋە سوغداق، كەنچەك، ئارغۇ، خوتەن، تۇبۇت، تاڭغۇت ئاھالىلىرىنى ئەنە شۇنداق تىلىدا بۇزۇقلۇق بار ئاھالە قاتارىدا سانىغان. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى «ساپ تۈركچە» دېگەن، ناۋادا ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىلىدا سۆزلەشكەن بولسا، ئۇلارنىڭ تىلىنى «ساپ تۈركچە» دېمىگەن بولاتتى. ئۇنداقتا ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر شۇۋىسى بار دېگەن قانداق گەپ؟ بۇ ئەمەلىيەتتە تارىختىن خەۋىرى بار كىشىلەر بىلىدىغان ھەقىقەت. 840 ـ يىلىدىن بۇرۇن ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىدە ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەردىن خېلى كۆپ ئاھالە بار ئىدى، بۇلار تۇبۇت يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا خور دەپ يېزىلغان. خەنزۇچە ۋە باشقا يازمىلاردىمۇ يېتەرلىك ئۇچۇرلارنى تاپقىلى بولىدۇ. مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ، سوغداق يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلى خاتىرىلەنگەن تارشا پۈتۈكمۇ ئەنە شۇ يەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان. مىلادىيە 840 ـ يىلى ئورقۇن ئۇيغۇر ئېلى يىمىرىلگەندە ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى تەۋەسىگە 100 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە كۆچۈپ كەلگەن. جۇغراپىيىلىك جايلىشىش، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، دىنىي ئالاقىلەرنىڭ شەرقىي ئۇيغۇرلار (ئورقۇن ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئاھالىلىرى) بىلەن تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا پەرق پەيدا قىلىشى مۇقەررەر، ئەمما ئىككى تىل ھاسىل قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىگەن، پەقەت دىئالېكتىكلىق پەرقلا پەيدا قىلغان خالاس. شۇنىڭ ئۈچۈن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىدە «شىۋە» دەپ، خەنزۇچە نەشرىدە «دىئېلېكت (言/)» دەپ تەرجىمە قىلغانلىقنى ئىنتايىن توغرا بولغان دەپ قارايمەن. ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئاھالىلىرىنى ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدا ياكى قانداقتۇر يەنە بىر تىلدا سۆزلىشەتتى دېيىش تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. يازما پاكىت ۋە ئەينى دەۋرنىڭ ئوبيېكتىپ تارىخىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىدىكىلەر ساپ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشكەن، ئەلۋەتتە شۇ دەۋردە ئۇيغۇر تىلى خاقانىيە ئۇيغۇر دىئالېكت ۋە ئۇيغۇر ئېلى ئۇيغۇر دىئالېكت بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەھمۇد كاشغەرى پەقەت خاقانىيە ئۇيغۇرلىرىغا نىسبەتەن باشقا باشقا بىر شىۋىسى بارلىقىنى تەكىتلىگەن خالاس.

7. ئۇيغۇر خەنزۇ خەلقلىرىنىڭ ھەمدوستلۇقى ناھايىتى قەدىمدىنلا مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئىككى مىللەت قوشنا ياشاش داۋامىدا ئۆزئارا سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدە بولۇپ كەلگەن. بۇ تارىخقا ھېچكىم كۆز يۇمالمايدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۆپتۈرۈۋېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن ئىلمگە ھۆرمەت قىلمىغانلىقلا بولۇپ قالماستىن، يەنە مىللەتلەر ئارىسىدا ئىشەنمەسلىك پەيدا قىلىپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇلۇغ ئىشىغا تەسىر يېتىدۇ. مىللەتلەرنىڭ ھەمدۇستلۇقى، باراۋەرلىكى ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى مەڭگۈ داۋاملاشقۇسى. مانا بۇ تارىخ ئېقىمى، بۇنى ھېچ كىشى توسۇپ قالالمايدۇ. بىز ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئىلمگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، مىللەتلەر ھەمدوستلۇقى، باراۋەرلىكى ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ھەسسىمىزنى قوشۇشىمىز لازىم.

ئىزاھاتلار:

① ③ ④ ⑦ ⑧ ⑨ (32) مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ توم 40 ـ، 152 ـ، 592 ـ، 39 ـ، 11 ـ، 41 ـ بەتلەر.

② مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» مىللەتلەر نەشرىياتى 2002 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 1 ـ توم 32 ـ بەت.

⑤ مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ توم 395 ـ ، 404 ـ بەتلەر، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 3 ـ توم 446 ـ بەت.

⑥ مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 3 ـ توم 446 ـ بەت.

⑩ (28) «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 502 ـ ، 387 ـ بەتلەر.

⑪ كونونوۋ «VII ـ IX ئەسىرلەردىكى تۈرك رونىك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلارنىڭ گراماتىكىسى»، «تۈركىي تىللار تەتقىقات خەۋىرى» 1985 ـ يىللىق 3 ـ ، 4 ـ سان خەنزۇچە 9 ـ بەت.

⑫ جۇۋەينى «تارىخىي جاھان كۈشاي» جياڭسۇ مائارىپ نەشرىياتى 2005 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 43 ـ بەت.

⑬ ⑭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك، تەتقىقاتى ماقالىلىرىدىن توپلام» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 353 ـ ، 354 ـ بەتلەر.

⑮ ⑯ ئۇزقان ئىزگى «ۋاڭ يەندېنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھەت خاتىرىسى ھەققىدە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 90 ـ ، 91 ـ بەتلەر.

⑰ ⑳ نيۇ رۇجى «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقى ۋە قەدىمكى يادىكارلىقلىرىغا مۇقەددىمە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 223 ـ ، 53 ـ بەتلەر.

⑱ گاۋ لىچىن «ئوخشاشمىغان دەۋرلەردە ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن خەنزۇچە سۆزلۈكلەر» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرىگە قاراڭ.

⑲ لى جىڭۋېي قاتارلىقلار «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوچو يادىكارلىقلىرىنىڭ تىلى ئۈستىدە تەتقىقات» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 197 ـ بەت.

(21) ياڭ فۇشۆ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» مىللەتلەر نەشرىياتى 2003 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 126 ـ بەت.

(22) ياڭ فۇشۆ «قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا بۇددىزم» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 53 ـ ، 84 ـ ، 91 ـ ، 106 ـ بەتلەر.

(25) گابائىن «قوچو ئۇيغۇر ئېلىدە تۇرمۇش» تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە تەھرىر ئىشخانىسى 1973 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 123 ـ بەت.

(26) گېڭ شىمىن، ئابدۇ رەشىت ياقۇپ «ئورقۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ تىلى ھەققىدە تەتقىقات» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 7 ـ بەت.

(27) كىلياشتورنىي «قەدىمكى تۈرك رونىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 56 ـ ، 57 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

(29) «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 145 ـ بەت.

(30) ياڭ قەنشىن باش تۈزگۈچىلىكىدىكى «قەدىمكى دەۋردىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى (تاللانما ۋە شەرھ)» نىڭشا خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 150 ـ بەت.

(31) ئىسمايىل تۆمۈرى «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 367 ـ بەت.

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

# تۇرپان ئۇيغۇر مەشرەپلىرى توغرىسىدا

مۇھەممەت نىياز

تۇرپان ناھايىتى ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا، مول ماددىي قېزىلما بايلىققا، نۇرغۇن قەدىمىي ئاسارە- ئەتىقىلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارغا، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇھىم جۇغراپىيىلىك ئورۇنغا، خاس تەبىئىي كېلىماتقا ئىگە دۇنياغا مەشھۇر گۈزەل ئانا ماكانىمىز.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتكە ھېرىسمەن سەنئەتخۇمار خەلق. شۇنداق بولغاچقا، بۇ رايوندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئەت تۈرلىرىنىڭ تارىخىمۇ ئۇزۇن. ئۇلار ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شەكىللەندۇرگەن مەشرەپلەرنىڭ تۈر، شەكىللىرى خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتى تۆۋرۈكى بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭدا ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا، ئەلنەغمە، بېيىت - قوشاق، ھەزىل - چاقچاق، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولغان قائىدە - يوسۇن، كۆنۈك - ئادەت، ئەدەب - ئەخلاق مەزمۇن قىلىنغان.

ئۇلۇغ ئالىم ۋە تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى 11 - ئەسىردە يازغان «دىۋانە لۇغەتتە تۈرك» ناملىق مەشھۇر كىتابىنىڭ 593- ۋە 624 - بەتلىرىدە «مەشرەپ» ئۇقۇمىغا ئىزاھ، «قاتار بەزمە»، «كىچىك ئولتۇرۇش» دېگەن مەنالار بىلەن يېغىنچاقلانغان.

تۇرپان ئۇيغۇر مەشرەپلىرى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنىۋى ھاياتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىكى قويۇق، ئاممىۋىلىقى كۈچلۈك بولغان مىللىي سەنئەت بولۇپ، ئۇنىڭ سورۇنى گۈزەل سەيلىگاھ، نامى يوللۇق، داڭلىق ئارامگاھ ئورۇنلار، توي- تۆكۈن پائالىيەتلەر بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىققا، ياخشىلىققا، ئەدەپ- ئەخلاققا ئۈندەيدىغان ياخشى ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن.

مەشرەپ تۈر شەكىللىرىنىڭ كۆپلىكى، مەزمۇنىنىڭ كەڭ ھەم چوڭقۇر بولۇشى، قۇرۇلمىلىرىنىڭ پۇختىلىقى، ئىستىتىك قىممىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن جوڭخۇا مىللەتلىرى پارلاق مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك غەزىنىسىدە گۆھەر بولۇپ جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى مىلادىيىدىن بۇرۇن شەكىللەنگەن ئالدى قۇس بەگلىكى (تۇرپاندا)، ئارقا قۇس بەگلىكى (جىمسار ئەتراپىدا) ياشىغان («قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دىن). بولۇپمۇ 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە قۇرۇلغان قوچو ئىدىقۇتلىرى خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان بەشبالىقتىن ئىبارەت مەركىزىي شەھەرلىرىدىن باشقا يەنە جانبالىق، ياڭى بالىق، سۇلمى، ئېۋىرغول (قومۇل) قاتارلىق شەھەرلىرى بولغان. بۇ شەھەرلەر ئەتراپىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار مىلادىيە 12 - ئەسىرگىچە بولغان تارىخىي دەۋرلەردە ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۇرۇپ، سۈي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن. قوچو خانلىقىدا داڭلىق سەنئەتكارلار، ئالىملار، تەرجىمانلار، تېۋىپلار تۈركۈملەپ مەيدانغا كەلگەن. يەكەن خانلىقىنىڭ ۋارىسلىرىدىن مەنسۇرخان لۈكچۈننى پايتەخت قىلىپ، سەلتەنەت سۈرگەن مەزگىللىرىدە ھەشەمەتلىك كۈتۈپخانىلار سېلىنىپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنى، سەنئەتكار، پىر - ئۇستازلارنى قەدىرلەپ، مۇقام پىشۋالىرىنى يىغىپ ئوردا مەشرەپلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ كەلگەن.

دېمەك، تارىختىن بۇيان تۇرپان ئۇيغۇرلىرى يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە خەلق بولۇپ، ھەر قايسى دەۋرلەردىكى نادىر مەدەنىيەت جۇغلانمىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن پايدىلىنىپ

ئـامىمىۋى خـاراكتېرلىق ئىپتىـدائىي ئەنئەنىـۋى ئۇيۇن شـەكىللىرىنى روياپقـا چىقىرىـپ، بىـر پۈتـۈن ئـامىمىۋى مەدەنىـيەت سـەنئەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

بـۇ رايونـدىكى ئـامىمىۋى مەدەنىـيەت سـەنئەتنىڭ تـۆر، شـەكىللىرىنىڭ تـارقىلىش دائىرىـسىنىڭ كەڭ ھەم تېـز، ۋارىـسچانلىق خاراكتېرىنىڭ كۈچلۈك، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولىنىـڭ چـوڭ بولۇشـى قاتـارلىق خۇسۇسـىيەتلەرنى يارىتالىـشىدىكى مـۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، تۇرپـان رايونـدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىـڭ ئـۇزۇن يىللىـق تارىخىي تەرەققىيـاتى جەريانىـدا تەبىـئەت ۋە جەمئىيەتنى كۈزىتىـشى، تونۇشـى، ئەنئەنىـۋى كۈنۈك ـ ئادەتلىرىدە ئەدەبىيات ـ سـەنئەتكە بولغان خىلمۇ خىل ئۇسـۇلدىكى قىزىقىـشلىرى تۈپەيلى ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىـدىلىككە ئىگە بولغان ئاممىۋى مەدەنىيەت سەنئەت تـۆر شەكىللىرىنى ياراتقانلىقىدا ۋە تـوغرا، دۇرۇس، ئىلمىـي، ئاممىغـا ياقىـدىغان ۋە ئاممـا ياقتۇرىدىغان توغرا لىنىيە ۋە يۆنىلىش بـويىچە راۋاجلاندۇرغانلىقىدا.

تا ھازىرغىچە ئوينۇلۇپ كېلىۋاتقان ئاممىۋى مەشـرەپ تـۆر ـ شـەكىللىرىنىڭ ئـۆزگىچە بەلگىلىـك تويۇنغـان ئەنئەنىـۋى قائىـدە ـ يوسۇنلىرى بار بولۇپ، بۇنى مۇشۇ رايوندىكى باتۇر، ئەمگەكچـان، ئەقىـل ـ پاراسـەتلىك، سـەنئەتخۇمار خەلـق، ئۆزلىرىنىـڭ تـارىختىن بۇيانقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ھـۈنەر ـ سەنئەت كەسپى قاتارلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدىكى جاپـالىق ئەمـگەك بىـلەن ئىگىلىـك تىكلـەش، چىـۋەر ئىـشچان قوللىرى ئارقىلىق ھەر خىـل نەپىـس سـەنئەت بۇيۇملارنى ياساشـتەك ئىـش پائالىيەتلىرىـدە بولىدىغان روھـى ۋە جـىسمانىي جەھەتتىكـى تىنىمـسىز ئەمـگەك ھـارغىنلىقىنى چىقىـرىش مەقـسىتىدە ئىپتىـدائىي كىچىـك دائىرىـدىكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى تۈزۈشۈپ كەلگەن. بۇ ئىپتىدائىي پائالىيەتلەر جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا كىچىكلىكـتىن چوڭلۇققـا، مەزمـۇنى تېيىزلىقىدىن چوڭقۇرلۇققا، بىر خىللىقـتىن كـۆپ خىللىققـا، تـارقىلىش دائىرىـسىنىڭ تارلىقىـدىن كەڭلىكىگە، ۋارىـسلىق خاراكتېرىنىـڭ كۈچلـۈك بولۇشىغا قاراپ تەرەققىـي قىلىـپ، كەڭ خەلـق ئاممىسىنىڭ كۆڭۈللـۈك 《ئويـۇن سەھنىـسى》 بولۇپ قالغان.

تۇرپان ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ـ ئىجتىمـائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىكى ئەڭ كىچىـك ھاسـىلاتلاردىن تارتىپ، ئۆزىنىڭ ئىستىتىك قىممىتىنى چـاقنىتىش ئارقىلىق مەزمۇن چوڭقۇرلىقىدا تەسىرلەندۈرۈش، ھاياجانلاندۇرۇش، ھەرىكەتلەنـدۈرۈش مەسـئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدۇ.

تۇرپان ئۇيغـۇر مەشـرەپلىرى ـ كىـشىلىك جەمئىيەتتىكـى ئىناقـسىزلىق، ھەسـەتخورلۇق، كەيىپخورلۇقتەك ناچار ئىللەتلەرنـى قـامچىلاپ، ياخشى ئىش، ياخـشى كۈنـۈك ـ ئـادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەپ، كىشىلەرنى تەربىـيىلەش مەقسىدىگە يېتىدۇ.

تۇرپان مەشرەپلىرى پائالىيەت مەزمۇنلىرىـدا ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈش، پاك سـۆيگۈ، چىـن مۇھەببەتنى قەدىرلەش، يۇرتنى قوغداش، يۇرتنى گۈللەنـدۈرۈش قاتـارلىق ئـاكتىۋال تـېمىلاردا كىشىلەرنى گۈزەللىككە، ئەخلاق ـ پەزىلەتـكە، ياخشى قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئەدەب ـ ئەخلاققا يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

تۇرپان ئۇيغۇر مەشـرەپلىرى ـ ئىختىيـارى ئۇيۇشـچانلىقى بىـلەن سـورۇن ھـازىرلاپ ئەمگەكتىن، ئىشتىن قايتقان كىشىلەرنىڭ روھـي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى ھـاردۇقىنى چىقىرىـپ، مەنىۋى تۇرمۇش تەرەپتىن روھىي ئوزۇق بېرىپ، كۆڭۈل ئازادىلىكى شارائىتىنى يارىتىدۇ.

تۇرپان ئۇيغـۇر مەشـرەپلىرى ـ تەشكىللىنىـشى پۇختـا، قائىـدە ـ تـۈزۈملىرى مـۇكەممەل، ئىنتىزامـى قـاتتىق بولـۇپ، باشـقۇرغۇچى، مـۇلازىملىرى يېتەرلىـك بېكىـتىلگەن بولىـدۇ. تۇرپان ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ـ ئاممىۋى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت تۈسىنى ئالغان بولغاچقا ئـورۇن تاللىمايدۇ. ئىشتىن سـىرتقى كۆڭـۈل ئـېچىش پائالىيىتى بولغاچقا، پەسىل تاللىمايدۇ. كـۆپىنچە ھاللاردا قىش كـۈنلىرى كەچـتە ئۆتكۈزىلىـدۇ.

تۇرپان ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ـ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمان، تىلەكلىرىنى، كىشىلىك تۇرمۇشنى يارقىن ئىپادىلەپ، قىزغىن مەدھىيلەپ ئۆزىنىڭ يارىتىلىشىدىن تارقىلىشىغىچە، ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىشىغىچە بولغان دەۋرلەردە ئۇلۇغ كوللېكتىپتىن ئايرىلماي كەلگەن. تۇرپان ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ـ دەۋر ئۆزگىرىشىدىن قەتئىينەزەر خەلق ئاممىسى ئۆزى ياقتۇرۇپ كەلگەن تۈر، شەكىللىرىگە داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن. تۇرپان ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ـ ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەنىۋى كۈچكە تولۇپ كەلگەن. تۇرپان ئۇيغۇرلىرىغا «بالاڭنى مەكتەپكە بەر، بولمىسا مەشرەپكە بەر»، «بالاڭ بىلىمنى مەكتەپتىن، تەلىمنى مەشرەپتىن ئالسۇن» دېگەن ئەقلى يەكۈننى ئۆزىنىڭ كىشىلەرگە كۆرسىتىپ كەلگەن ئىجابىي تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە پائالىيەتلىرىدىن يەكۈنلىگەن. تۇرپان ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ دەۋرلەردىن دەۋرلەرگىچە كېلەلىشىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاغزاكىلىقى يەنى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، كۆڭۈلدە ساقلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىدە. تۇرپان ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ تۈر ـ شەكىللىرى خىلمۇ خىل، مەزمۇن دائىرىسى كەڭ ھەم چوڭقۇر، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك بولالىشىدىكى سەۋەب بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ئىجادىي جەۋھىرى بولالىغانلىقىدا.

تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇر مەشرەپلىرى:

بىرىنچى، «قار مەشرىپى». ھەر يىلىنىڭ يىل بېشىدا تۇنجى ياغقان قار شەرىپىگە ئاتاپ ئائىلىلەر ئارا ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆڭۈللۈك پائالىيەت بولۇپ، «قارلىق تاشلاش» ئارقىلىق ئۆتكۈزىلىدۇ. بەزى رايونلاردا «قارلىق ئويۇنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچى، «دادۇر مەشرىپى». كۈزنىڭ مول ـ ھوسۇللۇق، باياشادلىق چاغلىرىدىكى دادۇر مەۋسۇمىدە تەڭ ياشتىكى ئوقۇمۇشلۇق، پىشقەدەم زاتلار، بىلىم ئەھلىلىرى ئىختىيارىي جەم بولۇشۇپ، ھەر خىل تېمىلاردا ئىلمىي مۇھاكىمە قىلىشىدۇ، تارىخىي ۋە نادىر داستان كىتابلار ئۈستىدە مۇتالىئە يۈرگۈزىشىدۇ. مۇقامچى، داپەندىلەر تەكلىپ قىلىنىپ، ساتارغا مۇقام تەڭكەش قىلىشىدۇ. بۇ مەشرەپتە مېھمانلارنىڭ ھوزۇرىدىكى داستىخان مەززىلىك تەييارلانغان قورۇما ۋە ياغلىق دادۇر بىلەن موللىشىدۇ. ئۆز زامانىسىدا «دادۇر مەشرىپى» دېيىلىپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىق مىللىي سەنئەت ئادىتى بولۇپ شەكىللەنگەن.

ئۈچىنچى، «نورۇز مەشرىپى». دېھقانلار كالېندارى بويىچە ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى (تۇرپاندا ئۆرۈك چېچەكلىگەن مەزگىل) يېڭى يىلدىكى يېڭى باھارنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان تۈركىي تىل سىستېمىسى ۋە ئىران تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ باھار بايرىمى بولۇپ، كەڭ دائىرىدە كۆپ خىل مەزمۇن بىلەن تۈرلۈك شەكىللەردە ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان يېڭى يىلنى ۋە باھارنى قۇتلۇقلاش بايرىمىدۇر. تۇرپان رايونىدا كەڭ كۆلەملىك مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ، شۇڭا بۇ سەنئەتلىك پائالىيەت نامى بىلەن «نورۇز مەشرىپى» دەپ كېلىنگەن.

تۆتىنچى، «مېلىس مەشرىپى». بۇ قائىدە ـ تەرتىپلىرى مۇكەممەل، تۇراقلاشقان كۆڭۈللۈك، سەنئەتلىك ئويۇن تۈرى بولۇپ، توي ـ تۆكۈن ۋە تۈرلۈك بايرام كۈنلىرىدە ئاساسلىق ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلار ئىختىيارى تەشكىللىنىپ ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. قىشتا كەڭ مېھمان ـ سارايلاردا، يازدا كەڭ ھويلا ـ ئاراملاردا كەچتە ۋە كۈندۈزدە ئوينىلىدۇ.

بەشىنچى، «ھوجرا مەشرىپى». نىكاھ توي مەرىكىسىنىڭ قىز كۆچۈرۈش پائالىيەت كۈنىنىڭ كەچلىكى يىگىتنىڭ ھوجرا ئۆيىدە ئۆتكۈزىلىدۇ.

ئالتىنچى، «قەيت مەشرىپى» نىڭ مەزمۇن دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ، ھاكىمىيەت شەكلى ئاساسىدا سورۇن تۈزۈپ ئوينىلىدىغان بولغاچقا، قاتناشقۇچىلىرى كۆپرەك بولىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇش بىلىملىرىنى، جەمئىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىش، تەلىم بېرىش مەزمۇن قىلىنغان ئەھمىيەتلىك ھەم كۆڭۈللۈك پائالىيەت. ئاساسەن

توي ـ تۆكۈن، بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە قىشلىقى ھويلا ـ ئارامىلاردا، مېھمان ـ سارايلاردا، يازلىقى سەيلىگاھ، ئارامگاھلاردا كەچلىكى ياكى كۈندۈزى ئىختىيار تەشكىللىنىپ ئۆتكۈزۈلىدۇ.

يەتتىنچى، 《ئوردا مەشرىپى》. لۈكچۈن ۋاڭلىقىدا ئوردا تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 1883 ـ يىلىدىن 1900 ـ يىللارغىچە ئوردا ئىچىدە ئۆتكۈزۈلۈپ، تۇرغان مەشرەپ تۈرلىرىنىڭ بىرى.

سەككىزىنچى، 《قاتار مەشرىپى》. دەۋرىمىزگە كەلگەندە 《قاتار چاي》 ئويۇن شەكلىگە ئۆزگىرىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ نەغمە ـ ساز قوشۇلغان مەشرەپ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن.

يۇقىرىقى مەشرەپ تۈر ـ شەكىللىرىنىڭ دەۋرىمىزگىچە ئوينىلىپ كېلىۋاتقانلىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئۇنىڭ مەنىۋى ھاياتىي كۈچىدىن ئۆزلىرىگە روھىي ئوزۇق ئېلىپ، ئىستېتىك گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلىنىپ كەلمەكتە.

شۇنىمۇ ئىزاھلاپ قويۇش كېرەككى، كونا ئەنئەنىۋى قاراشلار يەنى دىنىي ئۆرپ ـ ئادەت، ئېتىقاد، فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدىكى نام ـ ئەمەللەر، ئاتالغۇلار مەشرەپ تۈر، شەكىللىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك ھالقىلىرىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئۇلاردا ئومۇملىق بولمىغاچقا شۇ تۈردىكى مەشرەپلەرنى ئوينىغاندا نام ـ ئەمەل ئاتالغۇلىرى ئاتىلىپ قالسا تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۇلارغا ئىلمىي مۇئامىلە قىلىش كېرەك. چۈنكى بۇ مەشرەپلەرنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك.

بۈگۈنكى دەۋردە يەنى سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتىدىكى ناچار ئىللەت ۋە كىشىلەر روھىيىتىدىكى مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاش ۋە تۈگىتىش جەھەتلەردە خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ يارقىن مىراسلىرى قاتارىدا مۇھىم رول ئويناپ كېلىۋاتقان 《تۇرپان ئۇيغۇر مەشرەپلىرى》 كىشىلەرگە مەنىۋى روھىي ئوزۇق ئاتا قىلىپ، ساغلام ئوينىلىپ كەلمەكتە.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:


1. 《ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى》، مەمەت زۇنۇن، ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشرى.

2. 《خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان》 جۇڭ جىڭۋېن تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىل نەشرى.

3. جۇڭگو خەلق قوشاقلىرى شىنجاڭ تومى 《تۇرپان خەلق قوشاقلىرى》، تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىراتى تۈزگەن، 1994 ـ يىل نەشرى.

4. 《تۇرپان ۋاڭلىرى》، مۇھەممەت ئىمىن تۈزگەن، سىياسىي كېڭەش تۇرپان ۋىلايەتلىك كومىتېتى 1997 ـ يىل نەشرى.

5. 《تۇرپان خەلق ناخشىلىرى》 غوپۇر ئەخمەت تۈزگەن، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى نەشر قىلدۇرغان، 1994 ـ يىل 1 ـ نەشرى.

6. 《پىچان تارىخىي ماتېرىياللىرى》 پىچان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى تۈزگەن، 8 ـ قىسىم.

7. 《سېھىرلىك زېمىن تۇرپان》 ئۆمەرجان سىدىق تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلغان. 2005 ـ يىل نەشرى.


(ئاپتور: تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش ئادىتىدىن «گۈزەللىك ئىنتىلىشى» گە نەزەر

مامۇتجان تىلەك

مەلۇمكى، ياسىنىش ئىنسانلاردىكى گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. چۈنكى، ياسىنىش ياكى گۈزەللىك ئادىتى ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى تۇنجى ئەمگىكى جەريانىدا يېتىلمىگەن ئىپتىدائىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا قارىتا ھاسىل بولغان گۈزەللىك تۇيغۇ ھېسسىياتتىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىگە ھامان چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ ①. گۈزەللىك زوق ۋە گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش بارلىق مىللەتكە ئورتاق ھالەت. ئەمما مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتى پەرقلىق بولغاچقا، ئۇ ھالەتنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى ۋە ئادەت شەكلىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئەجدادلىرىمىزدا ئۆزىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئەگىشىپ يۈرۈش - تۇرۇش بويىچە ئۆزىگە خاس مىللىي گۈزەللىك ئادىتى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىلا بەزى پەنداز بويۇملىرىنى ئىشلەتكەنلىكى تارىخىي ماتېرىيالدا خاتىرىلەنگەن. مەزكۇر ماقالىدا بايان قىلىدىغىنىمىزمۇ دەل ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش ئادىتىدىن «گۈزەللىك ئىنتىلىشى» گە نەزەر سېلىشتىن ئىبارەت.

## *1. ئوسما قويۇش ئادىتى*

قەدىمدىن تارتىپ گۈزەللىكنى سۆيمەيدىغان ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلمەيدىغان كىشى بولمىسا كېرەك. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىشىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ باشقا مىللەت ئاياللىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ــــ ئوسما قويۇشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قېشى ئەزەلدىن قارا، چېچى ئۇزۇن - توم، رەڭگى قوڭۇر رەڭدە ھەم يىرىك. ئۇنىڭ بۇنداق بولۇشى ئوسما بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇر ئاياللىرى نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىلا ئوسمىنىڭ تەبىئىي گۈزەللەشتۈرۈش خۇسۇسىيىتىنىڭ بارلىقىنى بايقاپ، ئۇنى پەنداز بويۇمى قاتارىدا ئىشلىتىپ كەلگەن②.

تاڭ دەۋرىدىكى شائىر جاڭ خۇلىڭ «سۇنغان تاللار» ناملىق شېئىرىدىكى:

«ياپ - يېشىل قاشلىرىدىن چەكسىز باھار تۇغۇلغان» دېگەن مىسراغا قارىغاندا، قەدىمدە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئوسما قويۇش ئادىتىنىڭ بارلىقى مەلۇم③.

ئۇيغۇر تىبابىتىدىكى بەزى ماتېرىياللاردا ئوسمىنىڭ چاچنى ئۆستۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار بولۇپ، ئوسمىنى چاچقا سۈركىسە چاچ ناھايىتى تېز ئۆسىدۇ. چاچنىڭ رەڭگى قارىداپ، نەملىكى ئېشىپ چاچ تەبىئىي گۈزەللىشىدۇ ④. شۇڭلاشقا يېزىلاردا كۆپىنچە ئائىلىلەردە دېگۈدەك ھويلىلىرىغا ئوسما تېرىيدۇ. شۇنداقلا بىر نەچچىسى بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئوسما قويۇشۇپ ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىشىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارالغان «قاشىڭ قامچىدەك يارىم، ساچىڭ سالمىدەك يارىم»، «ئىككىلەڭ قىزىل گۈلدەك، قايسىڭدىن كېچەي يارىم» دېگەن قوشاقنىڭ ئۆزىلا بۇ پىكرىمىزنى ئىشەنچلىك دەلىللەيدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئوسما قويۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى ئادەت يېزا- قىشلاقلاردا ھېلىھەم ئۆزىنىڭ تەبىئىيلىكىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

## 2. جىگدە يىلمى چېپىش ئادىتى

ئۇيغۇر ئائىللىرى ناھايىتى بۇرۇندىن تارتىپلا بەزى تەبىئىي پەنداز بۇيۇملىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنى چىرايلىق، لاتاپەتلىك تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن. جىگدە يىلمى ئەنە شۇ تەبىئىي پەنداز بۇيۇملىرىنىڭ بىر خىلى ھېسابلىنىدۇ. جىگدە يىلمى جىگدە دەرىخىنىڭ غولى بىلەن قوۋزىقى ئارىلىقىدىن ئېقىپ چىقىدىغان رەڭگى دۇررقايىغا ئوخشاش سېرىق، پارقىراق، شىلىمشىمان سۇيۇقلۇق بولۇپ، ئەتىياز كۈنلىرى پەيدا بولىدۇ. ئادەتتە جىگدە دەرىخىنىڭ ھەممە سورتلىرىدىن يىلىم چىقىدۇ. لېكىن قاغا جىگدىسىنىڭ يىلمى ئەڭ ياخشى[5]. ئۇ ھەم سۈزۈك ھەم يېپىشقاق، پارقىراق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئەجدادلىرىمىز يىلمىنىڭ شۇ خىل خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، ئۇزۇن زاماندىن بۇيان، چاچ پەندىزى سۈپىتىدە ئۇنى چېچىغا چېپىپ ئادەتلەنگەن. شۇ جەرياندا ئۇنىڭ چاچقا بولغان پايدىلىق رولىنى تونۇغان. جىگدە يىلمىنى چاچقا چاپسا چاچنى سالۋارتماي، يېپىشتۇرۇپ پارقىراق كۆرسىتىدۇ، چاچ ئاسانلىقچە سۇنۇپ ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ. چاچتا ئامىنو كىسلاتا مىقدارى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، جىگدە يىلمى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، چاچنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىدۇ. رەڭگىنى قارايتىپ پارقىراقلىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇيغۇر ئائىللىرىنىڭ چېچىنىڭ قارىلىقىنى ھەم سۇمباتلىقىنى كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا تەرىپلىشى ئاساسسىز ئەمەس، يەنى:

جۇدا بولغىلى مەن زۈلفۇ يۈزۈڭدىن،
كۆزۈمگە نە قارا كۆرۈندى نە ئاق .
(ئاتايى)

(چاچ ۋە يۈزۈڭدىن جۇدا بولغىنىم ئۈچۈن، كۆزۈمگە ئاق ـ قارا كۆرۈنمىدى)

يۇقىرىقى مىسرادا «قارا» بىلەن «ئاق» يارنىڭ چېچى بىلەن يۈزىگە تەقلىد قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن «سېنىڭ قارا چېچىڭ بىلەن ئاپئاق يۈزۈڭدىن جۇدا بولغاچقا، كۆزۈمگە ئاق ـ قارا كۆرۈنمىدى» دېگەن مەنا كېلىپ چىققان[6]. ھازىر گەرچە زامانىۋى چاچ سوپۇنى، چاچ مېيى، چاچ يىلمى قاتارلىق پەنداز بۇيۇملىرى ئىشلىتىش بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولسىمۇ، جىگدە يىلمىدىن ئىبارەت بۇ پەنداز بۇيۇمى يېزىلاردا ھېلىمۇ ھەم ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى پەنداز بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ

## 3. سۈرمە سۈرۈش ئادىتى

سۈرمە ـ ئۇيغۇر ئائىللىرى ناھايىتى بۇرۇنلا ئىشلىتىشكە باشلىغان بىر خىل تەبىئىي تاش بولۇپ، ئۇنىڭ تاشقى شەكلى قەلەمسىمان، رەڭگى قارامتۇل، يۇمشاققا مايىل. سۈرمىنى چاچقا قىسمەن ئىشلەتكەندە چاچنى نەم ھەم پارقىراق قىلىش، قارا قىلىش، ئۆستۈرۈش رولى بولۇپ، ئۇنى كىرپىك، قاشلارغا ئىشلەتكەندە، تەبىئىي گۈزەللىك بېغىشلايدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلار قاشنى بىر خىل گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ[7]. ئۇيغۇر تېبابىتىدە سۈرمە كۆز ئاغرىقلىرىنى داۋالايدىغان بىر خىل كان مەھسۇلاتى بولۇپ، ئاياللار كۆز گۈزەللىكى ئۈچۈن قاپىقىغا (كىرپىك ئەتراپىغا) سۈرۈپ ئادەتلەنگەن[8]. تارىخىي ماتېرىياللاردا قەدىمكى كۇسەن (كۇچا) ئائىللىرىنىڭ قاش ـ كىرپىكلىرىگە سۈرمە سۈرۈش ئادىتىنىڭ بارلىقى مەلۇم[9]. ئۇنىڭدىن سىرت رەسساملىق سەنئىتىنىڭ نامايەندىسى بولغان مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىمۇ ئاياللارنىڭ قېشىغا سۈرمە سۈرىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن[10]. كىلاسسىكلارنىڭ ئۇيغۇر ئائىللىرىنىڭ گۈزەللىكىنى تەرىپلەپ:

ئالۇر سۈرمە كانىدىن كۆزلەر باج،
قارا كۆزلەر نېمىدىن ئەيلەر تاراج[11].
(قەلەندەر)

دەپ يېزىشى، ھەزرىتى نىزامىدىن ئەلىشىر ناۋائىينىڭ:

لەيلىگىنى قىلىپ نۇق تەسەرا ئەي قارا كۆز،
ئىشىق ئەھلى ھاياتىغا يارا ئەي قارا كۆز.
چەكمە يەنە سۇرمە كۆز ئارا، ئەي قارا كۆز،
ئەلفانىگە خۆز قارا ئەي قارا كۆز.
دەپ روبائىلارنى يېزىشى ئاساسىز ئەمەس [12].

## 4. قاشلىق ئېتىش ئادىتى

قاشلىق ئېتىش ـ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنلا ئادەتكە ئايلاندۇرغان بىر خىل گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئادىتى بولۇپ، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش جەريانىدا قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار بۇنى ئىسپاتلايدۇ. چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ M42 نومۇرلۇق قەبرىنى قېزىش جەريانىدا 2 ـ مەزگىل مەدەنىيىتىگە تەۋە بولغان مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ئىچىدە ئاياللارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملىرىدىن M48 نومۇرلۇق قۇم تاشنى سۈركۈش ئارقىلىق ياسالغان، كەمتۈلگەن، بېگىزسىمان شەكىلدىكى كەسمە يۈزى يۇمىلاقراق ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 5.5cm ، دىئامېتىرى 1.1cm كېلىدىغان ئىككى دانە قاش قەلەم ۋە بىر دانە شەكىلسىز، كەمتۈك، ئۇزۇنلۇقى 27cm، كەڭلىكى 8cm كېلىدىغان M90:3نومۇرلۇق قارا رەڭدىكى قاش قەلىمىنى بوياشقا ئىشلىتىلىدىغان بويىقى ...... قاتارلىقلار [13] بولۇپ، بۇ بۇيۇملار خانىم قىزلىرىمىزنىڭ قەدىمدىن بۇيان، قەشلىق قەلىمىنى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرسە، مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى ئادەم ئوبرازلىرىنىڭ جانلىق، قارا قاشلىق قىلىپ سىزىلغانلىقى بۇ نۇقتىمىزنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلىپ بېرىدۇ.

## 5. خېنە قويۇش ئادىتى

خېنە ـــ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىرناق گۈزەللىكى بويىچە ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان پايدىلىنىپ كەلگەن تەبىئىي (لاك) دۇر. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياشاش مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش بويىچە خېنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گۈل ـ گىياھلارنى ئۆستۈرۈپ ئادەتلەنگەن، ئۇلار خېنىنىڭ چىرايلىق چېچەكلىرىدىن ھوزۇرلىنىشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭ يىلتىزىدىن تارتىپ قولاقلىرىغىچە پەنداز بۇيۇمى ۋە دورا ئورنىدا پايدىلىنىپ كەلگەن[14]. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارايدىغان بولساق، قوچو Idikut ھۆججەتلىرى ئىچىدە قىزلارنىڭ زىننەت ـ پەنداز بۇيۇملىرى ئاتالغۇلىرىدىن ئەينەك، تارغاق، ئۇپا ـ ئەڭلىك، خېنە قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان[15]. شۇنىڭدىن بىز ئەجداتلىرىمىزدا خېنە قويۇش ئادىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

## 6. ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرۈش ئادىتى

ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرۈش ئادىتى ـ بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرىلا ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ ھەقتە بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دە «ئەڭلىك ـ خوتۇنلارنىڭ مەڭزىگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل بوياق» [16] دەپ مەلۇمات بېرىلگەن. ئۇپا ـ ئەڭلىك يەنە تۇرپاندىن قېزىلغان ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانا توغرىسىدىكى رەسىمدىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن[17]. بۇنىڭدىن سىرت، تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان قەدىمكى «مۇزىكىلىق ئۇسۇل» رەسىمدە ئۇسۇلچىلارنىڭ چاچلىرى ئېگىز ئارچا قارىغاي پوسۇنىدىكى چاچ بولۇپ، يۈزىگە ئۇپا، مەڭزىگە ئەڭلىك سۈرگەن[18]. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارايدىغان بولساق، قەدىمكى كۇسەن ئاياللىرىنىڭ يۈزىگە ئەڭلىك سۈرىدىغانلىقى مەلۇم[19]. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى خانىم ـ قىزلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىكى ئۈچۈن، بۇ پەنداز بۇيۇملىرىنى ئىشلەتكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

## 7. لەۋ سۈرۈق سۈرۈش ئادىتى

لەۋ سۈرۈق سۈرۈشمۇ بىر خىل گۈزەللىككە ئىنتىلىش بولۇپ، قەدىمكى خانىم ـ قىزلىرىمىز

لەۋ سۇرۇقنىمۇ ئىشلەتكەن. تۇرپان ئاستانىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى «مۇزىكىلىق ئۇسسۇل» رەسىمدە ئۇسسۇلچىلارنىڭ لىۋىگە قىزىل لەۋ سۇرۇق ئىشلەتكەنلىكى⑳، قەدىمكى كۇسەن ئاياللىرىنىڭ لەۋلىك سۇرىدىغانلىقى(21) بايان قىلىنسا، تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقى 302 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان ئۈچ پارچە ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانا رەسىمىدىكى (تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ژۇرنىلى 2005 - يىللىق 1 - سان مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدىكى رەسىم) ھاۋا ئانىنىڭ يۈزىگە ئەڭلىك، لىۋىگە لەۋ سۇرۇغ سۇرۇلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، قەدىمكى ئەجداتلىرىمىزنىڭ خانىم - قىزلىرىدا لەۋ سۇرۇغ ئىشلىتىش ئادىتىنىڭ بارلىقى مەلۇم.

## *8. خال قويۇش (چېكىش) ئادىتى*

ئۇيغۇرلاردىكى خال چېكىش — ئەسلىدە ھىندىستان بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ قالدۇق ئىزناسى بولۇشى؛ ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرى بۇ خىل ئادەتنى بۇددا دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئىزناسى مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

تۇيۇق مىڭئۆينىڭ 2 - نومۇرلۇق غارىدىكى تام رەسىملەرنىڭ سول تەرەپتىكى تام رەسىملىرىدە ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھىندىستان قىزلىرىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان قارا مەڭ چېكىلگەن ھالەتتە سىزىلغان بۇد سۈرىتى سىزىلغان(22). ئۇنىڭدىن باشقا مەزكۇر غاردىكى جەنۇبىي غارنىڭ تورۇسىدىكى تام رەسىملىرىدە ئوڭ تەرەپ تام ۋە شىمالىي تەرەپ كارىدوردىكى تام رەسىملىرىدىكى ھىندىستان قىزلىرىنىڭكىگە ئوخشاشلا قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مەڭ چېكىلگەن㉓. ئومۇملاشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك زوقىنى يۇقىرىقىدەك كونكرېتنى بۇيۇملار ئارقىلىق ئىپادىلەشتىن تاشقىرى شىمۋوللۇق — ئىشارە بەلگىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەش ئادىتىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان. يەنە چاچ گۈزەللىكى سۇمبۇلغا، كۆز گۈزەللىكى ئاھۇ كۆز كىيىككە ياكى بۇلاققا، ئېغىز گۈزەللىكىنى ئويماققا، چىراي گۈزەللىكىنى ئاي ياكى ئالمىغا، بەدەن گۈزەللىكىنى غۇنچىغا ئوخشىتىشقا ئادەتلەنگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىشلىرى جۇملىدىن پەرداز قىلىش، ياسىنىش ئادىتى ھەرگىزمۇ يېقىنقى زاماندا شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ھادىسىسى بولماستىن، قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى گۈزەللىك ئادىتى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

پايدىلانمىلار:

① ⑧ ⑬ ⑭ ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى، 196 - ، 199 - ، 200 - بەتلەر

⑤④② ⑦ نۇرنىساخان مەتسىدىق: «ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بەزى گىرىم بۇيۇملىرى»، «پەن ۋە تۇرمۇش»، 2005 - يىل 2 - سان، 42 - ، 43 - بەتلەر

③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن: «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل نەشرى، 83 - ، 84 - بەتلەر

⑥ مۇھەببەت ئادىل: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىدىئوملارنىڭ نۇتۇقتىكى رولى توغرىسىدا»، «ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2004 - يىل 4 - سان 91 - بەت

⑨ ⑲ (21) ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «قەدىمكى كۇسەنلىكلەرنىڭ كىيىم كېچەك ۋە زىبۇ - زىننەت

مەدەنىيىتى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1996 - يىل 4 - سان 42 - بەت

⑩ ھۆسەيىن كېرىم باھادىر: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇزىكىسى توغرىسىدا تەتقىقات» ، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2003 - يىل 1 - سان، 36 - بەت

⑪ قەلەندەر «دىۋانە قەلەندەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى، 291 - بەت

⑫ «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى 14 - بەت

⑬ «چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى 1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىق» . «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» . 2000 - يىلى 43 - سان، 27 - ، 28 - بەتلەر.

⑮ ئەشرەپ ئابدۇللا، رازىيە يۈنۈس: «قوچو ھۆججەتلىرىنىڭ تۈرى ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىكى» ، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2005 - يىل 1 - سان 36 - بەت

⑯ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل 1 - نەشرى، 291 - نۇم 156 - بەت

⑰ گاڭ نىيسەنجىن: «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانا توغرىسىدا» ، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2005 - يىل1 - سان، 75 - بەت

⑱ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر»شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى، 304 - بەت

⑲ ئابدۇگۇل ئابلىمىت: «تۇيۇق مىڭ ئۆيىنىڭ 2 - نومۇرلۇق غارىنى رەتلەش ئەھۋالى» ، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»2005 - يىل 1 - سان 68 - ، 69 - بەتلەر

⑳ جۇ يىڭرۇڭ: «كۇسەن تام رەسىملىرىدىن تەرمىلەر» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەت تەتقىقاتى» 1986 - يىل 2 - سان (قىستۇرما رەسىم)

(ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكولتېتى 2002 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

# ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ، غوزچە كىيىم كىيىش ئىسلاھاتىنىڭ ئېلىمىزنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى

يۇسۇپجان موسا

يېقىنقى دەۋردە جاۋ بەگلىكىنىڭ بېگى غەربىي شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى ۋە يېرىم كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ كىيىم- كېچەكنى كىيىپ، ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ «تارىختا ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ غوزچە كىيىم كىيىش» دەپ ئاتالغان. قىسقا چاپان، ئىشتان، ئۆتۈك كىيىش، ئاتلىق قوشۇن قۇرۇش، دۇبۇلغا، ساۋۇتلارنى يەڭگۈشلەش تەشەببۇس قىلىنغان.

*1. ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ* غوزچە كىيىم كىيىش تەشەببۇسىنى جاۋ بەگلىكىنىڭ بېگى جاۋيۇك (جۇۋۋۇ لىڭۋاڭ - مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 340 - يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 295 - يىلىغىچە ياشىغان) ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ جاۋ بەگلىكىنىڭ 6 - ئەۋلاد بېگى بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 325 - يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 299 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 307 - يىلى ئاتلىق قوشۇن قۇرۇپ غوزچە كىيىم - كېچەك كىيىش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، جاۋ بەگلىكىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قۇدرەتلىك بەگلىككە ئايلاندۇرۇپ، كېيىنكى دەۋرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. مۇداقچە ئېيتقاندا، ئۇ باشقىلارنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى جۈملىدىن ئىلغار تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەنگەن ئاقىل ھۆكۈمران ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 295 - يىلى ئىچكى نىزا يۈز بەرگەچكە، شاچيۇ دېگەن جايدا ئاچلىقتىن ئۆلگەن.

*2. ئىسلاھاتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى*

جاۋيۇك يىراقنى كۆرەر، ئىرادىلىك ئادەم ئىدى، ئۇ جاۋ بەگلىكىنىڭ مۇشكۈل ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئوبدان چۈشەنگەنىدى. كەسكىن رىقابەتكە تولغان يېقىنقى دەۋردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بىر قىسىم بەگلىكلەر كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ھۇنلارنىڭ زەربىسىگە دائىم ئۇچراپ، ئامالسىز قېلىۋاتاتتى. جاۋيۇك ھۇنلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن زامانغا لايىق قوشۇن تۈشكىللەش خىيالىغا كەلگەن. جاۋيۇك دەۋر ھالقىغان تەسەۋۋۇرغا ئىگە ئىدى. ئۇ پۈتكۈل جاۋ بەگلىكى چېگرىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئايلىنىپ چىققان بولۇپ، بەگلىك تەۋەسىدىكى يەر شەكىللىرىنى كۆزەتكەن. جاۋيۇك ۋەزىر - ۋۇزۇرالارغا سۆز قىلىپ، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئاق دىلار قۇرغان جۇڭشەن بەگلىكى بىزگە تەھدىت سالماقتا. شىمالدا يەن بەگلىكى، شەرقىي شىمالىمىزدا توڭغۇس قەبىلىسى، غەربتە ئورمانلىق غوزلىرى، ئالوبانلار قەبىلىسى، چىن بەگلىكى، خەن بەگلىكى بولۇپ، تۆت ئەتراپىمىزنىڭ ھەممىسىدە دۈشمەن كۈچلىرى بار، مۇبادا قۇدرەتلىك قوشۇنىمىز بولمايدىكەن، ھالاك بولىمىز دېگەن. ئۇ يەنە سۆزىنى داۋام قىلىپ جۇڭشەن بەگلىكى ئۇزۇنغىچە جاۋ بەگلىكى بىلەن دۈشمەنلىشىپ، جاۋ بەگلىكىنىڭ شەھەر سېپىللىرىنى سۇغا باستۇرۇپ، شىمالدىكى ئورمانلىق غوزلىرى بىلەن ئالوبانلارمۇ جاۋ بەگلىكىنىڭ چېگرىسىغا دائىم پاراكەندىچىلىك سالماقتا، دېگەن. شۇ چاغدا جاۋ بەگلىكىنىڭ ئىچكى قىسمى تىنچ ئەمەس ئىدى. ھەربىي قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىمۇ شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا يەتمەيتتى.

ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە ئەمنىيە دەۋرىدىن ئىلگىرى ئۇرۇش قىلىشتا هارۋىلىق جەڭ قىلىش ئاساس قىلىناتتى. ئۇرۇش تۇزلەڭ دالىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. مىڭچە جەڭ هارۋىسى بار بەگلىكلەر چوڭ بەگلىك سانىلاتتى. جەڭ هارۋىلىرى ئىككى چاقلىق، تۆت چاقلىق، بىر ئات ياكى ئىككى ئات، بىر كالا ياكى ئىككى كالا سۆرەيدىغان هارۋىلاردىن تەركىب تاپقانىدى. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇب بولۇش بىر نەچچە سائەت ئىچىدىلا، ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر ئىككى كۈن ئىچىدىلا بەلگىلىنەتتى. يېغىلىق دەۋردە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يۈكسىلىپ، نوپۇس كېڭەيگەنلىكتىن مۇهىم خەتەرلىك ئورۇنلارنى ساقلاشتا پىستۇرما قويۇلاتتى. شەهەر، زېمىن تالىشىپ ئۇرۇش قىلىناتتى، شۇ سەۋەبتىن پىيادىلەر ئۇرۇشى بارلىققا كەلگەن. شىمالدىكى هۇنلار (غوزلار) بولسا كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان بولۇپ، هەممە ئادەم ئات مىنىشكە، ئوقيا ئېتىشقا ماهىر ئىدى. ئاتلىق قوشۇن بىلەن جەڭگە ئاتلىناتتى. ئاتلىق قوشۇن تېز هەم هەرىكەتچان بولۇپ، جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن ئىدى. هۇنلارنىڭ جەڭ قىلىش تاكتىكىسى هەربىي ئىلىمنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك ۋە باشقا رايونلارغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. هۇنلار ئەينى چاغدا دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان قۇدرەتلىك، تېز سۈرئەتلىك ئاتلىق قوشۇن تەشكىللىگەن. هۇن جەمئىيىتىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىش ئالاهىدىلىكىگە ئاساسەن هۇنلار پۈتۈنلەي ئاتلىق قوشۇن تەشكىللىگەنىدى. هۇنلار ئاتلىق قوشۇنىنىڭ سۈرئىتى كىشىنى چۆچۈتەتتى. هۇنلارنىڭ پەرزەنتلىرى بەش، ئالتە ياشتىلا ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشنى مەشق قىلاتتى. شۇڭا هۇنلار كىچىكىدىنلا جەڭچى بولۇپ چېنىقاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئالاهىدىلىكى هۇنلارنىڭ بەدەن ساپاسىنى ئاشۇرۇپ، ئىرادىسىنى تاۋلىغانىدى، هەم بۇ ئۇلاردا يۇقىرى ماهارەتلىك ئوقيا ئېتىشقا ماهىر بولۇشتەك ساپانى يېتىشتۈرگەنىدى. هۇنلارنىڭ قوشۇن تەشكىللەش، قوشۇننى مەشىقلەندۈرۈش، قوشۇننى جەڭگە سېلىشى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى بىلەن تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىدى. هۇنلار بۆرە بىلەن ئۇزۇن مەزگىل ئېلىشقان هەم بۆرىنى ئۆزىگە توتېم قىلغان. هۇنلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئوۋ ئوۋلاشنىڭ ئۆزى هەربىي مەشقنىڭ باشلىنىشى ئىدى. هۇنلار بۆرىدىن ناهايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن. مەسىلەن، توپلىشىپ جەڭ قىلىش، كېچىسى ئۇشتۇمتۇت هۇجۇم قىلىش، ئۇياقتىن شەپە بېرىپ، بۇياقتىن زەربە بېرىش، كۈچنى توپلاپ، ئايرىم - ئايرىم يوقىتىش، تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەش، ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ ئۇشتۇمتۇت هۇجۇم قىلىش، ييڭىشكە كۆزى يەتسە جەڭ قىلىش، كۆزى يەتمىسە كېتىپ قېلىش قاتارلىقلارنى ئۆگەنگەن. چاقماق تېزلىكىدە جەڭ قىلىشنىڭ ئۈلگىسىنى دۇنيادا تۇنجى بولۇپ هۇنلار كەشىپ قىلغان. هۇنلارنىڭ بۆرىگە چېلىشىمۇ بۆرىنىڭ هۇۋلىشىدىن ئىلهام ئېلىپ بارلىققا كەلگەن. هۇنلار كىچىكىدىن باشلاپلا ئاتنى، ئاكىسىغا ئەگىشىپ ئوۋ ئوۋلاپ، پىستۇرما قويۇش ئارقىلىق ئوۋ ئوۋلاشنىڭ تۈرلۈك مىكىر - هىيلىلىرىنى ئىگىلىگەن. بۇ خىل تەدبىرلەرنى هۇنلار جەڭ مەيدانىدا بىۋاستە ئىشلەتكەن. هۇنلار تاكتىكىسىنىڭ يادروسى سۈرئەت ۋە تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىش، يەنى بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئارتۇقچىلىق هەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بىرىنچىسى، دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش، ئالدى بىلەن مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن ئاتلىق قوشۇننى دۈشمەنگە كۈچلۈك هۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. 500 - 1000 كىچە چەۋەنداز بىر گۇرۇپپا بولۇپ تەشكىللىنىدۇ. ئالدىنئالا پىلانلاپ قويغان، ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان يانتۇ سەپ هەرىكىتى بىلەن قارشى تەرەپنى بىخۇتلاشتۇرىدۇ هەم قارشى تەرەپ جەڭ سېپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

مەسىلەن، ئوقيا ئوقلىرىنى مۆلدۈردەك ياغدۇرۇۋېتىدۇ. جەڭ ئەۋجىگە چىققاي دەپ قالغاندا، يالغاندىن چېكىنىپ، تۈزلەڭلىكتىن تېز سۈرئەتتە غايىپ بولۇپ، قارشى تەرەپنى ئۆزىنى تېز سۈرئەتتە قوغلاشقا جەلپ قىلىدۇ. قارشى تەرەپ ئالدى - ئارقىسىغا ئۈلگۈرەلمەي قالغان ئەھۋالدا ياكى مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغان چاغدا ھۇن چەۋەندازلىرى كەينىگە يېنىپ، ئوقيا ئوقلىرىنىڭ ناھايىتى يىراققا بارالايدىغان ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 100 نەچچە قەدەم يىراقلىقتا تۇرۇپ، مۆلدۈردەك ئوق ياغدۇرىدۇ. ئىككىنچىسى، زور كۆلەملىك كۆپ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش؛ يەنى چاقماق تېز.كىدىكى ئۇرۇش، شۇڭا يايلاقتىكى مىللەتلەر ھەربىي ئىشلاردا ئەتراپتىكى مىللەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش جەھەتتە دائىم دېگۇدەك ئولتۇراق تۇرمۇشتىكى مىللەتلەردىن تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. ھۇنلار بۆرىدە بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق ماھارەتلەرنى ئۆزىگە تەدبىقلىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئات ناھايىتى ئەقىللىق ھايۋان بولۇپ، يېقىن تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا جۈپلىشىشنى قاتتىق مەنئى قىلىدۇ. يايلاق ئاتلىرىمۇ بۆرىنىڭ يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. ھۇنلار بۆرىنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئاتنىڭ رولىدىن ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئەينى دەۋردە دۇنيادا ئەڭ ئىلغار بولغان ئاتلىق قوشۇن تەشكىللىگەن. جاۋيۇڭ ھۇن ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چېگرىدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. بىر قىسمىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان. شۇڭا، جاۋيۇڭ ھەربىي جەھەتتە ھۇنلاردىن غالىپ كېلىش ئۈچۈن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا قەتئىي بەل باغلىغان.

***3. بەس - مۇنازىرە*** تاشقى دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن جاۋيۇڭ ئالدى بىلەن بەگلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىنى تىنجىتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتكەن، ئۇ ئالدى بىلەن تاغىسىنىڭ قولىدىن ھوقۇقنى قايتۇرۇۋالغان. كىشىلىك مۇناسىۋەت ئالاقىسىنى ياخشى قىلغان. ئۇ پىشقەدەملەرنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارغا شاراپ تۇتقان. ئاقسۆڭەك فېيىينى ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭ تەمىناتىنى ئۆستۈرۈپ، ئوردا ۋەزىرلىرى بىلەن ئىتتىپاقلاشقان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 321 - يىلى 19 ياشقا كىرگەن جاۋيۇڭ تاج كىيىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، رەسمىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىغان. ئۇ ئالدى بىلەن خەن بەگلىكىنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلىنىپ قوشنا بەگلىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىغان. جايۇڭ ۋەزىر - ۋۇزۇرالار بىلەن كېڭەش قىلىپ، مەن ئىلگىرىكى خوجايىن شياڭ زىنىڭ تۆھپىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دائىرىسىنى غۇزلار، دىلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا كېڭەيتمەكچى. بىراق بەگلىكتە مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىدىغان ئادەم يوق. مەن ھازىر خەلقىمىزنى غۇزچە كىيىم - كېچەك كىيىپ، ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىش ماھارىتىنى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلماقچى بولۇۋاتىمەن. بەگلىكتە بۇ توغرىدا غۇل - غۇلا قىلىش تۇرغانلا گەپ. باش ۋەزىر فېيىي ھەر قانداق پىتنە پاساتلارغا قۇلاق سالمىسىلا، ئۇلۇغ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولغان كىشىلەر ئادەتتىكى نادانلاردىن مەسلىھەت سورىمايدۇ دېگەن. جاۋيۇڭنىڭ تاغىسى سۆز قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بولسا ئاقىللار بىلەن ئالتۇن كۈمۈش توپلانغان، تەلىم - تەربىيە ئومۇملاشقان، ئەخلاق پەزىلەت بىلەن ئىش قىلىدىغان، ئەدەب - قائىدە قېلىپلاشقان، ئىلىم - مەرىپەت يۈكسەلگەن، يىراقتىكى ئەللەرمۇ تەلپۈنىدىغان، يات مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ھەۋەس قىلىدىغان جاي. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۈشتۈمتۇتلا ھەممە نەرسىمىزدىن ۋاز كېچىپ، ياتلارنى دوراپ ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچىكىنى كىيىپ،ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى ئۆزگەرتسەك، ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ياخشى ئادەتلىرىمىزگە خىلاپلىق قىلساق، قەدىمدىن قالغان ئۆرپ -

ئادەتلىرىمىزنى ئەمەلدىن قالدۇرساق، خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ قويىمىز، بۇ تارىخ ئېقىمىغا قارشى ئاسى قىلمىش بولۇپ، ئەجداتلار يولىدىن چەتنىگەنلىك بولىدۇ، دەپ ئىسلاھاتنى قوللىمىغان. جاۋيۇڭ ئالدى بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتلىشىپ تاغىسىنى ئاخىرى قايىل قىلغان. ئاندىن باش ۋەزىر فېييى ۋە ۋەلىئەھدى چېڭنى قايىل قىلغان. جاۋيۇڭ ئىسلاھاتنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يەنە تۆرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىسلاھاتقا قارشى تۇرغۇچىلارنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزىگە مايىل قىلغان. جاۋيۇڭ ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىمۇ جاۋيۇڭ ئىسلاھاتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تارىخىي ۋەقەلەر يۈز بەرگەنىدى. «كۇڭزىنىڭ شاگىرتلىرى» دېگەن كىتابتا مۇنداق بىر ھېكايە بار: ۋېي بەگلىكىنىڭ ئەلچىسى زى شۇن جاۋ بەگلىكىگە ئەلچىلىككە كەلگەندە جاۋ بېگى ئۇنىڭدىن شىمالىي دىلارنى ئۆزىگە تارتىشنىڭ چارىسىنى سورىغان. زى شۇن ئۇنىڭغا: دىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئۇلار بىلەن چېگرا سودىسى قىلسىڭىز شىمالىي دىلار ئۆزلىكىدىن كەلمەمدۇ دېگەن. جاۋ بېگى ئەجەبلىنىپ: «مېنىڭ مەقسىدىم ئۇلارنى ئاجىزلىتىش تۇرسا، ئۇلار بىلەن سودا قىلساق، ياخشى نەرسىلىرىمىزنى ئۇلارغا سېتىپ بەرسەك، ئۇلار تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتمەمدۇ دېگەن. زى شۇن چۈشەندۈرۈپ: شىمالىي دىلا بىلەن سودا قىلغاندا، بىزنىڭ لازىم قىلمايدىغان نەرسىلىرىمىز ئۇلارنىڭ ئەتىۋارلىق نەرسىسى بولىدۇ. كىيىم - كېچەك، يىپەك بۇيۇم، ھاراق - شاراپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى نەرسىلەر، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئات، كالا، خۇرۇم، ئوقيا قاتارلىق نەرسىلەر ئۇلاردا كۆپ، ئۇلار بۇ مەھسۇلاتلىرىنى بىزنىڭ يۇقىرىقى مەھسۇلاتلىرىمىزغا ئالماشتۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ مۇھىم مەھسۇلاتلىرىنى بىزنىڭ ئەرزىمەس مەھسۇلاتلىرىمىز بىلەن ئالماشتۇرۇپ، بارا - بارا بىزنىڭ مەھسۇلاتلىرىمىزغا مەھلىيا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى يوقىتىدۇ. شۇ ۋاقىتقا بارغاندا بىر ھۇجۇم بىلەنلا ئۇلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ. شۇڭا ئاخىرىدا ئاجىزلايدىغىنى شۇلار بولىدۇ دېگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جاۋ بەگلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى خېلى بۇرۇنلا مېڭىسىنى سەگەك تۇتقانىدى.

شۇنداق قىلىپ جاۋيۇڭ بىر مەيدان بەس - مۇنازىرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، كەڭ جامائەت پىكرى توپلاپ، ئىسلاھاتقا توسالغۇ بولىدىغان تۆرلۈك ئامىللارنىڭ ئالدىنى ئالغاندىن كېيىن پۈتكۈل جاۋ بەگلىكى تەۋەسىدە كەڭ كۆلەملىك ئىسلاھاتنى ئېلىپ بېرىشقا بەل باغلىغان.

### *4. ئىسلاھاتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى*

1) ئات مىنىشكە، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر كىشىلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، شۇلاردىن ئاتلىق قوشۇن تەشكىللىگەن. 2) يۈەنياڭدا ئاتلىق قوشۇننى مەشقلەندۈرۈش بازىسى قۇرغان، ھەم بىر تام كۈچلۈك ئاتلىق قوشۇن تەشكىللىگەن. 3) غۇزلاردىن، ئالوبانلاردىن ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ، غۇزلار ئارقىلىق غۇزلارنى تىزگىنلەش سىياسىتىنى قوللانغان. 4) غۇزلارنىڭ ئېسىل ئاتلىرىدىن پايدىلىنىپ، جاۋ بەگلىكىنىڭ ئاتلىق قوشۇننى تەشكىل قىلغان. بۇ ئاتلىق قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك بولغان. 5) ئۇزۇن ئوقيا، شەمشەر بىلەن ئاتلىق قوشۇننى سەپلىگەن. ھۇنلارنىڭ ئادىتى بويىچە يىراق ئارىلىقتا ئوقيا ئىشلىتىش، روبىرو تۇتۇشقاندا شەمشەر ئىشلىتىشنى يولغا قويۇش. 6) كىيىم - كېچەك جەھەتتە: جاۋيۇڭ خان تاجىسى كىيگەن، تاج ئۈستىگە قىرغاۋۇل پېيى قادىغان. سانغۇنلار دۇبۇلغا كىيگەن. ئەسكەرلەر بۇركۇت تىرنىقى شەكىللىك باش كىيىمى كىيگەن بولۇپ، قارا رەختتىن تىكىلگەن. ئۇ شىمالنىڭ قوۋم - بارخانلىرىدىن مۇداپىئە قىلىشقا ئەپلىك ئىدى. 7) پۇتقا ئاياغ كىيىش (چىگە رەختتىن تىكىلگەن) ئورنىغا ئۆتۈك كىيىشنى يولغا قويغان بولۇپ، بۇ ئۆتۈك ئات مىنىشكە، جەڭ قىلىشقا،

ئوتلاقلاردا مېڭىشقا ئەپلىك بولغان. 8) مىستىن ياسالغان ئېغىر ساۋۇتنىڭ ئورنىغا خۇرۇمدىن ياسالغان يېنىك ساۋۇتنى ئالماشتۇرغان. 9) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئۇزۇن، كەڭ يەڭگىل چاپانلىرىنى كىيىشنى چەكلەپ، غۇزلاردەك قىسقا چاپان، ئىشتان كىيىشنى يولغا قويغان. ئاتلىق قوشۇنلار تار يەڭگىل بەدەنگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان چاپان، ئىشتان كىيگەن. ئوتتۇرىدا بەلباغ بولۇپ، ئاقسۆڭەكلەر بېلىگە ئالتۇن ئىلمەك ئاسقان، بۇمۇ غۇزلارنىڭ ئۇسۇلى ئىدى.

جاۋيۇڭ يۇقىرىقى ئىسلاھاتنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئۆزى ۋە ۋەزىر ۋۇزۇرالار باشلامچى بولۇپ، غۇزچە كىيىم - كېچەكنى كىيىشكە باش‌لىغان. كېيىن يەنە سانغۇن، تۆرە، بەيبېشەدىن تۇغۇلغان باللارنىڭ ھەممىسىگە غۇزچە كىيىم كىيىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. جاۋيۇڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىككىنچى يىلى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 306 - يىلى ئورمانلىق غۇزلىرىغا ھۇجۇم قوزغىغان. ئارقىدىنلا جۇڭشەن بەگلىكىگە زور كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىغان. بەش يىل ۋاقىت ئىچىدە جۇڭشەن بەگلىكىنى يوقاتقان. جاۋ بەگلىكىنىڭ زېمىنى ئۆز زېمىنىدىن نەچچە ھەسسە كېڭەيگەن.

5. *ئىسلاھاتنىڭ تەسىرى* جاۋيۇڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي يۇنجۇڭ، يەنمىن، دەيجۇن ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلغان. جاۋ بەگلىكىنىڭ شىمالدىكى قوۋملارنى مەغلۇپ قىلىشى كېيىنكى چاغلاردا چىن شىخۇاڭنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدە شىمالدىكى خەۋپنى تۈگىتىپ بەرگەن. جاۋيۇڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تۇنجى بولۇپ ئاتلىق قوشۇن تەشكىللىگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئاتلىق قوشۇن پەيدىنپەي ھارۋىلىق قوشۇننىڭ ئورنىنى ئېلىپ، شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى قوۋملارغا قارشى ئۇرۇشتا كۆنسېرى مۇھىم رول ئوينىغان.

جاۋيۇڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ 60 - 70 يىل ئۆتكەندىن كېيىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 244 - يىلى مەشھۇر سانغۇن لى مۇ قوشۇن تەشكىللىگەن ۋاقىتتا 130 جەڭ ھارۋىسى، 13000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن، 50000 كىشىلىك پىيادىلەر قوشۇنى، 10 تۈمەن ئوقيا قىنى تەشكىللىگەن. نەتىجىدە 10 تۈمەن ھۇن چەۋەندازنى يوقاتقان. چىن شىخۇاڭ مەقبەرىسىدىكى ئەسكەر، ئات ھەيكەللىرىدىكى ئوبرازدىنمۇ بۇ ۋاقىتتا ئاتلىق قوشۇننىڭ قانداق رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس بولمىسا كېرەك. ئېنگېلس«مەيلى غەرپ ياكى شەرق بولسۇن ئاتلىق قوشۇن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىردە (فېئوداللىق جەمئىيەتتە) باشتىن - ئاخىرى قوشۇننىڭ ئاساسلىق تۈرى بولغان» دەپ كۆرسەتكەن. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىمۇ شۇنداق بولغان. چىن شىخۇاڭ ئالتە بەگلىكنى يوقىتىپ، جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئاتلىق قوشۇن زور رول ئوينىغان. خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلاردا، ئىككى تەرەپ قوشۇنىنىڭ سىياسىي كۈچى ئاتلىق قوشۇن ئىدى. پادىشاھ خەن ۋۇدى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئۇدا مەغلۇب بولۇپ ھۇنلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنغانلىق تارىخىنى ئەسلەپ، ئاتلىق قوشۇن قۇرۇشنى، مەشقلەندۈرۈشنى، كۈچەيتىشنى تەكىتلىگەن. بولۇپمۇ ھۇن مەشقاۋۇللىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ھۇنلارنىڭ مەشق ئۇسۇلى بويىچە مەشىقەقە سالغان. ئاتلىق قوشۇن ئۈستۈنلۈكى ھېممشەم غەلىبىنىڭ ئاساسىي شەرتى بولۇپ قالغان. خەن سۇلالىسى ئاتلىق قوشۇن ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، ھۇنلارنى مەغلۇب قىلغاندىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ تەبىئىي يايلىقى بولغان چوغاي تېغى رايونى ۋە ئۇنىڭ تارمىقى بولغان ئالچى تېغى رايونىنى تارتىۋېلىپ، ئۇ يەردە ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلىپ، ئات فېرمىسى قۇرۇپ، فەرغانە ئاتلىرىنى بېقىپ كۆپەيتكەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ كۆپ قېتىملىق غەلىبىسى ئاتلىق قوشۇن ئۈستۈنلىكىدىن

بولغان. پادىشاھ خەن ۋۇدىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئات تولۇقلاش قىيىن بولۇپ، ئاتلىق قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلاپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ يەنە مەغلۇب بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەسىلەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 99 ـ يىل خەن سۇلالىسى سەرگەردىسى لى لىڭ باشلامچىلىق قىلغان 97 ـ يىلى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ يەتتە تۈمەن كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى 14 تۈمەن كىشىلىك پىيادىلەر قوشۇنى ھۇنلارنىڭ 10 تۈمەن كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىپ غەلىبە قىلالمايلا قالماي بەلكى پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. مۇشۇ لارنىڭ ھەممىسى ئاتلىق قوشۇننىڭ جەڭلەردە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداقلا ئاتلىق قوشۇننى ئاساس قىلىش دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قىسقىسى، چىن سۇلالىسىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەملىرىگىچە بولغان جەرياندا ئاتلىق قوشۇننىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولغان. ئات جەڭ مەيدانىنى ئۆزگەرتكەن، ئاتلىق قوشۇن جەڭنى ئۆزگەرتكەن.

***6. خۇلاسە*** جاۋيۇڭ ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن جاۋ بەگلىكىدىكى بەگ، تۆرىلەردىن تارتىپ پۇقرالارغىچە غۇزچە كىيىم ـ كېيىش ئادەتكە ئايلىنىپ، قىسقا، تار يەڭلىك چاپان كىيىش، ئىشتان كىيىش ئادەتلىرى تەدرىجىي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ھەر قايسى جايلاردا ئومۇملاشقان. باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ يولى بىلەن ئۆزىنى بابلاش تەدبىرى تەدرىجىي ئۈنۈملۈك تەبىرلەرگە ئايلىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى قوۋملارنى مەغلۇب قىلغان. جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدا مۇتەپەككۇر ۋېي يۈەنمۇ قەدىمدىن ئۆلگە ئېلىپ «يات قوۋملارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ يولى بىلەن ئۆزىنى بابلاش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەپسۇس ياپونىيىلىكلەر بۇ ئىدىيىدىن بىزدىن بۇرۇن پايدىلانغان. قىسقىسى جاۋيۇڭ يولغا قويغان ئىسلاھات ئېلىمىزنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

## پايدىلىنىلغان كىتابلار:

1. «يېغىلىق دەۋرى تارىخى ۋە يېغىلىق دەۋرى مەدەنىيىتى» شاڭخەي پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرى نەشرىياتى 2007 ـ يىل 4 ـ ئاي نەشرى.

2. «ئوكيانۇس. جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخى قىسمى» شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 2005 ـ يىل 2 ـ ئاي نەشرى.

3. «ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى» 〔ئامېرىكا〕 شاڭخەي ئەسىر نەشرىياتى گۇرۇھى 2007 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى.

4. «پادىشاھلارنىڭ ئۆلۈمى» خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى (بېيجىڭ) 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى.

5. «يېغىلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى (كۆكخوت) 2006 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى.

6. «جۇڭگونىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئازادلىق ئارمىيە نەشرىياتى (بېيجىڭ) 2006 ـ يىل 1 ـ ئاي 2 ـ نەشرى.

7. «ھون ئىمپېرىيىسى ھەققىدىكى ھېكايىلەر» جۇڭگو خەلقئارا رادىئو نەشرىياتى (بېيجىڭ) 2007 ـ يىل 2 ـ ئاي نەشرى.

8. «جۇڭگونىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدىكى ھەربىي ئىشلار ئىدىيىسى» ئازادلىق ئارمىيە نەشرىياتى (بېيجىڭ) 2007 ـ يىل 2 ـ ئاي نەشرى.

9. «جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ۋە ئەقىل ـ پاراسەت تەدبىرلىرى» خۇاۋېن نەشرىياتى (بېيجىڭ) 2002 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى.

10. «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى.

11. «بۆرە توتېمى» چاڭجياڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت نەشرىياتى (ۋۇخەن)2006 ـ يىل 11 ـ ئاي 28 ـ نەشرى.

12. «ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى.
13. «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى (قىسقارتىلمىسى)» جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى (بېيجىڭ) 1997 ـ يىل 5 ـ ئاي 2 ـ نەشرى.
14. «جۇڭگو يەرناملىرى» جۇڭگو خەرىتە نەشرىياتى (بېيجىڭ) 1995 ـ يىل 6 ـ ئاي 2 ـ نەشرى.
15. «ئوكيانۇس» شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 2006 ـ يىل 3 ـ ئاي 9 ـ نەشرى.

---

**ئىزاھات:**

① جاۋ بەگلىكى: قەدىمكى بەگلىك. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 403 ـ يىل جۇ تەڭرىقۇتى رەسمىي ئېتىراپ قىلغان. تېررىتورىيىسى بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، شەنشىنىڭ شەرقىي شىمالى، خېبېينىڭ غەربىي جەنۇبى قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. دەسلەپتە سەنشى ئۆلكىسىدىكى جىنياڭ (بۈگۈنكى تەييۈەننىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ) نى پايتەخت قىلغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 386 ـ يىلى پايتەخت خەندەنگە كۆچۈرۈلگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 222 ـ يىلى چىن بەگلىكى تەرىپىدىن يوقالغان.

② غۇزلار: جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا شىمال بىلەن غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. مەسىلەن، هۇنلار غۇزلار دەپ ئاتالغان. غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى مىللەتلەر غەربىي غۇزلار دەپ ئاتالغان.

③ هۇنلار: قەدىمكى مىللەت نامى. غۇز دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېغىلىق دەۋرىدە يەن، جاۋ، چىن بەگلىكلىرىنىڭ شىمالىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 209 ـ يىلى مودۇ (باتۇر) تەڭرىقۇت ھەر قايسى قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. مىلادىيە 48 ـ يىلى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. جەنۇبىي هۇنلار خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان. شىمالىي هۇنلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. كېيىن مەغلۇب بولۇپ، بىر قىسمى غەربكە كۆچۈپ كەتكەن.

④ ئاق دىلار: قەدىمكى مىللەت نامى. ئەمىنيە دەۋرىدىكى دىلارنىڭ بىر تارمىقى. ئەسلىدە ئۇلار بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ يەنئەن، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ چېگرىسىغا كۆچۈپ بارغان. ئاق كىيىم كىيگەنلىكى ئۈچۈن ئاق دىلار دەپ ئاتالغان.

⑤ جۇڭشەن بەگلىكى: ئەمىنيە دەۋرىدە ئاق دىلار قۇرغان، بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسىدىكى جېڭدىڭنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. كېيىن ئەسلىگە كەلتۈرگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 296 ـ يىلى جاۋ بەگلىكى تەرىپىدىن يوقالغان.

⑥ ئالوبانلار: قەدىمكى قەبىلە نامى، بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسىدىكى نىڭۋۇ، كېلەن قاتارلىق ناھىيىلەرگە تارقالغان. ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، چارۋىچىلىققا ماھىر ئىدى. چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا هۇنلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان.

⑦ ئەمىنيە دەۋرى: مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 770 ـ يىلدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 476 ـ يىلغىچە بولغان دەۋرنى كۆرسىتىدۇ.

⑧ يېغىلىق دەۋرى: مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 475 ـ يىلدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 221 ـ يىلغىچە بولغان دەۋرنى كۆرسىتىدۇ.

⑨ يۈەنياڭ ـ ناھىيە ئىسمى: خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنشاڭ شەھىرىنىڭ شەرقى جەنۇبىدا بولۇپ، جەنۇبىي تەرىپى خۇاڭخې دەرياسىغا تۇتىشىدۇ.

⑩ قوۋم: بىر ئۇرۇقتىن چىققان، ئۆزئارا قېرىنداشلىق، ئۇرۇق تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بولغان كىشىلەر توپىنى كۆرسىتىدۇ.

⑪ ئوتتۇرا ئەسىر: مىلادىيە 476 ـ يىلدىن 1640 ـ يىلدىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىغىچە بولغان دەۋرنى كۆرسىتىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتوتىنىڭ لېكتورى)

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

# تۇرپاننىڭ 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن گۈللىنىشكە باشلىغان

ھېمت نىياز

دۇنيادىكى ھەر قانداق دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن تەرەققىيات تارىخى سودا تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ. بەلكى سودىدىكى تەرەققىيات بېكىنمە ھالەتتە يۈز يىللاپ، مىڭ يىللاپ بۇرۇختۇرما ھالەتتە تۇرۇۋاتقان دۆلەت ۋە مىللەتكە يېڭى ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ. تېنىق سۇغا چۈشكەن تاش كۆل يۈزىنى چالغىتىۋەتكەندەك، بېكىنمىچىلىككە كۆنۈپ كەتكەن روھىي كىشەنلەرنى پەقەت سودا مەدەنىيىتى ئېلىپ كەلگەن بۈيۈك كارۋان ناخشىسى پاچاقلاپ تاشلىيالايدۇ.

تۇرپان دىيارى جاھانغا مەشھۇر قەدىمكى يىپەك يولىغا جايلاشقان ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى يىپەك يولى ئارقىلىق غەرب ۋە شەرق سودىسىنى تۇتاشتۇرۇش ۋە جانلاندۇرۇش يولىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشى، قاتناش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن قەدىمكى يىپەك يولى خارابىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. دەشت - چۆللەردىكى كولدۇرما ئاۋازى يوقاپ كەتتى. ئايىغى ئۈزۈلمەي ئېيتىلىدىغان كارۋان ناخشىسى نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. نەتىجىدە، ئەجدادلىرىمىز ياراتقان ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىپ شەھەرلەشكەن سودا مەدەنىيىتىنىڭ مىڭ يىللاپ گۈللەنگەن ھاياتىي كۈچكە تولغان دەۋرىنىڭ ئورنىنى بېكىنمىلىكتىن ئىبارەت غېرىبلىق، مىسكىنلىك روھىي ھالەت ئىگىلىدى.

غەرب ۋە شەرقنىڭ سودىسىنى گۈللەندۈرگەن، يىپەك يولىدا بۆزچىنىڭ مۈككىسىدەك قاتناپ تېنىم تاپماي تىجارەت قىلىدىغان ئۇيغۇر ۋە سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ جۇشقۇن سودا ئېڭى بېكىنمە ھالەتتىكى ناتورال ئىگىلىكتىن باشقىسىغا پەرۋا قىلمايدىغان روھىي ھالەت بىلەن ئورۇن ئالماشتۇردى.

تارىختا 400 يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرگەن يارغول ۋە قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانىدانلىقى 13 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىچكى نىزا ۋە ياتئەلنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى بىلەن خانىۋەيران بولۇپ، يىمىرىلىشكە باشلىدى. خارابىلىققا ئايلانغان قوچو شەھىرىنىڭ پۇقرالىرى قاراغوجا ۋە ئاستانىنى ماكان تۇتتى. يارغول ئاھالىلىرىنىڭ بىر قىسمى يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى يۇرت ماكانلارغا كۆچۈپ كەتتى. يەنە بىر قىسمى بولسا ئۆز ماكانلىرىنى تاشلاپ، ھازىرقى ئىمىن خوجا مۇنارىنىڭ جەنۇبىدىكى مەشھۇر شەھەر —— ئارام بالىقنى (安乐城) قۇرۇپ، بۇ يەردە ئولتۇراقلاشتى. دېمەك، يىپەك يولىدىكى قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە ئۇ يەرلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ جاي - جايلارغا كۆچۈشى، ئاھالىلەرنى ناھايىتى ئۇزۇن بىر مەزگىللەرگىچە ئۆز كەسپىگە كىرىشتىن مەھرۇم قىلغان ئىدى. بۇ ھال ئۇلارنى نوقۇل تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەر كىم ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزى ئاران قامدىيالايدىغان، ئۆزىنىڭ جان باققۇدەك يېرى بىلەنلا بولۇپ، باشقا ئىشلارغا قۇربى يەتمەيدىغان قىلىپ قويدى. ناتورال ئىگىلىكتىن ھالقىپ چىقىدىغان، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرىدىغان جۇشقۇن سودا ئېڭى بولسا ئاللىقاچان غايىب بولغان ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ماۋرەئۇننەھىردىن تارتىپ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان يۇنانىستان، مىسسوپوتامىيە، رىم ئىمپېرىيىسى، ۋېنتسىيە - ۋىزانتىيىدىن ھالقىپ، ياۋروپانىڭ ئەڭ چېتى گىبرالتار بوغۇزىغىچە ئۆز ۋۇجۇدىدا نەچچە مىڭ يىللاپ ئىجاد قىلىپ، تاۋلاپ، مۇجەسسەملىگەن ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى تارقىتىپ، ئۇزۇقلاندۇرغان جاھانغا

مەشھۇر بۈيۈك تارىم مەدەنىيىتى غوزىدەك ئىچىنى يىپەك يىپ بىلەن بېزەپ قۇرۇق شاكالغا ئايلانغان پىلە قۇرتىدەك ھالىدىن كېتىپ ۋەيران بولدى. پارلاق قوچو - ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن يىپەك يولىدىكى سودا مەدەنىيىتى خارابىلىشىشقا يۈزلەندى. ئۇلاردىن پەقەت بىزگە تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن خارابىلىققا ئايلانغان بىر نەچچە شەھەرلەرنىڭ ئىزنالىرىلا قالدى، خالاس!

تەكلىماكان قۇملۇقى ئۇيقۇغا كەتتى. قوچو ۋادىسىدىكى مەشھۇر شەھەرلەر خارابىلىققا ئايلاندى. يىپەك يولى سودىسى ئاستا - ئاستا ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەن ئاۋام خەلقنىڭ كالىلىسىدىكى سودا ئېڭى بولسا ئاستا - ئاستا ئۆچۈشكە باشلىدى.

خەيرىيەت، 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 18 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان بەش ئەسىر داۋامىدا قوچو - تۇرپان ۋادىسىدىكى دېھقانلار كىچىك كۆلەملىك مەھەللىۋى تېرىقچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئاز - تولا قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىن باشقا سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن تامامەن قول ئۈزگەن ئىدى.

18 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن باشلاپ تۇرپان ۋادىسىدا خۇددى «ئويغىنىش دەۋرى» يېتىپ كەلگەندەك بىر تۇركۇم كىشىلەر غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويىنىغىپ، ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇپ، سودا - تىجارەت يولىغا قاراپ دادىل قەدەم تاشلىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپاننىڭ ئىگىلىك ئەھۋالىنى ئېلىپ ئېيتساق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئۇششاق قول - ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا - تىجارەت قاتارلىقلار بولۇپ، دېھقانچىلىقتا ئاشلىق بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەشتىن سىرت، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش، مالنى سىرتقا يۆتكەش ۋە سىرتتىن مال كىرگۈزۈش قاتارلىقلاردىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

نوقۇل تېرىقچىلىققا تايىنىپ باي بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن كىشىلەر سودا - تىجارەت يولىغا مېڭىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، تۇرپاننىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى قوشنا ناھىيە ۋە ئىچكىرى ۋىلايەتلەرگە، ھەتتا چېگرا ئاتلاپ قوشنا ئەللەرگە يۆتكەيدىغان ئەھۋاللار شەكىللىنىشكە باشلىدى.

تۇرپاننىڭ قۇرۇق ئۈزۈمى، پاختىسى «شۇ ۋاقىتلاردا تۇرپاندا رەڭلىك پاختا ئۆستۈرۈلەتتى. يەرلىك كىشىلەر بۇنى «مەللە پاختا» دەپ ئاتىشاتتى»، يىپەك غوزىسى، چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن تېرە - ئۇچەي، يايلا، تادۇق، يۇڭ ۋە تەرەنجىۋىل (يانتاق شېكىرى)، زىرە، بىدىيان، سىيادان قاتارلىق يەرلىك، ئۆزگىچە داڭلىق مەھسۇلاتلار بولۇپ، يىراق - يېقىندا ئەتىۋارلىق مەھسۇلاتلار ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇرپاندا ئەتىياز بالدۇر باشلىنىدىغان بولغاچقا، تۇرپاننىڭ قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، ھەر تۈرلۈك كۆكتاتلار قوشنا يۇرتلارغا توشۇلۇپ، ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايتتى.

1781 - يىلى تۇرپان كونا شەھەر سېپىلى سوقۇلۇپ، رەسمىي شەھەر تۈسىگە كىرگەندىن كېيىن، شەھەر سېپىلى ئەتراپىدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي قوۋۇقتىن تارتىپ تاكى خانىقا مەھەللىسىگە قەدەر نۇرغۇن ئائىلىلەر كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي كىشىلەر دۇكان سېلىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ئارىدىن 90 يىل ئۆتۈپ، 1871 - يىلى يېڭى شەھەر بىنا قىلىنىشقا باشلىدى. بۇ شەھەرنى يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتىنى قۇرغان ياقۇبەگ (بەدۆلەت) نىڭ چوڭ ئوغلى ھەققۇلبەگ سالدۇرغانلىقى ئۈچۈن ئادەتتە «بەدۆلەت شەھىرى» دەپ ئاتىلاتتى.

1872 - يىلى ياقۇپبەگ زۇزۇڭتاڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يېڭىلگەندىن كېيىن، شەھەرنى تاشلاپ جەنۇبقا كەتتى. بۇرۇن بۇ شەھەر «قوشۇن شەھىرى» دەپ ئاتالغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئاھالىلەر تۈركۈم - تۈركۈملەپ شەھەر ئىچىگە كۆچۈپ كېلىپ، ئۆي سېلىپ ماكانلاشتى. 1875 - يىلىدىن باشلاپ بۇ شەھەردە سودا - تىجارەت تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

بۇ يەردە مۇنداق بىر نەچچە مەسىلىنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، تۇرپان دىيارىدا بىر مۇنچە كىشىلەر ئەمدىلا سودا ـ تىجارەتكە كىرىشكەن مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت، بۇخارا ۋە شەمەيلەردىن بىر تۈركۈم ئۆزبېك، تاتار سودىگەرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە تۇرپانغا كېلىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، ئۆز يەرلىرىگە توشۇشقا باشلىغان. بۇ ھال يېڭىدىن سودا ـ تىجارەتكە كىرىشكەن يەرلىك سودىگەرلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان.

ئىككىنچى، ئوتتۇرا ئاسىيالىق بايلاردىن ھۇسەيىن باي، سامۇقجان، ئوغلى مۆتەلجان، مەۋلان باي ھاجىم، رەخىم باي، پولات بايلار غۇلجا ۋە ئۈرۈمچىدە سودا ۋەكالەتخانىلىرىنى قۇرۇپ، تۇرپان، پىچان تەۋەلىرىدىن پاختا، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ ھە دەپ سېتىۋېلىپ، شۇ يەرنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن شەمەينىڭ ساماۋەر، گۈللۈك جانان چىنە ـ قاچىلىرىنى، مەيسە، كالاچ، تاشكەنتنىڭ ئۆي ـ جاھازلىرى، چاقماق قەن، سەرەڭگە، شاكىلات، كەمپۈت، مەنپەسى، ناۋات قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئەكىلىپ ساتقان. ئۈرۈمچىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۆزبېك باي ساموقجان يەرلىك مۆتىۋەر كىشىلەرگە پۇل بۆيرۇپ، تۇرپان يېڭى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى جەنۇبىي يول ياقىسىغا ھەيۋەتلىك بىر مەسچىت سالدۇرغان. بۇ مەسچىت پۈتكەندىن كېيىن «سامۇقجان باي مەسچىتى» دەپ ئاتالغان. كېيىنچە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىسىم يوقىلىپ، «پازىل مايىزىن مەسچىتى»، «ئاياق مەسچىت» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. سامۇقجان باينىڭ ئوغلى مۆتەلجان يېڭى شەھەر جەنۇبىي كوچىدىن يەر سېتىۋېلىپ، چوڭ بىر يۈرۈش دالانلىق ئۆي سېلىپ، (ھازىر مەشھۇر تېۋىپ مۇتىئۇللا قارى ھاجىمنىڭ باللىرى ئولتۇرىدۇ) «يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى» دېگەن ۋۇۋىسكىنى ئېسىپ، رەسمىي سودا سارىيى قىلغان. شەھەر ـ يېزا خەلقلىرى ئەنە شۇ يەردىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماللىرىنى سېتىۋالىدىغان بولغان. ھازىرقى تۇرپان ۋىلايەتلىك رادىئو ئۈزەلىنىڭ ئورنى مۇتەلجاننىڭ چوڭ جاڭزىسى بولۇپ، تۇرپاندىن سېتىۋالغان يەرلىك مەھسۇلاتلارنى يىغىپ ساقلايدىغان مال ئامبىرى قىلغان. ھۇسەيىن باي يېڭى شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە كارىزنىڭ سۈيى بىرلىشىپ ئاقىدىغان ئۆستەڭ بويىغا شەمەيدىن كەلتۈرۈلگەن چوڭ ھەجىمدىكى پاختا زاۋۇتىنى قۇرۇپ (بۇ پاختا زاۋۇتىنى ھۇسەيىن باينىڭ غوجىدارى شاكىر باشقۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن يەرلىك خەلق «شاكىرنىڭ زاۋۇتى» دەپ ئاتايتتى)، پاختىنى پىرىستلاپ ئېلىپ ماڭاتتى. ئەينى يىللاردا رۇسىيىنىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى بولۇپ تۇرغان ئەرارخان تۆرە (ئۆزبېك) يار يېزىسىنىڭ بەگ مەھەللىسىدە بىر پاختا زاۋۇتى قۇرغان. كېيىن بۇ زاۋۇتنى ئوغلى ئەكبەرخان باشقۇرغان، ئەرارخان تۆرە، ئەكبەرخانلار يار يېزىسىدىن ئۆي ـ ئۇچاقلىق بولۇپ، يەرلىكلىشىپ كەتكەن.

ئۈچىنچى، ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئۆزبېك، تاتار سودىگەرلىرىنىڭ تۇرپاندىكى سودا ـ تىجارەت پائالىيىتى، بولۇپمۇ تۇرپاننىڭ يەرلىك داڭلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ چەت ئەللەرگە توشۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ رېئاللىق يەرلىك سودىگەرلەرنىڭ ئۇيقۇسىنى ئېچىپ، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە، ئۆز يېرىدىن چىققان مەھسۇلاتلارنى سىرتقا كەڭ كۆلەمدە توشۇشقا ناھايىتى زور دەرىجىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

تۆتىنچى، تۇرپاننىڭ سودا ـ تىجارەت ساھەسىدە «ئويغىنىش دەۋرى» گە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەشھۇر كىشىلەردىن: مەخسۇت مۇھىتى، مۇسۇلباي، ئەھمەد ۋاجىدى، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن ئامدۇمجىت ھاجى، ئابدۇراخمان مەخسۇت، ھېسامىددىن زەپەر قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنى تۇرپان ۋادىسىدا سودا ـ تىجارەت يولىنى ئاچقان، يىپەك يولىدا تۆگىلىرىگە كولدۇرما ئېسىپ، كارۋان ناخشىسىنى قايتىدىن ياڭراتقان ئاۋانگارتلار دېيىشكە بولىدۇ.

ئاستانىدىكى مۇھىتلار جەمەتى ئەسلىدە

تۆت سوقما مەڭگۈ بۇلاقتەك بىر نەچچە كارىزغا تايىنىپ، تىرىكچىلىك بىلەنلا شۇغۇللىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كىشىلەر ئىدى. مەخسۇت مۇھىتى، مۇسۇلبايلار دەسلەپتە تۇرپاننىڭ يەرلىك مۇھسۇلاتلىرىدىن پاختا، تىۋىت، يۇڭ، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىقلارنى لەنجۇ، سۇجۇ، شاڭخەي، تيەنجىن قاتارلىق جايلارغا تۆگە كارۋانلىرى ئارقىلىق يۆتكەپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى قارا چاي، يىپەك رەخت، تاۋار- دۇردۇن، چىنە - قاچىلارنى يۆتكەپ كېلىپ تىجارىتىنى راۋانلاشتۇرغاندىن كېيىن، «ئەنجانلىقلار قىلغان ئىشنى بىز نېمىشقا قىلالمايمىز» دېگەن ئويغا كېلىپ، تىجارەت ئوبيېكتىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراتقان. مەخسۇت مۇھىتى ئاكىسى مۇسۇلباينىڭ ھەمدەمدە بولۇشى بىلەن غۇلجا ۋە چۆچەك شەھەرلىرىدە سودا ۋاكالەتخانىسى قۇرۇپ، تۇرپاندىن يۆتكىگەن مەھسۇلاتلارنى غۇلجا ۋە چۆچەك سودا ئېغىزلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، سودا - تىجارەت دائىرىسىنى شەمەي، تاشكەنت، ئەنجانلاردىن ھالقىپ، مۇسكۋالارغىچە كېڭەيتىپ، خەلقئارا سودا بازىرىغا يۈزلەنگەن. ھەر يىلى كۈزدە شەمەيدە ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارا سودا يەرمەنكىسگە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئۇلگۇرتۇپ ئاپارغان. يەرمەنكىدە تۇرپاننىڭ پاختىسى، قۇرۇق ئۈزۈمى چەتئەللىك سودىگەرلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. مەخسۇت مۇھىتى، مۇسۇلبايلار ئوتتۇرا ئاسىيادا سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئۇ يەرلەردىكى يېڭىلىقلارنى، مەدەنىي ھاياتنى، ئىلىم - پەن يېڭىلىقلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن. بولۇپمۇ مائارىپ تەرەققىياتى ئۇلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. خەلقنى نادانلىقتىن، خۇراپاتلىقتىن ۋە كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ، شۇنداقلا كىشىلەرنى ئالدى بىلەن روھىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى مائارىپ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىپەرۋەر زات مەخسۇت مۇھىتى تاتارىستاننىڭ قازان، قرىم، كاۋكاز رايونلىرىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىنى كۆرۈپ، يەرلىك زىيالىيلار بىلەن قۇيۇق ئالاقە باغلاپ، ھەيدەر سايرانى، مۇھەببۇللا ئەپەندى، ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى ۋە گۈلەندەم ئابىستەيلەرنى تۇرپانغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن. 1911 - يىلى مەخسۇت مۇھىتى ئۆز يېنىدىن خىراجەت ئاجرىتىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ مائاش ۋە ئوقۇش خىراجەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئاستانىدا تارىختىن بۇيان تۇنجى قېتىم يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ، ئىككى سىنىپلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. مەكتەپنىڭ ئىسمىنى «مەھمۇدىيە مەكتىپى» دەپ ئاتىغان. بۇ، ئاتۇش ئىكساقتا ئاكا - ئۇكا موسابايوف، باھاۋۇدۇن بايلار قۇرغان مەكتەپ بىلەن تەڭ شىنجاڭ بويىچە يېڭىچە - جەدىت ئۇسۇلى بىلەن قۇرۇلغان دەسلەپكى تۈركۈمدىكى مەكتەپ ھېسابلىنىدۇ.

1915 - يىللاردىن باشلاپ، ئابدۇمىجىت ھاجى نەۋرىسى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئەگەشتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا بىر نەچچە قېتىم سودىگەرچىلىككە ئاپارغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۈچىنچى قېتىم بارغىنىدا، ئاتىسىنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ، تاشكەنتتە ئوقۇش ئۈچۈن قېپقالغان. تەشكەنتتىكى ئىككى يىللىق ئوقۇشنى تاماملاپ، موسكۋاغا بېرىپ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان. مائارىپنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يۇرتقا قايتىپ كېلىپ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، يېڭى شەھەردىكى ئۆز ھويلىسىدا ئۆز خىراجىتى بىلەن بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئاچقان. سىراجىدىن زەپەر، بارى زەپەر، مۇتىئۇللا، مۇھەممەت مەڭنىك، قاھار ھېيت ھاجى، تۇرسۇن پوكەيدى قاتارلىق 10 بالىنى بىرىنچى تۈركۈمدە قوبۇل قىلىپ، ئۆزى دەرس ئۆتكەن.

دېمەك، شۇنىسى ئېنىقكى، سودىدىن ئىبارەت بۇ جاھانكەزدىلىك پائالىيەت كىشىلەرنىڭ سودا ئېڭىنى ئېچىپلا قالماي بەلكى چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى، مائارىپىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن.

تۇرپان دىيارىنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن باشلانغان سودا - تىجارەت تەرەققىياتى 20 - ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئىچكى سودىدىن ھالقىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ھەتتا قوشنا ئەللەرگە مال يۆتكەيدىغان كۆلەملەشكەن، سودا ئوبورۇتى شەكىللىنىشكە باشلىغان.

بۇ يەردە تۇرپاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا سودا ـ تىجارەت ساھەسىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئەھمەد ۋاجىدى ئىسىملىك داڭلىق مەرىپەتپەرۋەر زاتنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەھمەد ۋاجىدى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا 1906 ـ يىلى 6 ـ ئايدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1934 ـ يىلى تۇرپان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا مۇئاۋىن رەئىس، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئىتتىپاقىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولغان. شۇ يىللاردا ئاتىسى توختى ھاجىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن سودا ساھەسىگە قەدەم قويغان. ئۇ ئىچكى ئۆلكىلەردە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مەزگىللەردە ئاتىسى توختى ھاجىم 1936 ـ يىلى شەمەيگە تەييارلاپ ئەپچىقالمىغان 10 نەچچە تۈمەن جىڭ پاختىنى لەنجۇغا ئاپىرىپ ساتقان، ھەم لەنجۇدا بىر سودا سارىيى ئاچقاندىن كېيىن شاڭخەيگە بېرىپ، پاي قوشۇپ، «تۇڭخې» ئاۋتوئاتسىيە ترانسپورت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى، قوشۇمچە لەنجۇ باش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بولغان. ئەھمەد ۋاجىدى لەنجۇنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا بىر قانچە سودا شىركەتلىرىنى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئۆزئارا مال ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. تىجارەت دائىرىسىنى پەيدىنپەي كېڭەيتىپ، لەنجۇ، شىئەن ۋە جاڭجياكۇنىڭ شىمالىدىكى مەشھۇر شەھەرلەردە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ نام چىقارغان. شۇڭا، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە «ئەھمەد گاۋچاڭ» دېگەن نام بىلەن ھەممىگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن.

ئەھمەد ۋاجىدى تۇرپانلىق سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغانلارغا سېلىشتۇرغاندا، تىجارەت دائىرىسى كەڭ، كۆلەملەشكەن، تىجارەت قىلغان ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، تاكى لەنجۇ ئازاد بولغانغا قەدەر سودا ـ تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

تۇرپاننىڭ گۈللىنىشىگە يۈزلەنگەن يېقىنقى زامان سودا ـ تىجارەت تارىخىغا نەزەر سالساق، 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن باشلانغان تۇرپان يېڭى شەھەر سودا ـ تىجارىتى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. تۇرپان يېڭى شەھەر بىنا قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ يەر تۇرپان دىيارىنىڭ ئىچكى سودىسى ئەڭ گۈللەنگەن. شۇنىڭغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىي قىلغان مەركەزلىك ئورۇنغا ئايلانغان.

يېڭى شەھەرنىڭ سودا ـ تىجارىتىگە ئالدى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىن كېلىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان سودىگەرلەر ئاساس سالغان دېيىشكە بولىدۇ. قەشقەرلىك سودىگەر ھەسەن ھاجىم بۇنىڭ تىپىك ۋەكىلى. قەشقەر شەھەر ئىچى چاسىلىق ھەسەن ھاجىم 1870 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قاتناپ تىجارەت قىلىش داۋامىدا يېڭىدىن بىنا قىلىنغان تۇرپان يېڭى شەھەر ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقان. تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگ يېڭى شەھەرنى تاشلاپ جەنۇبقا قاچقاندىن كېيىن غەربىي قوۋۇقتىن ـ شەرقىي قوۋۇقىچە ئېلان باغرىدا رەستە كوچا شەكىللىنىپ، كوچىنىڭ جەنۇبىغا ئۇيغۇرلار، شىمالىغا خۇيزۇلار ئولتۇراقلاشقان. ئاھالىلەر دەسلەپتە ئۇششاق مىلىچ مال، يېمەك ـ ئىچمەك سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان. رەخت، كىيىم ـ كېچەك، گەزمال ساتىدىغان بىرەر ماگىزىن ياكى دۇكان يوق. 1875 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئىچكىرىدىن بىر قانچە سودىگەر ئائىلىسى كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ دۇكان ئاچقان. ھازىرقى قازىخانا جامەسىنىڭ شەرقىگە 100 مېتىر كېلىدىغان جايدا «يۈشىن سىڭ» («يۇ فامىلىلىكلەرنىڭ يېڭى ھاياتى» دېگەن مەنىدە) دېگەن ئۈچ خەنزۇچە خەت يېزىلغان يوغان بىر ۋىۋىسكا ئېسىلغان ماگىزىن ئېچىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، جاڭ زىيۇڭ، ۋاڭ شىنەن قاتارلىقلار ئاچقان 5، 6 ماگىزىن پەيدا بولغان. دېھقانلار ئەنە شۇ ماگىزىنلاردىن ھەر تۈرلۈك رەخت، كىيىم ـ كېچەك، گەزمال ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋالغان. بۇ يەردە مۇنداق بىر مەسىلىنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ: ئىچكىرىدىن يېڭى شەھەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان سودىگەرلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ، بىر ـ بىرىدىن ئېسىل، ماللىرى تولۇق، كۆركەم سودا دۇكانلىرىنى

ئاچقان. ھازىرقى قازىخانا جامەسىنىڭ يېنىغا ھەيۋەتلىك بىر بۇتخانا ياسالغان. كېيىنكى كۈنلەردە ئورۇن نامى بىلەن «بۇتنىڭ ئالدى» دەپ ئاتالغان.

تۇرپان دېھقانلىرى تىرىشچانلىق ۋە ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغاچقا، ھەممە دېھقاننىڭ دېگۈدەك قولى قىس ئىدى. ئەتىياز ۋە سىرىقتال ۋاقىتلىرىدا باللىرىنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىشقا خۇيزۇ، خەنزۇ جازانىخورلاردىن قەرز پۇل ئالاتتى ۋە بۇغداي، پاختا، قۇرۇق ئۈزۈمگە ئالدىن يۇقىرى ئۆسۈم بېرىش شەرتى بىلەن قەرز ئالاتتى. ھارامدىن قورقمايدىغان بەزى قارا قوساق ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ تىجارەتچىلەر «ھىيلە - شەرىئە» ئىشلىتىپ، شەرىئەتكە مۇخالىپ كەلمەيدىغان ئۇسۇللارنى ئويلاپ تېپىپ، جازانىغا قەرز پۇل بېرەتتى. بۇ دېگەنلىك جازانىخورلار دېھقانلارغا بەش دادەن بۇغدايغا پۇل بېرىپ، تىلخەتكە يەتتە دادەن دەپ ياراتتى. مەن ئۆسمۈرلۈك ۋاقتلىرىمدا مۇنداق ئەھۋالنى بىر قانچە قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن.

ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ جازانىخورلار يېزىلاردىكى كارىزى بار ھاللىق بايلارنى نىشانلاپ، ئۇلارغا كۆپلەپ قەرز بېرەتتى. ئاپەت يۈز بېرىپ كەم ھوسۇل ئېلىنىپ قەرزنى قايتۇرالمىغاندا، كېلەر يىلى قەرزنى ئىككى قاتلاپ قايتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. قەرز قايتۇرۇش بىر نەچچە يىلغا كېچىكسە، ئۇ ۋاقىتتا «ئانىسىدىن بالىسى ئېشىپ»، كارىزنىڭ بىر نەچچە كۈنلۈك سۈيىنى قەرزگە قارىتا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولاتتى. شۇنداق قىلىپ يىللارنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ كارىز پۈتۈن سۈرۈك جازانىخورلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتەتتى. كارىزنىڭ ئىسمىنى بولسا ئۆز نامىغا ئۆزگەرتەتتى. تۇرپان يېزىلىرىدىكى بىر قىسىم كارىزلارنىڭ نامى «خەن جىدى كارىزى»، «پەن جەننىڭ كارىزى»، «چې شىرنىڭ كارىزى»، «جاڭ سەيدۇڭ كارىزى» دېگەن خەنزۇچە، خۇيزۇچە ئىسىملارنىڭ قويۇلۇشى ئەنە شۇ سەۋەبلەردىن بولغان. چۈنكى جازانىخورلار تۇرپاندەك ھاۋاسى ئىسسىق، قۇرغاق، يەر كۆپ، سۇ قىس، «بىر تامچە سۇ بىر تامچە قان بىلەن باراۋەر» دېيىلىدىغان مۇشۇنداق جايدا، سۇنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، سۇ بولسىلا ھەر قانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەن.

ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، تۇرپان دېھقانلىرى ساددا، ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان، سودا - تىجارەتتىن ئاللىقاچان قول ئۈزگەن خەلقتۇر.

ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامى 1916 - يىللاردا يېزىپ تاماملىغان ئۆزىنىڭ «تارىخي ھەمدى» ناملىق كىتابىدا تۇرپاننى تەسۋىرلەپ: كونا تۇرپان بولسا كونا ۋە قەدىمكى شەھەردۇر. ئادەملىرى راس قۇللۇق، راس سۆزلۈك، پۇختا ۋە پىششىق، سۈيى كەم بولۇپ، ھەممىسىلا كارىز سۈيى بىلەن زىرائەت تېرىيدۇ. زېمىنى ئوبدان، مەھسۇلاتى ئۆزىگە يېتىدۇ. غوزا - كېۋەزلىرى ئوبدان بولىدۇ. تەرەنجۇبىل (يانتاق شېكىرى) كونا تۇرپاننىڭ خاس مەھسۇلاتىدۇر. كىشمىش ئۈزۈملىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ ئۈزۈم شەھەر - شەھەرلەرگە توشۇلىدۇ. كونا تۇرپاننىڭ زېمىن دائىرىسى كەڭ، ئارىلىقى يىراق، دەپ يازىدۇ (مەزكۇر كىتابنىڭ 660 - ، 661 - بەتلىرىگە قارالسۇن).

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەشقەر چاسىلىق ھەسەن ھاجىم تۇرپاننى كۆزىتىش جەريانىدا مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالنى بايقىغان. بىرى، تۇرپاندا سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، بولۇپمۇ رەخت، كىيىم - كېچەك ساتىدىغان بىرەر ئادەمنى ئۇچراتمىغان. يەنە بىرى، دۇكان ئاچقان بىرەر ئۇيغۇر سودىگەرلەر بولمىغاچقا، دېھقانلار جازانىخورلارغا قەرزگە بوغۇلۇپ، شۇ ۋەجىدىن مال - مۈلكى ھەتتا كارىزلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغان. ھەسەن ھاجىم دەرھال قەشقەرگە قايتىپ، ئۇرۇق - تۇغقان، سودىگەر ئەل - ئاغىنىلىرىنى تۇرپانغا بېرىپ سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، بىر مۇنچە قەشقەرلىك سودىگەرلەر تۇرپانغا كېلىپ، «بۇ يەر بولىدىغان جاي ئىكەن، ھاۋاسى بەلەن، سۈيى پاكىزە، يىگىتلىرى ئەدەب - ئەخلاقلىق، قىزلىرى شەرمى -

هايالىق، ئېتىقادى كۈچلۈك، سودا قىلىشقا ئەپلىك» دېيىشىپ كەينى ـ كەينىدىن تۇرپانغا كېلىپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان. قەشقەرلىك سودىگەرلەردىن تاش مامۇت هاجىم، ئوغۇللىرى: مۇهەممەت قارى هاجىم، ئابلىمىت هاجىم، ئىمىن قارى، تۇرسۇن گەيجاڭ، قاسىم هاجىم، سابىر ئاخۇن، رەهىم ئاخۇن، تاۋار ئىسلام ئاخۇن، باقى ئاخۇن، ئابدۇرېهىم دۆلەت، قۇتلۇق باي قاتارلىقلار 1880 ـ يىللاردىن 1910 ـ يىللارغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن تۇرپانغا كېلىپ، يېڭى شەهەردە چوڭ رەستە دۇكانلارنى ئاچقان. ئىمىن قارىنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئابدۇكېرىم ئاخۇن، غوپۇر هاجىم، هۇسېيىن ئاخۇن، سۇلايمان ئاخۇن، جالىندىن هاجىملار تۇرپان بىلەن شائخەي، تيەنجىن شەهەرلىرى ئارىلىقىدا قاتناپ يۈرۈپ، تۇرپاننىڭ يەرلىك مەهسۇلاتلىرىنى ئىچكىرىدىكى شەهەرلەرگە، سۇجۇ، خاڭجۇنىڭ يىپەك، تاۋار ـ دۇردۇن، قارا چاي، جانان چىنە ـ قاچىلىرىنى تۇرپانغا ئەكىلىپ توپ ۋە پارچە سېتىپ، يەرلىك خەلقنىڭ ئىچكىرى ئۆلكە ماللىرىغا بولغان ئېهتىياجىنى قامدىغان. 1933 ـ يىلى شىڭ شىسەينىڭ «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن تۇرپان يېڭى شەهرىنىڭ سودىسى ئىنتايىن جانلىنىپ، قاينام ـ تاشقىنلىق ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. جەنۇبىي شىنجاڭلىق سودىگەرلەر بىر تەرەپتىن جەنۇبنىڭ ماللىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكىسە، خوتەن، يەكەن، قەشقەر، كۇچارنىڭ يەرلىك مەهسۇلاتلىرىدىن ياڭاق، پىستە بادام، شاپتۇل قېقى، ئۆرۈك قېقى، چىلان، جىگدىلىرىنى قەشقەرنىڭ سەرگەز، تولىما ماتا، شايى، ئەتلەس، چەكمەنلىرىنى يار يار هارۋىلىرىدا يۆتكەپ، ئەينى زاماندا يېڭى يىپەك يولى ئېچىلغاندەك ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، تۇرپان جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ سودا قاتنىشىدا مۇهىم سودا ـ تىجارەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

قەشقەرلىك هەسەن هاجىم، ئوغلى هۇسېيىن ئاخۇن، يولداش ئاخۇنلار بازارنىڭ مەركىزىدە «قەشقەر سارىيى» نى، خوتەنلىك زىياباۋدۇن شائىزۇڭ (سودىگەرلەر باشلىقى) ئوغلى جالالىدىن هاجىم، سۇلايمان ئاخۇنلار «خوتەن سارىيى» نى، ئاقسۇلۇق غوپۇر قارىم «ئاق ساراي» قاتارلىق سارايلارنى ئېچىپ، سىرتتىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى توپ سېتىش، ماللىرىنى ئوبوروت قىلىشقا قولايلىق يارىتىپ بەرگەن. يېڭى شەهەرنىڭ سىرتىدا يەرلىك خەلقلەردىن ئابلا هاجىم، رىقىپ هاجىم، مۇقىيۇت گەيجاڭ، تۆمۈر شائيۇ، نۇر شائيۇلاردەك (مىلىچ مالىلار سارىيى) ئېچىپ، گۈلە قاتارلىق سودىگەرلەرنى كۈتۈۋالغان.

شەهەر سودىسىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، سىرتتىن بىر تۈركۈم مىللىي تېۋىپ، تۇماق، جۇۋىچى، مىسكەرچى، ئۇستۇرچى ۋە كارۋان تۈركۈملىرى يېڭى شەهەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. قەشقەر يېڭى شەهەرلىك مەشهۇر تېۋىپ هوكۇما باي ئاخۇن ئەزىز، خوتەنلىك مامۇت ئاخۇن، ئوغۇللىرى هامۇت ئاخۇن، ئۇمەر قارى هاجى، قومۇللۇق سوپاخۇن قاتارلىق تېۋىپلار تۇرپاننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى شىپاخانا بولماسلىق شارائىتىدا تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن بىمارنى داۋالاپ ساقايتقان. ئۆرۈمچىدە مەخسۇس تەربىيىلىنىپ كەلگەن ناسىر بەگ چېچەك ئەملەشتە داڭ چىقىرىپ، بىر مەزگىل يامراپ كەتكەن باللارغا يۇقۇملۇق قىزىل ئۆرلەش، چېچەك ۋاباسىنىڭ تارقىلىشىنى زور دەرىجىدە توسۇپ قالغان. قەشقەرلىك يولداش ئاخۇن، ئاكا ـ ئۇكا ئىلى هاجىم، ياقۇپ هاجىم، سۇلايمان ئاخۇن، هەبىبۇللا، سېيىت ئاخۇن، توختى ئاخۇن، تۇرسۇن ئوسمان هاجى قاتارلىقلار تۇماق، جۇۋا تىكىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بازارنى ئاۋاتلاشتۇرغان. خەلقنىڭ ئېهتىياجىدىن چىققان. بىر مۇنچە شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. قەشقەرلىك هاپىز قارى، ئوغۇللىرى مۇهەممەت ئاخۇن، غوپۇر قارى، ئېزىز قارى، كۇچاردىن ساۋۇت مىسكەرچىلەر كېلىپ قەشقەر ۋە كۇچارنىڭ نەپىس ئىشلىتىدىغان مىس چۆگۈن، چىلاپچا ـ ئاپتاۋىلىرىنى ئىشلەپ بازارغا سېلىپ، داڭ چىقارغان. كارۋانچىلىق شۇ زامانلاردا تەرەققىي تاپقان كەسپلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ئاتۇشلۇق مەشهۇر باي سەمەت هاجىم،

مۇھەممەت ئەيسا، جامال تۆگىچى، نايىپ كەلپىن قاتارلىقلارنىڭ 40 ـ 50، بەزىلىرىنىڭ 150 ـ 200 تۆگىسى بار بولۇپ، تۇرپان بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ، ئىچكىرى ئۆلكىلەر ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا قاتناپ، مال يۆتكەيتتى. تەۋەككۇل ئاخۇن، توختى ئاخۇن، قۇرباخۇن، سەيپاخۇن، يۇسۇپ خېچىرچى، مەسۇم ئىشەكچى، مۇھەممەت ئىشەكچىلەرنىڭ 40 ـ 50 دىن ئىشەك، 20 ـ 30 دىن خېچىر بىلەن ئۇرۇمچى، گۇچۇڭ، مورى، جىمسار، سانجى، قومۇل قاتارلىق بىر قەدەر يېقىن جايلارغا قاتنايتتى.

يۇقىرىدا تۇرپان يېڭى شەھەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان جەنۇبىي شىنجاڭلىقلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بىر قىسىم كىشىلەر تىلغا ئېلىندى. باشقا كەسىپلەر جۈملىدىن يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاشپەز، ناۋاي، قاسساپ، سوپۇنچى، كۆن ـ خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىدىغانلار ۋاقت ۋە سەھىپە ئېتىبارى بىلەن كۆزدىن ساقىت قىلىندى.

جەنۇبىي شىنجاڭ سودىگەرلىرىنىڭ تۇرپان يېڭى شەھەردىكى سودا ـ تىجارەت پائالىيىتى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ سودا ـ تىجارەت يولىغا مېڭىشىغا زور دەرىجىدە تۈرتكە بولغان. 1930ـ يىللىرىدىن كېيىن ئابدۇخالىق قارى، ھەتتەم ساۋۇت ھاجى، مىنۇر شاگىرۇڭ، ئىسمايىل گەيجاڭ، خالىق ئاخۇن سودىگەر، نىزامىدىن جېنجاڭ، جامال گەيجاڭ، جۇنەيت ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر يىراق يېزىلاردىن كۆچۈپ كېلىپ، دۇكان ئېچىپ تىجارەت قىلىشقا كىرىشىپ، كېيىنچە يەرلىك باي سودىگەرلەردىن بولۇپ قالغان.

يېزىلاردا بىمارلارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، شەربەت قايىنىتىپ كەلگەن تېۋىپلاردىن مۇتىئۇللا قارى ھاجىم، مىنۇر بەگ، ئابدۇرېھىم خەلپەت، نىياز دېھقان قاتارلىقلار شەھەرگە كۆچۈپ كىرىپ، مەخسۇس دورا ـ دۇكانلىرىنى ئاچقان. قەشقەر، خوتەنلىك مەشھۇر تېۋىپلاردىن تەلىم ئېلىپ، ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، تىبابەتچىلىك بىلىملىرىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرغان.

1940 ـ يىللاردىن كېيىن مۇتىئۇللا قارى ھاجىم، مىنۇر بەگلەر داۋالاش ساھەسىدە ئۇتۇق قازىنىپ، پۈتكۈل دىيار ھەتتا شىنجاڭ بويىچە داڭلىق تىبابەت ئالىمى ۋە ھەكىم ـ ھۆكۈمالاردىن بولۇپ قالغان.

1920 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن گۈللىنىشكە يۈزلەنگەن تۇرپان يېڭى شەھەر بازىرىنىڭ سوداـ تىجارەت تەرەققىياتى ئېلىپ كەلگەن يېڭىلىقلارنى مۇنداق تەسۋىرلەشكە بولىدۇ: يېڭى شەھەرنىڭ غەربىي قوۋۇقىدىن تاكى شەرقىي قوۋۇقىغىچە يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا پەۋەس سودا ـ تىجارەت دۇكانلىرى ئېچىلغان. ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شەھەر كوچىسىنىڭ ئۈستى تۇتاش رەتلىك يېپىلغان. «قەشقەر سارىيى»، «خوتەن سارىيى»، «ئاق ساراي»لاردا جەنۇبىي شىنجاڭ، غۇلجا ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ ماللىرى بىلەن توشۇپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك توپ ۋە پارچە ساتقۇچىلار ئارىسىدا سودا ئىنتايىن قىزىپ كېتەتتى. شەھەر سىرتىدىكى «مىلىچ ماللار ساراي» لىرىدا غۇلجىدىن كەلگەن تارانچى ھارۋىلىرى (بىر ئات قېتىلغان 40 ـ 50 يەڭگىل ھارۋىلار بىر ـ بىرىگە چېتىلىپ ماڭىدىغان ھارۋا. يەرلىك كىشىلەر بۇنى «تارانچى ھارۋىسى» دەپ ئاتايتتى) بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يار يار ھارۋىلىرىدا كەلتۈرۈلگەن گۈلە، قاق سودىسى قىزىپ كېتەتتى.

يېڭى شەھەرنىڭ ھەيۋەتلىك شەرقىي ۋە غەربىي قوۋۇقلىرى بىلەن ئاسمانغا بوي تارتقان ئېگىز ـ كونگۈرىلىك سېپىللىرى، قايىنام ـ تاشقىنلىق شەھەر سودىسىغا غەرق بولغان ئۈستى يېپىق كوچىلىرى كىشىگە بىر خىل سېھىرلىك، سۈرلۈك تۇيغۇ پەيدا بولاتتى. تۇرپانغا تۇنجى قېتىم قەدەم باسقان غۇلجىلىق بىر سودىگەر شەھەرنىڭ قوۋۇق ـ سېپىللىرى ۋە ئىچىدىكى سودا قاينىمىنى كۆرۈپ، ھاياجانلانغان ھالدا «پاھ، بۇ بۇخارا، سەمەرقەنتنىڭ ئەينى زامانىدىكى كۆرۈنۈشىگە ئوخشاپ كېتىدىغان شەھەركەن» دەۋەتكەن.

خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر قىزىق گەپ

تارقىلىپ يۇرگەن: ئايدىڭكۆل يەمشىلىك كارساڭ مۇللا ئىسمىلىك بىر كىشى ئىشەكلىك بازارغا كىرىپ، غەربىي قۇۋۇقتا كەلگەندە، قۇۋۇق ئىچىگە قاراپ هەيران قالغىنىدىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالغان. بۇ كىشى «بۇ قايسى باينىڭ بازىرىدۇ. بۇ بازار هەجەپمۇ كاتتا، كۆركەم، چىرايلىق ئىكەن. ئىشەكلىك كىرسەم سەت بولۇر» دەپ ئىشىكنى سىرتقا باغلاپ، كەشنى قۇۋۇق تۈۋىگە قويۇپ شەهەر ئىچىگە كىرىپ ئايلىنىپ، فايتىپ چىقسا ئىشىكمۇ، كەشمۇ يوق تۇرغىدەك. بۇ گەرچە بىر هەزىل گەپ بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بازار كۆرمىگەن بىر ساددا دېهقانىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى سۆرەتلەپ بېرىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يىپەك يولىنىڭ قايتا گۈللىنىشىگە يۈزلەنگەن تۇرپانىنىڭ يېقىنقى زامان سودا ـ تىجارەت تەرەققىياتى كىشىلەرگە هاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلگەن. شۇنداقلا، سودا مەدەنىيىتى مائارىپ ۋە ئىلىم ـ پەن، هۈنەر ـ سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشىدا كۈچلۈك رول ئوينىغان.

يېڭى شەهەردە سودا ـ تىجارەت، قول ـ هۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىي قىلىپلا قالماي بەلكى ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي مائارىپ تېز تەرەققىي قىلغان. پەننىي، دىنىي مەكتەپلەر كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلغان.

مەشهۇر دىنىي ئالىم هەمدۇللا ئەئىلەم ئاخۇنۇم بۇخارادا ئوقۇپ قايتىپ كېلىپ، يېڭى شەهەرنىڭ مەركىزىگە مەدرىس سېلىپ، نۇرغۇن تالىپ تەربىيلىگەن. مەدرىس ئىچىدە ئۈچ سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، ئىسمايىل ئىسلام، ئابدۇللا قاۋۇز، ئابلىمىت غوپۇر قاتارلىق زىيالىيلارنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان. هەمدۇللا ئەئىلەم ئاخۇنۇمنىڭ شاگىرتلىرىدىن: ئابدۇللا دامۇللا نائىمى، ئىمىن هاجى دامۇللام، هەسەن هاجى دامۇللام، ئابلىم دامۇللام، ئىلياز دامۇللام قاتارلىقلار چەت ئەللەرگە چىقىپ، بۇخارا، مەدىنە، مىسىرنىڭ ئەزهەر ئۇنىۋېرسىتېتى، هىندىستانىنىڭ بومباي، دەيۋى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇپ، دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەرنى ئىگىلەپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تۇرپانىنىڭ هەر قايسى جايلىرىدا دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەرنى ئاچقان.

«ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن، ئۇيغۇر مەدىنىيىتى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۇيۇشمىغا هەبىبۇللا ئەپەندى رەئىس، ئەهمەد ۋاجىدى مۇئاۋىن رەئىس بولغان. «ئاق ساراي» يېنىدا تۇرپان يىپەك شىركىتى قۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى بىلەن يىپەك سودىسى قىلىشقان. شىركەتكە نەمەت خەلپىتىم دېرىكتور، باهاۋۇدۇن هاجىم مۇئاۋىن دېرىكتور بولغان. ياپونغا قارشى تۇرۇش مەزگىللىرىدە، غەربىي قۇۋۇق يېنىدا، جاهانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى (فەن دىخۇي) قۇرۇلۇپ، ئاتاقلىق سودىگەرلەر، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئۆلىمالار ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك هەرىكىتىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئالدىنقى سەپكە ئىئانە توپلىغان. ئۇيۇشما قارىمىقىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۇرژۇكلىرى قۇرۇلۇپ، هەپتىدە بىر قېتىم «تاڭ» ناملىق تام گېزىتى چىقىرىلغان. ئۆزلىكىدىن تەشكىللەنگەن سەنئەت هەۋەسكارلىرىدىن ئويمان دەڭ كولۇبىدا «شاڭخەي كېچىسى»، «غېرىپ ـ سەنەم»، «ئۆگەي ئانا»، «غۇنچەم»، «گۈلنىسا»، «خىيالى تېۋىپ»، «ئارشىن ـ مال ئالان» نامدىكى دىراممىلارنى تەييارلاپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرغان. 1930 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن قېيۇم نۇر، ئابدۇرېهىم ئىمىن، ئابدۇراخمان هەمدۇل هاجى، هىمىت مىجىدى، مۇهەممەت باقى، ئابدۇرېهىم ئەمەت هاجى، ئابدۇراخمان باقى، تۇرسۇن ۋاهىدى (* * *)، ئىسمايىل باقى، هىمىت خالىق قاتارلىقلار مەكتەپلەردە دەرس ئۆتۈپ، ئەينى ۋاقىتتىكى مائارىپ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆهپىلەرنى قوشقان.

جاللات شىڭ شىسەي مەشهۇر سەركەردە ـ خۇجىنىياز هاجى باشچىلىقىدا قوزغالغان شىنجاڭ بويىچە كۆتۈرۈلگەن دېهقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، شىنجاڭنىڭ سودا ـ تىجارەت ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى كەڭ قويۇۋەتتى. 1935 ـ يىللىرى تۇرپانىنىڭ سودىسىنى باشلامچى قىلغان هەر ساهەدىكى

تەرەققىيات كۆزگە كۆرۈنەرلىك راۋاجلاندى. بىراق، بۇنداق ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. ئىككى يۈزلىمچى شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرىگەندىن كېيىن، پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدا ئاق تېرورلۇق يۈرگۈزۈپ، ئىنقىلابچىلارنى، تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ قولغا ئالدى. ئاتالمىش «خائىن» لارنىڭ پۈتكۈل مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، بالا - چاقىلىرىنى يىراق جايلارغا سۈرگۈن قىلدى. بۇ جەرياندا سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغانلارغا بەكرەك ئۇچۇق تەگدى. «ياپونغا سېتىلغان» دېگەن بەدنامنى چاپلاپ، سودىگەرلەرنىڭ ئۆيىنى ئاختۇردى. سودا دۇكانلىرىنى پېچەتلەپ، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى مۇسادىرە قىلدى. ئاتاقلىق بايلار قولغا ئېلىندى. يېڭى شەھەردىكى پەۋەس دۇكانلار كەينى - كەينىدىن تاقىلىپ، گويا قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قويغاندەك ۋەھىمىلىك، قورقۇنچلۇق، بۇرۇختۇرمىلىق ھالەت شەكىللەندى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە ئىچكى نىزا تۈپەيلىدىن تاكى ئازادلىق ھارپىسىغىچە تۇرپاننىڭ سودا - تىجارىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە كەينىگە چېكىنىپ كەتتى. 1949 - يىلى گومىنداڭنىڭ تۇرپاندىكى قوشۇنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىش ۋاقتىدا بىر كېچىدىلا شەھەرنىڭ شەرق ۋە غەرب قوۋۇقلىرىنى مەھكەم تاقاپ، سودىگەر باي ئائىلىلەرنى كەڭ كۆلەمدە «بۇلاپ قىچىش» ۋەقەسى يۈز بەردى. شەھەر ئىچىدىكى دۇكانلار پۈتۈنلەي چېقىپ تاشلاندى. 50 - 60 ئىشەك، قېچىر، 10 نەچچە چوڭ ماشىنىغا بولغان ماللىرىنى قاچىلاپ قاچتى. تاش مامۇت ھاجى، ... ... ... بايلارنىڭ كانىيىغا پىچاق تەڭلەپ تۇرۇپ، ئۆمۈر بويى توپلىغان چوكا ئالتۇنلىرىنى بۇلاپ كەتتى. بۇ دەل 1949 - يىلى 9 - ئايدا كەلگەن قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن 1956 - يىلى سودا - سانائەتتىكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش دولقۇنىدا يېڭى شەھەردە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شىرىكچىلىكىدىكى سودا سارىيى قۇرۇلدى. قەشقەرلىك مۇھەممەت باقى خۇسۇسىيلار تەرەپ مۇئاۋىن دىرېكتور بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭلىق سودىگەر (تۇرپانلىق بىر قانچەيلەن بار) قوللىرىدىكى دەسمايىلىرىنى شىركەتكە پاي قىلىپ قوشتى. شۇنداقلا «كاپىتالىست» دېگەن قالپاق ئاستىدا (شۇ چاغلاردا دەسمايىسى 4000 يۈەن توشسا، كاپىتالىست ھېسابلىناتتى) شىركەتنىڭ * * * * * ماگىزىنلىرىدا مال سېتىپ، مائاشلىق تىجارەتچىلەرگە ئايلاندى. ئۇزۇن يىل داۋام قىلغان «سول» لۇشيەن بولۇپمۇ بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە سودا - تىجارەت پۈتۈنلەي پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاز بىر قىسىم سودا ماگىزىنلىرىدىن باشقا سودا - تىجارەت گويا بىر كېچىدىلا غايىپ بولغاندەك يوقاپ كەتتى. 1978 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاچقان پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلۇپ، پىلانلىق ئىگىلىك ئورنىغا بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، تۇرپاننىڭ سودا - تىجارىتى ۋە باشقا ھەر ساھە ئىشلىرىنىڭ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىشىگە داغدام يول ئېچىلىپ، گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

(ئاپتور: تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

# مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگو – كورىيە دىپلوماتىيە ئالاقىسىگە تۆھپە قوشقان قوچۇلۇق ئىككى ئۇيغۇر دىپلومات

ئەبەي ئىمىن

قوچو (تۇرپان) لىق شىي جەمەتى ئۇيغۇرلىرى يۈەن سۇلالىسى (1368—1271) دەۋرىدە ئىچكىرى رايونلارغا كىرىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ جەمەتى. بۇ جەمەتتىن چىققان نۇرغۇن ئۇيغۇرلار يۈەن سۇلالىسى ۋە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمەل تۇتۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلىپ سىياسىي، مەدەنىيەت ساھەسىدە مۇھىم رول ئوينىغان. شىي جەمەتى ئۇيغۇرلىرى ئەسلىدە تۈركىي تىللىق قوۋملار ئىچىدىكى ئېسىلزادىلەر ئەۋلادلىرى بولۇپ، «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ باش ۋەزىرى بولۇپ كەلگەن... ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قەدىمكى قوچو رايونىدا ياشىغان، جۇڭشاڭ زامانىسىدىن بۇرۇن، سىلىنگا دەرياسى بويىدا ماكانلاشقان، شۇڭلاشقا ئەسلىنى ئۇنتۇلماسلىق ئۈچۈن ‹شىي› (سىلىنگا) نى فامىلە قىلغان»①.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب ئوۋياڭ شۈەن 1358 - يىلى «گۇيجەي توپلىمى» دېگەن ئەسەرنى تۈزگەن، ئۇنىڭدا «قوچولۇق شىي جەمەتىنىڭ شەجەرىسى» دېگەن بىر جىلدمۇ بار. ئەينى زاماندا ئۆتكەن يەنە بىر ئەدىب سۇ تيەنجۆ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەسەرلەر» ناملىق بىر كىتاب تۈزگەن بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ «قوچولۇق شىي جەمەتىنىڭ شەجەرىسى» كىرگۈزۈلگەن. «قوچولۇق شىي جەمەتىنىڭ شەجەرىسى» دە بۇ جەمەتنىڭ 500 - 600 يىللىق تارىخى قىسقا، ئىخچام ۋە مېغىزلىق خاتىرىلەنگەن. بۇ شەجەرىنىڭ بېشىدا: «شىي جەمەتى ئۇيغۇرلاردىندۇر، تۇنيۇقۇق ئۇلارنىڭ ئەجدادى، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە ماليمانچىلىق يۈز بەرگەندە تۈركلەر سۈي سۇلالىسىگە تەۋە بولغان، نوپۇسى كۆپ ئىدى. تۈرك قوۋمى مەلىكە پوپۇنى قاپاغان قاغانغا ياتلىق قىلىپ قاتۇن دەپ ئاتاپ، ئولۇس ئىشلىرىدا ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىلىدىغان بولدى...» دېيىلگەن.

قاپاغان قاغان ۋاپات بولغاندا ئەل قالايمىقانچىلىققا پېتىپ قالغاچقا، پوپۇ قاتۇن ئولۇس ئايماقلىرىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان. قاپاغان قاغاننىڭ زېمىنىنى ئۇيغۇرلار ئىگىلىگەن. 840 - يىلى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، خەلقىنىڭ بىر قىسمى قوچوغا كۆچۈپ كەلگەن. تۇنيۇقۇق جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ تەڭ كۆچۈپ كەلگەن. شىي جەمەتى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىزچىل يۇقىرى مەرتىۋىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن. موڭغۇل ئىمپېرىيىسى پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈپ يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغاندا شىي جەمەتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىمۇ يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا خىزمەت قىلىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتقان. ئۇلاردىن 47 نەپەر داڭلىق شەخس چىققان. ئۇلاردىن يېتىشىپ چىققان داڭلىق ئەدىب شىي سۈن كورىيىگە بېرىپ ماكانلىشىپ، خەنزۇ تىلىدا «يېڭى زىكىرنامە خاتىرىلىرى» ناملىق بىر ئەسەر قالدۇرۇپ كەتكەن. بۈگۈنكى كۈندە شىي سۈن كورىيە ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

يۈەن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان (1644—1368) دىن كېيىنكى مەزگىللەردە مۇشۇ جەمەتتىن چىققان ئۇيغۇر شىي چاڭشۇ چاۋشيەن لى جەمەتى خاندانلىقىغا ۋاكالىتەن مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە كەلگەن بولسا، شىي سى مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ۋاكالىتەن چاۋشيەن لى جەمەتى خاندانلىقىغا ئەلچىلىككە بارغان. بۇ ئىككى نەپەر ئۇيغۇر دىپلومات ئۆزلىرىنىڭ كۆپ قېتىملىق ئەلچىلىك پائالىيىتى ئارقىلىق ئەينى

دەۋردىكى جۇڭگو ـ كورىيە دوستلۇق ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ماددىي ـ مەنىۋى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا تۆھپە قوشقان. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ شەخسى ئارقا كۆرۈنۈشى، ئۆزگىچە سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئەلچىلىك پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ ئىككى ئۇيغۇر دىپلوماتىنىڭ ئەينى دەۋردە جۇڭگو ـ كورىيە دىپلوماتىيە ئالاقىسى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا قوشقان تۆھپىلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىمىز.

شىي چاڭشۇ، تەخەللۇسى تيەن مىڭ، يۈەن شۇندىنىڭ جىجېڭ تۇنجى يىلى (1341 ـ يىلى) تۇغۇلغان، جىجېڭ 18 ـ يىلى (1358 ـ يىلى) ئاتىسى شىي بەيلياۋسۇن بىلەن بىللە كورىيىگە كىرىپ ماكانلىشىپ، چىڭشۇن ۋىلايىتىنىڭ سەدىقچىسى بولغان. ئىككى يىلدىن كېيىن ئاتىسى قازا قىلغاچقا، قاتتىق ھەسرەت چەككەن. كورىيە خانى (ئۇنىڭغا) قايغۇرماي كورىيىنىڭ ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا ئالاھىدە بەرمان چۈشۈرگەن. ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، جىنياڭنىڭ باسقاق ئامباللىقىغا تەيىنلەنگەن. (كېيىن) مەنسىپى ئۆسۈپ دېھقانچىلىق، ئىبادەتخانا ئىشلىرى سوراقچىسى بولغان. كورىيە خانى شىنيۇ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەر (1375 ـ 1388 ـ يىللار) دە ياندىش زوراغا بېگى، يارغۇچى شىغاۋۇل، مەمۇرىي ئىشلار دىۋانىنىڭ ئەدىبى ۋە ۋەزىر بولغان. شىنيۇنىڭ 14 ـ يىلى (1388 ـ يىلى) كورىيە خاندانلىقىنىڭ ئالىي سەركەردىسى لى چېڭگۈي ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغاپ شىنيۇنى تەختنى ئوغلى شىنچاڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇرلىغان، ئۇزارق ئۆتمەي شىنچاڭنى تەختتىن چۈشۈرۈپ ۋاڭ ياۋنى تەختكە چىقارغان، شىي چاڭشۇ ۋەزىرلىك سالاھىيىتى بىلەن بۇ قېتىمقى ئىشتا كېلىشتۈرگۈچى بولغان، شۇنىڭ بىلەن مەشھۇر «جۇڭشىڭ يىللىرىدىكى توققۇز تۆھپىكار ۋەزىر» نىڭ بىرى بولۇپ قالغان. گوڭراڭ خانىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇش يارلىقىدىكى قەيتكە ئاساسلانغاندا «ئۇنىڭ تۆھپىسى تېزۇ (كورىيە خانلىقىنى قۇرغۇچى ۋاڭ جيەننى كۆرسىتىدۇ— نەقىلچىدىن) دۆلەت قۇرغاندىن كېيىنكى تۆھپىكار ۋەزىرلەردىن تۆۋەن تۇرمايدىكەن». گوڭراڭ خان «توققۇز تۆھپىكار ۋەزىر» گە كاتتا ئىلتىپات كۆرسەتكەن، شىي چاڭشۇغا ئاۋۋال «ساداقەتمەن تۆرە» مەرتىۋى بېرىلگەن، كېيىن يەنە «مالىمانچىلىقنى تىنچىتقۇچى تۆھپىكار ۋەزىر» نامى ھەدىيە قىلىنغان. گوڭراڭ خانىنىڭ ئىككىنچى يىلى (1390 ـ يىلى) شىي چاڭشۇ ياردەمچى ئىشكاغا (ۋەزىر) لىككە ئۆستۈرۈلگەن. تۆتىنچى يىلى ئۈچ مەھكىمە دادخاھى (ۋەزىر) بولغان. ئۇزاق ئۆتمەي، كورىيىدىكى يۇقىرى قاتلامنىڭ ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىگە چېتىلىپ قېلىپ، ئەمەلدارلار ئەرز قىلغاچقا، مەنسىپىدىن قالدۇرۇلۇپ چەت ـ يىراق جايغا سۈرگۈن قىلىنغان. لى چېڭگۈي ۋاڭ جەمەتىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ چاۋشيەن لى جەمەتى خاندانلىقىنىڭ تېزۇ 3 ـ يىلى (1394 ـ يىلى) تىلماچلار يۇرتىنىڭ بېگلىكىگە تەيىنلەنگەن، كېيىن ئۈچ مەھكىمە دادخاھلىق مەنسىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، كېيىن شىغاۋۇل بولغان، يەنشيەن ۋىلايىتىنىڭ تۆرىسى مەرتىۋىسى بېرىلگەن، لى جەمەتى خاندانلىقىنىڭ دىڭزۇڭ تۇنجى يىلى (1399 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا 59 يېشىدا قازا قىلغان②. بۇنىڭدىن شىي چاڭشۇنىڭ كورىيە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن لى جەمەتى خاندانلىقىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان چاۋشيەن تارىخىدىكى بىر مۇھىم سىياسىي پائالىيەتچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

چاۋشيەن تارىخ ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، شىي چاڭشۇ: «ئۆزىنى دۆلەتكە بېغىشلاپ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسىگە سەككىز قېتىم ئەلچىلىككە كەلگەن»③. بۇ سەككىز قېتىملىق ئەلچىلىكنىڭ يەتتە قېتىملىقى توغرىسىدا جۇڭگو ـ چاۋشيەن تارىخ ماتېرىياللىرىدا كونكرېت خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان، تۆۋەندە بۇنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بايان قىلىمىز:

1. گوڭمىن خانىنىڭ 19 ـ يىلى (مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇ 3 ـ يىلى، 1370 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا، «كورىيە خاندانلىقى ۋەزىرى شىي چاڭشۇنى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلىپ، پادىشاھنىڭ مەۋلۇتىنى قۇتلۇقلىغان»④.

2. كورىيە خاندانلىقى شىنيۇنىڭ 13 - يىلى (خۇڭۋۇنىڭ 20 - يىلى، 1387 - يىلى) 2- ئايدا، «ياردەمچى زوراغا بېگى شىي چاڭشۇ ئاستانىگە ئەۋەتىلگەن»؛ 5 - ئايدا، «شىي چاڭشۇ ئاستانىدىن قايتقان»[5]. شىي چاڭشۇ بۇ قېتىمقى ئەلچىلىككە بېرىشتا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسى يىڭتيەن (ھازىرقى جياڭسۇدىكى نەنجىڭ) گە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مىڭ تەيزۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. مىڭ تەيزۇ شىي چاڭشۇغا كورىيە بىلەن تىنچ بىللە ئۆتۈپ، يەڭگىللىك بىلەن چېگرا پاراكەندىچىلىكى پەيدا قىلماسلىق ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن ھەم ئۇنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ كىيىم- كېچەكنى ئۆرنەك قىلىش تەلىپىگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭغا بىر يۈرۈش ئېسىل كىيىم ھەدىيە قىلغان.

3. كورىيە خاندانلىقى شىنيۇنىڭ 13 - يىلى (خۇڭۋۇنىڭ 20 - يىلى، 1387 - يىلى) كەبىسە 6 - ئايدا، «يازغۇچى شىغاۋۇل شىي چاڭشۇ ئاستانە (بېيجىڭ) گە پادىشاھنىڭ مەۋلۇتىنى قۇتلۇقلاشقا ئەۋەتىلگەن»[6]. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» دا خاتىرىلىنىشىچە، شىي چاڭشۇ شۇ يىلى 9 - ئايدا ئاستانىگە يېتىپ كېلىپ، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئالتۇن، كۈمۈش غىزا قاچىلىرى ۋە دارايى قاتارلىق بۇيۇملارنى تەقدىم قىلغان، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا زەر يىپەك، گۈللۈك كىمخاب، كىيىم - كېچەك ۋە پۇل - پۈچەكلەرنى ئىنئام قىلغان»[7]. شىي چاڭشۇ كېيىنكى يىلى 2 - ئايدا، كورىيە پايتەختىگە قايتىپ كەلگەن[8].

4. كورىيە خاندانلىقى شىنيۇنىڭ 14 - يىلى (خۇڭۋۇنىڭ 21 - يىلى، 1388 - يىلى)، ياردەمچى ئىشىكئاغا يۈرىنلىپ، مەمۇرىي ئىشلار دىۋانىنىڭ ئەدىبى شىي چاڭشۇ بېيجىڭغا بېرىپ، شىنيۇنىڭ تەختنى ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ، شىنچاڭغا مەرتىۋە بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا قوشۇمچە سۈيباۋ شىڭنىڭ لياۋدۇڭغا ھۇجۇم قىلىش گۇناھىنى مەلۇم قىلىشقا ئەۋەتىلگەن. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، شىي چاڭشۇ قاتارلىقلار شۇ يىلى 10 - ئايدا ئاستانىگە يېتىپ كەلگەن.

5. كورىيە خانى گۇڭراڭ خاننىڭ 3 - يىلى (مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى خۇڭۋۇنىڭ 24- يىلى، 1391 - يىلى) 9 - ئاينىڭ، «بىڭۋۇ كۈنى شاھزادە بىڭرۇنى پايتەختكە مىڭ سۇلالىسى پادىشاھنىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى تەبرىكلەشكە ئەۋەتكەن، شىغاۋۇل شېن دېڧۇ، ساراي بېگى شىي چاڭشۇ، زوراغاللىق مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ئەلچىسى مىڭ كەيگۇلار بىللە بارغان»[9]. شۇ يىلى 12 - ئايدا، كورىيە شاھزادىسى مىڭ سۇلالىسى پايتەختىگە يېتىپ كەلگەن. «مىڭ تەيزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 214 - جىلدىدا خۇڭۋۇنىڭ 24 - يىلى 12 - ئايدا بولغان ئىش مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «كورىيە خانى ۋاڭ ياۋ چوڭ ئوغلى بىڭرۇ، ساراي بېگى شىي چاڭشۇ قاتارلىق كىشىلەرنى نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى قۇتلۇقلاشقا ئەۋەتىپتۇ، پادىشاھ ئالىيلىرى بىڭرۇ قاتارلىقلارغا كىمخاپ، تاۋار - دۇردۇن كىيىملەرنى ئىنئام قىلدى». ئىككىنچى يىلى، 3- ئايدا كورىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى كورىيىگە قايتىپ كەلگەن.

6. كورىيە خانى تەيزۇنىڭ 5 - يىلى (مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى خۇڭۋۇنىڭ 29 - يىلى، مىلادىيە 1396 - يىلى) 11 - ئاينىڭ «دىڭجۇ كۈنى ئۈچ مەھكىمە دادخاھى شىي چاڭشۇ (ئەسلى ئىزاھتا ئۇيغۇر دېيىلگەن)، زوراغاللىق مەھكىمىسىنىڭ ئورۇنباسار ئەلچىسى شىن يۈشيەن قاتارلىقلار مىڭ سۇلالىسى پايتەختكە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە ئەۋەتتىم»[11] دېيىلگەن. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، شىي چاڭشۇ قاتارلىقلار ئىككىنچى يىلى 2 - ئايدا مىڭ سۇلالىسى پايتەختىگە يېتىپ كېلىپ مىڭ تەيزۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» نىڭ 250 - جىلدىدىمۇ شىي چاڭشۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئەلچىلىككە بېرىشىغا دائىر خاتىرە قالدۇرۇلغان.

7. لى جەمەتى خاندانلىقىنىڭ تەيزۇ 7 -

يىلى (مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ 31 - يىلى، مىلادىيە 1398 - يىلى) 9 - ئايدا، «ئۈچ مەھكىمە دادخاھى شىي چاڭشۇ، شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ پۇتۇكچىسى جىن يىشياڭ قاتارلىقلار مىڭ سۇلالىسى پايتەختىگە ئەۋەتىلدى»⑫. شىي چاڭشۇ بۇ قېتىم پەرمانغا بىنائەن ئەلچىلىككە بېرىشتا، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بېرىپ كورىيە خانى لى دەن —— (يەنى لى چىڭگۈي) نىڭ تەختنى شاھزادە لى فاڭگۇغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىن ئىجازەت سورىغان. شىي چاڭشۇ يارلىقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن دەرھال يولغا چىقمىغان. شۇ يىلى 10 - ئايغا كەلگەندىلا ئاندىن سەپەرگە ئاتلانغان، ئەمما كورىيە - جۇڭگو چېگرىسىغا كەلگەندە، مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىنى ساقلاۋاتقان ئەمرى يەنە «ئۈچ يىلدا بىر قېتىم تەكلىپ قىلىنىدىغان قەرەلى توشمىدى دېگەننى باھانە قىلىپ چېگرىدىن كىرگىلى قويمىغان»⑬. ئىككىنچى يىلى (لى جەمەتى خاندانلىقى دىڭزۇڭنىڭ تۇنجى يىلى، مىلادىيە 1399 - يىلى) بىرىنچى ئايدا، بۇتخانىنى تاۋاپ قىلغۇچى سالاھىيىتى بىلەن ئاندىن مىڭ سۇلالىسىگە كىرەلىگەن. شۇ يىلى 6 - ئايدا مىڭ سۇلالىسى پايتەختىدىن كورىيىگە قايتقان.

شىي چاڭشۇنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان يەتتە قېتىملىق ئەلچىلىك پائالىيىتىدىن باشقا، يەنە مىڭ سۇلالىسىگە قىلغان ئىككى قېتىملىق ئەلچىلىك پائالىيىتى ئەمەلگە ئاشمىغان. گۇڭمىن خانىنىڭ 22 - يىلى (خۇڭۋۇنىڭ 6 - يىلى، مىلادىيە 1373 - يىلى)، كورىيە ھۆكۈمىتى «زوراغاللىق مەھكىمىسىنىڭ بېگى چيەنيۇنى ھەمراھ قىلىپ، دېھقانچىلىق مەھكىمىسىنىڭ بېگى شىي چاڭشۇنى شاھزادىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەشكە ئەۋەتتى، ... خۇڭۋۇنىڭ 7 - يىلى ئۇلار دېڭىزدا قاراقچىلارغا ئۇچراپ، ئارقىغا يېنىپ كەتتى»⑭. شىنچاڭنىڭ تۇنجى يىلى (خۇڭۋۇنىڭ 22 - يىلى، مىلادىيە 1389 - يىلى) 9 - ئايدا، شىنچاڭ خان شەخسەن ئۆزى مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بېرىشنى قارار قىلدى. شىي چاڭشۇنى ھەمراھ بولۇپ بارغۇچى ئەمەلدار قىلىپ تاللىدى، كېيىن مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن بۇ نىيىتىدىن ياندى⑮.

چاۋشەن لى جەمەتى خاندانلىقى نېمە سەۋەبتىن شىي چاڭشۇنى كۆپ قېتىم ئەلچى قىلىپ مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەۋەتتى، بۇ ئېنىقكى شىي چاڭشۇنىڭ كېلىپ چىقىشى، سالاھىيىتى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شى چاڭشيۇ كورىيە ۋە لى جەمەتى خاندانلىقى سىياسىي سەھنىسىدىكى مۇھىم بىر دىپلوماتىيە پائالىيەتچىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ كورىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگولۇق ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان شەخس. ئۇ قوچولۇق شىي جەمەتى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، خېلى يۇقىرى خەنزۇ مەدەنىيىتى سەۋىيىسىگە ئىگە ئىدى. ئۇ كورىيىنىڭ تەشرىپدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپلا قالماي، بەلكى لى جەمەتى خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى تېخى كورىيە خاندانلىقىنىڭ خەنزۇ تىلى ۋە موڭغۇل تىلى تەرجىمانلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئورگىنى —خانلىق تەرجىمە يۇرتىنىڭ تىداياۋ —مىزرا) لىقنى ئۈستىگە ئالغان. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇ مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچىلىككە بارىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق نامزات بولۇپ قالغان.

شىي چاڭشۇنىڭ مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە كېلىش پائالىيىتى جۇڭگو - چاۋشيەن (كورىيە) ئالاقە تارىخىدا مەدھىيىلەشكە ئەرزىگۈدەك بىر بەت قالدۇردى، ئۇنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئالدى بىلەن، شىي چاڭشۇ مىڭ سۇلالىسىگە يەتتە قېتىم ئەلچىلىككە كېلىپ، بەزى ئۇقۇشماسلىقلارنى تۈگەتتى، ھەمدە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى كۈچەيتتى. مەسىلەن، خۇڭۋۇنىڭ 30 - يىلى (مىلادىيە 1397 - يىلى) 4 - ئايدا، جۇ يۈەنجاڭ مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچىلىككە كەلگەن شىي چاڭشۇنى قوبۇل قىلغاندا، لى چېڭگۈينىڭ مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بولغان سەممىيەتسىزلىكىنى تىلغا ئالدۇ، بۇ چاغدا شىي چاڭشۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى ئاقلاپ: «كەمىنىلىرى كورىيىگە بارغىلى بۇ يىل 40 يىل بولدى،

گۇڭمىن خاننى دېمەيلا قويايلى. ئارىلىقتا ئىككى ئۇچ ئاي ئۆتتى، كەمىنىلىرى ئۇلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە سەمىمىيەتلىك ئىكەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلالمىسامۇ، ئەمما ھازىرقى پادىشاھىمىز چىن كۆڭلى بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭغا بىھۆرمەتلىك قىلىشقا پېتىنالمايمەن»[16] دېگەن. ئۇنىڭ بۇ سۆزى، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ غەم-ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ نورمال تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان. ئىككىنچىسى، شيې چاڭشۇنىڭ مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە كېلىشى، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن جۇڭگو-كورىيە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن. شيې چاڭشۇ ئەلچىلىككە بارغاندا، تارتۇق قىلىش نامى بىلەن ئۆز دۆلىتىنىڭ ھەر خىل ماددىي مەھسۇلاتلىرىنى ئالغاچ كەلگەن بولۇپ، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئالتۇن-كۈمۈش، قاچا-قۇچىلار ۋە رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى تارتۇق قىلغان. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ كورىيە ئەلچىلىرىگە «كىمخاب توقۇلمىلىق گۈللۈك شايى، كىيىم-كېچەك ۋە پۇل» ئىنئام قىلغان. گەرچە بۇ خىل «تارتۇق قىلىش» ۋە «ئىنئام بېرىش» تاۋار خاراكتېرىنى ئالغان سودا مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، لېكىن ئەينى چاغدىكى دىپلوماتىيە ئىشلىرىدىكى بىر خىل قائىدە-يوسۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو-كورىيە ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئالاقىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان.

شيې جەمەتى ئۇيغۇرلىرىدىن چىققان يەنە بىر مۇھىم شەخس شيې سى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە كورىيىگە ئىككى قېتىم بارغان بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو-كورىيە ئالاقىسى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان.

شيې سى مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن مۇھىم شەخس، گەرچە «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا ئۇنىڭغا تەرجىمىھال تۇرغۇزۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» دە شيې سىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلغان، جياۋ خۇڭ تۈزگەن «خانلىقنىڭ تارتۇق ئېلىش —— ئىنئام بېرىش خاتىرىسى» نىڭ 24-جىلدىغىمۇ «مەنسەپ-تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى شيې سىنىڭ تەرجىمىھالى» كىرگۈزۈلگەن، لېي لى تۈزگەن «خانلىقتىكى ئەركان بەگلەر خاتىرىسى» نىڭ 23-، 31-جىلدلىرىدىمۇ شيې سىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى بار. «مىڭ تەيزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 132-جىلدىدا، خۇڭۋۇنىڭ 13-يىلى 6-ئاينىڭ جياشېن كۈنى: «شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى شيې سىغا مەنسەپ ئىنئام قىلىندى. شيې سى لياڭلىق. خۇڭۋۇنىڭ تۇنجى يىلى، لەشكىرىي پىرقىنىڭ غەيرىي رەسمىي ئامبىلى مەنسىپى بېرىلدى، كېيىن تەمتەك بېگىلىككە ئۆستۈرۈلدى، ئاندىن ياندىش قىلىچبەگلىككە تەيىنلەندى. 4-يىلى، تەيئەن ئايمىقىدا مەنسەپكە تەيىنلەندى. 6-يىلى خېجيەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. نوپۇس پىرقىسىنىڭ كاتاۋۇلى بولدى، دىۋان بېگىلىكىگە ئۆستۈرۈلدى. شەنسىنىڭ سول قول مۇئاۋىن ۋەزىرى بولۇپ ئىشلىگەندىن كېيىن، قايتۇرۇپ كېلىنىپ مەنسەپ-تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگىلىكىگە تەيىنلەندى، كېيىن شىغاۋۇل پىرقىسىغا يۆتكەلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مەنسەپ تۇتتى دېيىلگەن.» «خانلىقنىڭ تارتۇق ئېلىش-ئىنئام بېرىش خاتىرىسى بىلەن «خانلىقتىكى ئەركان بەگلەر خاتىرىسى» دىكى شيې سى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بىلەن «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» دىكى بايانلار ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

كورىيىنىڭ تارىخ كىتابى «كورىيە تارىخى» دا: «سى (شيې سى —— نەقىل ئالغۇچىدىن) شۈن (شيې بەيلياۋسۈن —— نەقىل ئالغۇچىدىن) نىڭ ئىنىسى» دېيىلگەن[17]. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، شيې سى شيې بەيلياۋسۈننىڭ ئىنىسى. «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن لياڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىمۇ: «شيې سى، شيې جېدۇنىڭ ئوغلى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاتىسى بىللە جيادىڭ ئايمىقىغا كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان»[18]. دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ خاتىرىلەر

«كورىيە تارىخى» دىكى خاتىرىلەرنىڭ ئىشەنچلىكلىكنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلايدۇ.

شيې سى مىڭ سۇلالىسى ئەڭ دەسلەپ كورىيىگە ئەۋەتكەن ئۇيغۇر نەسەبلىك ئەلچى. خۇڭۋۇنىڭ ئۈنجى يىلى (مىلادىيە 1368 - يىلى) 12 - ئايدا، «تەمتەك بېگى شيې سى مۆھۈر بېسىلغان مەكتۇبنى كورىيە خانى ۋاڭ جۇەنگە بېرىپ مۇنداق دېدى: ‹بۇ يىل 1 - ئايدا، ئاۋام - پۇقرالارنىڭ باشپاناھى پادىشاھىمىز تەختتە ئولتۇردى. خانلىق نامىنى بۈيۈك مىڭ، سەلتەنەت نامىنى خۇڭۋۇ دەپ بېكىتتى. ............. بۇنى جاھاندىكى پۈتۈن خالايىققا بىلدۈرمىسەك بولمايدۇ، بۇنى بىلمەيدىغانلار كۆپ›» ⑲. بۇ قېتىمقى ئەلچىلىك «كورىيە تارىخى» دىمۇ تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن، گۇڭمىن خاننىڭ 18 - يىلى (1369 - يىلى) 4 - ئاينىڭ «رىنچىن كۈنى بۈيۈك مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەمتەك بېگى شيې سىنى مۆھۈر بېسىلغان مەكتۇپ ۋە 40 توپ شايى بىلەن ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھىمىز 100 نەپەر ئەمەلدارنى باشلاپ چىقىپ چۆگرېن قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا ئۇنى كۈتۈۋالدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن مەكتۇپقا: ‹بۈيۈك مىڭ پادىشاھىدىن كورىيە خانىغا مەكتۇپ ............ دېيىلگەن، (شيې) سى بۇلتۇر 11 - ئايدا جىنلىڭدىن يولغا چىققان بولسىمۇ، دېڭىز سەپىرى بەك مۈشكۈل بولغاچقا، ئەمدىلىكتە يېتىپ كەلدى» دېيىلگەن. شۇ كىتابتا يەنە 5 - ئاينىڭ: «يىۋېي كۈنى، خان شيې سىغا ئىگەر - جابدۇقلۇق ئات، كىيىم - كېچەك ئىنئام قىلىۋىدى، ئۇ ئالمىدى. شۇ ۋەزىر ئادەمگىياھ، دورا - دەرمەك ئىنئام قىلىۋىدى، ئۇنىمۇ ئالمىدى، پادىشاھ قەلەمكەش ۋەزىرنى ئۇنىڭغا ئاتاپ نەزمە توقۇشقا بۇيرىدى» ⑳ دەپ خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن جۇڭگو - كورىيە تارىخ ماتېرىياللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىساق، بىز شيې سىنىڭ بۇ قېتىمقى ئەلچىلىككە بېرىش پائالىيىتى ھەققىدە بىر قەدەر تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز. شيې سى خۇڭۋۇنىڭ ئۈنجى يىلى (1368 - يىلى) 11 - ئايدا (ھازىرقى نەنجىڭ) دىن يولغا چىقىپ، دېڭىز يولى بىلەن كورىيىگە ماڭغان، دېڭىز يولى خەتەرلىك بولغاچقا، ئىككىنچى يىلى 4 - ئايغا كەلگەندىلا، ئاندىن كورىيە پايتەختىگە يېتىپ بارالىغان. شيې سى بۇ قېتىم ئەلچىلىككە بارغاندا، جۇ يۈەنجاڭنىڭ كورىيە پادىشاھىغا يوللىغان مەكتۇبى ۋە سوۋغا بۇيۇمنى بىللە ئالغاچ بارغان، ئۇ كورىيىگە بارغاندىن كېيىن، كورىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. 5 - ئايدا، شيې سى كورىيىدىن جۇڭگوغا قايتقان، كورىيە خانى قەلەمكەش ۋەزىرنى ئۇنىڭغا ئاتاپ نەزمە توقۇشقا بۇرۇغان.

شيې سىنىڭ بۇ قېتىم كورىيىگە ئەلچىلىككە بېرىشتىكى مەقسىدى نامدا كورىيە خاندانلىقىغا مىڭ تەيزۇ جۇ يۈەنجاڭنىڭ تەختتە ئولتۇرۇپ سەلتەنەت نامىنى بېكىتكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مىڭ سۇلالىسى بىلەن كورىيە ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىدى. شيې سىنىڭ ئەلچىلىككە بېرىشتىكى مەقسىدى تولۇق ئىشقا ئاشقان، ئۇ جۇڭگوغا قايتىپ كېلىپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە، كورىيە «شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى خۇڭ شاڭزەي، قوۋۇق ياساۋۇلخانىسىنىڭ ھىماتچى سانغۇنى لى شىياشېڭلارنى جىنلىڭغا ئەۋەتىپ، جۇيۈەنجاڭنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى تەبرىكلەش بىلەن بىللە، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن»(21). شۇنىڭدىن باشلاپ، مىڭ سۇلالىسى بىلەن كورىيە ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت رەسمىي ئورنىتىلغان.

خۇڭۋۇنىڭ 2 - يىلى (1369 - يىلى) 8 - ئايدا، شيې سى كورىيىدىن جۇڭگوغا قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنى كورىيىگە يەنە بىر قېتىم ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن(22). «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا ئۇنىڭ بۇ قېتىم ئەلچىلىككە بېرىشى مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «پادىشاھ تەمتەك بېگى شيې سىلەيىنى يارلىق ۋە ئالتۇن مۆھۈر بېسىلغان مەكتۇپ بىلەن (ۋاڭ) جۇەنگە كورىيە خانى دەپ ئۇنۋان نامى بېرىشكە ئەۋەتتى، كالپىندار، تاۋار ۋە گۈللۈك شايى ئىنئام قىلدى(23). «كورىيە تارىخى» 41 - جىلد «گۇڭمىن خاننىڭ نەسەبنامىسى» دە 19 - يىلى (1370 - يىل) 5 - ئاينىڭ جىايىن

كۇنى «پادىشاھ ئالىي تەمتەك بېگى شىي سىلەينى خانىمىزغا ئوتۇغات نامى بېرىشكە ئەۋەتىپتۇ، خانىمىز 100 نەپەر ئەمەلدارنى باشلاپ چىقىپ قارشى ئالدى. مەكتۇپقا: ‹......... (شىي) سىلەينى مۇھۇر بېسىلغان مەكتۇپ بىلەن سىزگە كورىيە خانى دېگەن ئوتۇغات نامى بېرىشكە ئەۋەتتىم.....› دېيىلگەن ......... ھەممە خانىشقا بۇلارنى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ قالدى. باش ۋەزىر شىن تۇن، شىغاۋۇل لى چۇنفۇ، لى رېنرېنلارنىڭ ھەر بىرىگە تۆت توپ رەڭلىك تاۋار، تۆت توپ شايى، تۆت توپ زەر يىپ سوۋغا قىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. شىي سىنىڭ بۇ قېتىمقى ئەلچىلىككە چىقىشى خۇڭۋۇنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 1369 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا باشلانغان بولۇپ، ئىككىنچى يىلى 5 ـ ئايدا كورىيە پايتەختىگە يېتىپ بارغان. شىي سىنىڭ بۇ قېتىم ئەلچىلىككە چىقىشتىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ۋاكالىتەن ۋاڭ چۇەنگە كورىيە خانى دېگەن ئوتۇغات نامىنى بېرىش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مىڭ سۇلالىسى نامىدا ۋاڭ چۇەننىڭ كورىيە دۆلىتىدىكى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق مىڭ سۇلالىسى بىلەن كورىيىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملەش ئىدى.

مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ شىي سىنى كورىيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىشكە تاللىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ قوچولۇق شىي جەمەتى ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ ئاكىسى شىي بەيلياۋسۇنىڭ كورىيە خانى گۇڭمىن بىلەن بۇرۇندىنلا دوستلۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۇكىسى شىي چاڭشۇ كورىيىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بولغاچقا، ئۇنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندە، كورىيە خانى، ۋەزىرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قولايلىق بولاتتى. شىي سى مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن كورىيىگە خېلى بۇرۇن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە كورىيىگە ئىككى قېتىم ئەلچىلىككە بېرىشى جۇڭگو ـ كورىيە ئالاقە تارىخىدا ئوخشاشلا مەدھىيىلىگىدەك بىر بەت قالدۇردى. ئۇنىڭ ئەلچىلىككە چىقىشى جۇڭگو ـ كورىيە مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشكە مۇھىم تۆھپە قوشتى.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەردىن شىي چاڭشۇ بىلەن شىي سىنىڭ بىرى كورىيە ئەلچىسى سۈپىتىدە مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە كەلگەن بولسا، يەنە بىرى مىڭ سۇلالىسى ئەلچىسى سۈپىتىدە كورىيىگە ئەلچىلىككە بارغان، ئۇلارنىڭ دىپلوماتىيە پائالىيىتى مىڭ سۇلالىسى بىلەن كورىيىنىڭ تىنچ، دوستانە مۇناسىۋىتىنى يېڭىچە تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇرغان. شۇنداقلا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئىككى دۆلەت ئارىسىدا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى نامايان قىلغان.

پايدىلانمىلار:

① شاڭ يەنبىن: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» (خەنزۇچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى (بېيجىڭ) 1999 ـ يىلى نەشرى.

② تيەن ۋېيجياڭ: «موڭغۇللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت فوتو ـ سۈرەت نەشرىياتى 1995 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

③ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن: «شىنجاڭ يەرلىك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» (خەنزۇچە)، 1987 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

④«غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە) 1994 ـ يىللىق 2 ـ سان («مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چاۋشيەنگە ئىككى قېتىم ئەلچىلىككە بارغان ئۇيغۇر ئەلچى —— شىي سى» ناملىق ماقالە).

⑤ چېن گاۋخۇا: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر، قارلۇقلارغا ئائىت ماتېرىياللار» (خەنزۇچە) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشرى.
⑥ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2006 ـ يىللىق 2 ـ سان.

**ئىزاھات:**

① خۇاڭ جىن: «ۋېي ئايمىقلىق خانىم ئۇيغۇرنىڭ تۆھپە ئابىدىسى»، «جىن خۇاڭخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» 39 ـ جىلد

② جېڭ لىنچى: «كورىيە تارىخى»، 112 ـ جىلد، «شىي سۈننىڭ تەرجىمىھالى قوشۇمچە شىي چاڭشۈنىڭ تەرجىمىھالى»، «كورىيە تارىخى»، 45 ~ 46 ـ جىلد، «گۇڭراڭ خان نەسەبنامىسى»، ۋۇ خەنجى: «چاۋشيەن لى جەمەتى خاندانلىقىنىڭ ئوردا خاتىرىسىدىكى جۇڭگوغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار»، بىرىنچى قىسىم 1 ـ جىلد، «تەيزۇ كاڭشيەن خان دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، «دىڭزۇڭ گۇڭجىڭ خان دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىدى»

③ ⑪ ⑫ ⑯ ۋۇ خەنجى: «چاۋشيەن لى جەمەتى خاندانلىقىنىڭ ئوردا خاتىرىسىدىكى جۇڭگوغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار»، بىرىنچى قىسىم 1 ـ جىلد، «تەيزۇڭ گۇڭدىڭ خان دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»

④«مىڭ تەيزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 14 ـ جىلد، ئىلاۋە: «بۇ قېتىمقى ئەلچىلىككە چىقىش «كورىيە تارىخى» دا خاتىرىلەنمىگەن

⑤ ⑥ ⑧ «كورىيە تارىخى»، 136 ـ جىلد، «شىنيۈنىڭ تەرجىمىھالى (4)»

⑦ «مىڭ تەيزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 185 ـ جىلد خۇڭۋۇنىڭ 20 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ يېۋىي كۈنىدىكى خاتىرە

⑨ ⑩ ⑬ «كورىيە تارىخى» 46 ـ جىلد، «گۇڭراڭ خاننىڭ نەسەبنامىسى»

⑭«كورىيە تارىخى» 44 ـ جىلد، «گۇڭمىن خاننىڭ نەسەبنامىسى»

⑮«كورىيە تارىخى» 137 ـ جىلد، «گۇڭمىن خاننىڭ نەسەبنامىسى(5)»

⑰ ⑳ (21) «كورىيە تارىخى» 14 ـ جىلد، «گۇڭمىن خاننىڭ نەسەبنامىسى(4)»

⑱ لى جىڭفېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن لياڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى» 1 ـ جىلد، «شەخسلەر تەرجىمىھالى»

⑲ «مىڭ تەيزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 37 ـ جىلد، خۇڭۋۇنىڭ تۇنجى يىلى 12 ـ ئاينىڭ رېنچېن كۈنىدىكى خاتىرە

(22) «مىڭ تەيزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 44 ـ جىلد

(23) «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 320 ـ جىلد، «يات ئەللەر تەزكىرىسى، كورىيە تەزكىرىسى»

(ئاپتور: كوچا ناھىيىلىك ئالاقاغا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)
تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

# سۇلتان مامۇت خوجا ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە

مامۇت غازى

سۇلتان مامۇت خوجا شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا شىنجاڭ بويىچە تەسىرى چوڭ، تارىخى ئۇزۇن بولغان 1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جىنىڭ شۇرىن ئەۋەتكەن قاچاق ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى ئاتقان توپ ئوقىدا لۈكچۈندىكى ۋاڭ ئوردىسىغا ئوت كەتكەندە كاتىۋى نىياز ئاكا بىلەن بىللە ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەن ئىمىن خوجىغىچە 9 ئەۋلاد بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ 170 يىل ھۆكۈم سۈرگەن تۇرپان خوجىلىرىنىڭ 8 - جەمەتى. تۆۋەندە سۇلتان مامۇت خوجا تۇغۇلغان دەۋر، ئۇنىڭ ئىنانچى خانلىققا ئېرىشىش جەريانى، ئىنانچى خانلىققا ئولتۇرغان ۋاقتى ۋە ئۆلۈمى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن. داۋ گۇاڭنىڭ 7 - يىلى (1827 - يىلى) 9 - ئايدا 8 يېشىدا ئىنانچى خانلىققا ئېرىشكەن تۇرپان خوجىلىرىنىڭ يەتتىنچىسى ئەفرىدۇن خوجا 1863 - يىلى قەشقەرنىڭ ھاكىم بەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، ئاسىم تەيجى، ئەتتاخان، موللازەيدىن قاتارلىق 5 كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە ماڭىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئاقسۇ - قەشقەر چېگرىسىدىكى «تەڭ» دېگەن قونالغۇغا چۈشكۈن قىلغاندا ئەفرىدۇن ھەمراھلىرىغا ئاتۇشقا بېرىپ سۇلتان سۇتۇق (ئابدۇركېرىم) بۇغراخاننىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىپ مېڭىشنى ئېيتىدۇ. ئۇ چاغدا ئاتۇشقا بارىدىغان ئۇدۇل يول بولمىغاچقا يول بىلىدىغان بىر ئادەمنى يالالاپ ئېلىپ غەربكە قاراپ مېڭىپ تاغنى كېسىپ ئۆتۈپ كەلپىندە قونۇپ ئەتىسى ئەگرى توقاي چىغىر يوللار بىلەن ئاتۇش تەرەپكە (جەنۇب تەرەپكە) قاراپ ئاتلىنىدۇ. بىر كۈن چاتقال يانتاقلىقنى ئارىلاپ مېڭىپ كەچقۇرۇنلۇقى ئۇيغۇر چارۋىچىلارنى تېپىپ بىر كېچە قونالغۇ تەييارلاپ بېرىشنى ئېيتقاندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشلىقى ئىبراھىم ئاقساقال①نىڭ قېشىغا باشلاپ كېلىدۇ. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر! مۇندىن 150 يىل مۇقەددەم فېئوداللىق جەمئىيەتتە جاڭگالدا قوي باقىدىغان بىر ئائىلىنىڭ كونا تۇرپاننىڭ ئىنانچىخانى، قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى باشچىلىقىدىكى يەتتە ئاتلىق كىشىنى قوندۇرالىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئەمما بەزىلەر ئەفرىدۇن خوجا توغرىسىدا سۆز باشلانسا ھازىرغىچە ئاتۇش نەدە، ئىبراھىم ئاقساقالنىڭ ئۆيى نەدە؟ بۇنىڭ بىلەن ھېسابلاشماستىن ئاتۇشتا ئىبراھىم قويچىنىڭ ئۆيىدە قونغان دەپ قارىماقتا! ئاقساقال كۆپنى كۆرگەن كىشى بولۇپ مېھمانلارغا قوي سويۇپ ئاتلىرىغا بىدە بوغۇز تۆكۈپ ياخشى كۈتۈۋالىدۇ. مېھمانلار ئاقساقالنىڭ 16 ياشقا كىرگەن ئۆرۈم چاچلىرى بىلىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان قىزى ھاۋاخاننى كۆرۈپ، ئەفرىدۇن خوجا لۈكچۈننىڭ مەشھۇر بايلىرىدىن مۇھەممەت ئاتاۋۇللاخاننىڭ بالىسى بىلەن تۇل قالغان ئايالى ئايشەخاننى ئاشىق بولۇپ ئەمرىگە ئالغان بولسىمۇ، بۇ ئايالدىن بالىسى يوق ئىكەنلىكىنى ئويلىشىپ كۆرۈپ بۇ قىزنى ئاتىسى بىلەن سۆزلىشىپ قائىدە يوسۇن بويىچە ئەفرىدۇن خوجىغا نىكالاپ قويىدۇ. ئەتىسى مېڭىش ۋاقتىدا ئەفرىدۇن بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈك بىلەن 15 سەر تەڭگىنى ھاۋاخانغا بېرىپ قويۇپ يولغا ماڭىدۇ. مامۇتنىڭ تۇغۇلغان باللىق دەۋرى پۈتۈن شىنجاڭدا مۇستەبىت چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلگەن ھەممە يەرنى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى قاپلىغان ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ. بۇ قوزغىلاڭ ئالدى بىلەن 1864 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كۇچا بازىرىدىكى ۋەيشاڭدىن باشلىنىپ قوزغۇلاڭچىلار غەلىبە قىلغاندىن كېيىن قەبرىسى ھازىرغىچە كۇچار يېڭى بازىرىنىڭ شىمال تەرىپىدە ساقلىنىپ تۇرغان ئەرشىدىن مەۋلانەمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن راشىدىن خوجىنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ

سايلايدۇ. بۇ كىشى ئاقسۇ، ئۇچتۇرپاننى بويسۇندۇرۇشقا ئادەم ماڭدۇرغاندا بىر نەۋرە ئىنىسى ئىسھاق خوجىنى نۇرغۇن ئادەم بىلەن بۈگۈردىن قومۇلغىچە بولغان جايلارنى بويسۇندۇرۇشقا باش قوماندان قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئىسھاق خوجا تۇرپانغا يېتىپ كەلگۈچە تۇرپاندا تۇرۇۋاتقان سايراملىق مەسۇمخان خوجا، مەقسۇت خەلىپە، قاسىم چاڭگا، ھاجى باقى خەلىپە، خوجا ۋايىت خەلىپە باشچىلىقىدىكى تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى تۇرپان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېرىكلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ تۇرپان شەھىرىنى ئىگىلەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن زوزۇڭتاڭ شىئەندىكى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنى دەھشەتلىك باستۇرغانلىقى ئۈچۈن خۇيزۇلار تۈركۈملەپ قېچىپ كېلىپ پىچان، تۇرپانغا پانالىق ئىزدەپ توپلىشىۋاتقان، ئۇلارنىڭ باش قوماندانى داۋۇت②خەلىپە بولارنى توپلاپ ئارتبالىق (داۋانچىڭ)دا چىڭ سۇلالىسى قىسىملىرى بىلەن سوقۇشۇۋاتقان ۋاقىت ئىدى. ئىسھاق خوجا تۇرپانغا يېتىپ كەلگەندە داۋۇت خەلىپە ياردەم تەلەپ قىلىپ ئالاقە بىلەن ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئىسھاق خوجا باھاۋۇدۇن خوجانى باش قىلىپ مەسۇمخان، خوجا ۋايىت خەلىپە زايىت خەلىپىلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئىككى مىڭدىن ئادەم قوشۇپ ئۈرۈمچىنى ئېلىشقا ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرپان، پىچان، لۈكچۈننىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ 1865 - يىلى 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى پارتىزانلار قومۇلغا يۈرۈش قىلىدۇ. قومۇلدىكى بىشىر ۋاڭ نۇرغۇن يېمەكلىك كىيىم - كېچەكلەرنى تەييارلاپ پارتىزانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ ۋە ياخشى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بىراق پارتىزانلار يېرىم يىلغىچە قومۇل يېڭىشەھەرنى بويسۇندۇرالمايدۇ. كېيىن قومۇلدىكى بەزى ئاقكۆڭۈل كىشىلەر ئىسھاق خوجىغا مەخپىي ھالدا خەت يېزىپ: بىشىر ۋاڭنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى شەھەرگە بېكىنىۋالغان چېرىكلىرىگە ھەر كۈنى خەۋەر يەتكۈزۈپ ئۇلارنىڭ تەسلىم بولۇشىنى توسقانلىقى، ئەتراپقا چاپارمەنلىرىنى ئەۋەتىپ قومۇل خەلقىنىڭ پارتىزانلار بىلەن كۆرۈشۈشىنى توسقانلىقىنى پاش قىلىپ قويىدۇ. پارتىزانلار ئاۋۋال قاچقۇن ئەسكەرلەر توپلىشىۋالغان باركۆلنى بويسۇندۇرۇپ ئاندىن قومۇل يېڭىشەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشنى پىلان قىلىپ، باركۆلگە يۈرۈش قىلغان چاغدا راشىدىن خوجىدىن ئىسھاق خوجىغا تېز قايتىپ كېلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش كېلىدۇ. ئۇ بۇنىڭغا ھەيران بولغان بولسىمۇ بۇيرۇققا بويسۇنۇپ قايتىپ كېتىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىلگىرى ئىسھاق خوجا پارتىزانلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۈرۈمچىنى بويسۇندۇرغان داۋۇت خەلىپە نەچچە مىڭ ئادىمى بىلەن تۇرپانغا كېلىپ تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىپ ئاتالمىش «لۆنتەي خانلىقى» (ئۈرۈمتاي)نى قۇرۇپ توقسۇندىن پىچان ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىغە 40 كىلومېتىر كېلىدىغان خۇيزۇلار كەنتى، نەنخۇلۇ دېگەن جاينى بۇنىڭ چېگرىسى دەپ بەلگىلەيدۇ. 1869 - يىلى ئەتىيازدا ياقۇپبەگ قوشۇنلىرى تۇرپانغا يېتىپ كەلگىچە داۋۇت خەلىپىنىڭ ئادەملىرى بۇ ئۈچ ناھىيىدىكى خەلق ئاممىسىغا ناھايىتى ئېغىر زۇلۇم سالىدۇ. خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى خالىغانچە بۇلاپ - تالايدۇ. ئاياللارنىڭ ئىپپەت نومۇسىغا تېگىدۇ. بولۇپمۇ لۈكچۈندىكى خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ بەدىنىگە تۆمۈرنى قىزىتىپ يېقىشتەك ۋەھشى ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئۇلارنى ئالتۇن كۈمۈش تاپشۇرۇشقا قىستايدۇ. مانا بۇ ۋاقىتتا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى لۈكچۈن خەلقى يەكۈنلەپ «كالتە يېغىلىق» دەپ ئاتايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇلتان مامۇت خوجا بۇ خىل زۇلۇمنىڭ باشلانغىنىغا 14 يىل بولغان كۈنى خەلقنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ لۈكچۈندىكى باشلىقلىرىدىن بىر قىسمىنى ۋاڭ ئوردىسىغا زىياپەتكە چاقىرتىپ كېلىپ بىر - بىرىگە تۇيدۇرماستىن قىساس ئالغانىكەن. شۇ چاغدا خەلق ئىچىدە «جەبرى زۇلۇم دەستىدىن، بۇغداي تېرىپ سامان ئالدۇق، شۈكرى دەڭلار دېھقانلار، ئون تۆت يىلدا ئامان قالدۇق» دېگەن قوشاق تارقالغانىكەن. 1869 - يىلى ئەتىيازدا ياقۇپ بەگ قىسىملىرى تۇرپانغا يۈرۈش قىلىدۇ. توقسۇننى بويسۇندۇرۇپ تۇرپانغا قاراپ ئاتلانغاندا تۇرپاندىكى خۇيزۇ قىسىملار بىلەن

ئايدىڭكۆل يېزىسى تەۋەسىدىكى دادۇڭ (چوڭ تۆپىلىك) دېگەن جايدا بىر قېتىم، يار يېزىسىدا بىر قېتىم قاتتىق سوقۇشىدۇ. بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىكى داۋۇت خەلىپە 17 مىڭ كىشىنى تۇرپاندىكى قىسىملىرىغا ياردەمگە ئەۋەتكەن بولسىمۇ خۇيزۇلار جەڭدە مەغلۇب بولۇپ قېچىپ كېلىپ تۇرپان كونا شەھىرىگە كىرىپ مۇداپىئەلىنىدۇ. ياقۇپ بەگ قىسىملىرى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن كونا شەھەرنىڭ غەربىگە بەش يول كېلىدىغان يەرگە سېپىل سوقتۇرۇپ چۆرىسىگە خەندەك كولىتىپ تۆت تەرەپكە تۇر سالدۇرۇپ ئەسكەرلىرىنى بۇنىڭ ئىچىدە تۇرغۇزىدۇ. بۇ جاي كېيىن شىنچېڭ (يېڭى شەھەر) دەپ ئاتىلىدۇ. خۇيزۇلارنىڭ مۇداپىئەسى ساق 9 ئايغا سوزۇلىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا ياقۇپ بەگنىڭ تۇرپاننىڭ يەمشى بازىرىدا چارلاش ئېلىپ بىرىۋاتقان ئىككى نەپەر ئەسكىرىنى داۋۇت خەلىپىنىڭ ئۇيغۇرچە ياسىنىۋالغان ئادەملىرى تۇتۇۋېلىپ ئىككى كىشىنىڭ پۇتىنى چېتىپ باغلاپ، بېشىنى يەرگە پۇتىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئاتقا ئارتىپ ئېلىپ ماڭىدۇ. بۇلار قولىنى بوشۇتۇپ بىر پارچە خەت يېزىپ بىلىگە باغلىغان چىلسا رومالغا ئوراپ يولغا تاشلاپ قويىدۇ. ئوتتۇن چاپقىلى بارغان ئۈچ كىشى رومالنى ئۇچرىتىپ قارىسا ئىچىدە بىر پارچە خەت چىقىدۇ. ئۇلار بۇ خەتنى سەيدىخان خوجام مازىرىنىڭ شەيخىگە ئوقۇتىدۇ. خەتتە: يار ئاغزى يەمشىدە ئۇلكىم، تۇرار ئەردى ئىككى ئىنسان، زۇلۇم بىلەن ئېلىپ ماڭدى، ئۇلارنىڭ باشى تۇڭگان. دەپ يېزىلغانىكەن. بۇ خەت ھەربىي شتاتقا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن ياقۇپ بەگنىڭ ئاچچىقى كېلىپ پۈتۈن قىسىملىرىنى تىزىلدۇرۇپ چاپىنىنى سالدۇرۇپ يەڭلىرىنى شىمايلاپ پېشانىسىنى ئاق خەسە بىلەن تېڭىپ ئۇرۇشقا ئاتلاندۇرىدۇ. شەھەر خەلقىنىڭ كونىشەھەر ئېلىنغىچە كوچىغا چىقماسلىقنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئادەملىرىگە «بىز بۈگۈن بوكۇسۇۋور (ئوغرى لارنى بويسۇندۇرىمىز ياكى ئۆزىمىز شېھىتلىك شەربىتىنى ئىچىمىز» دەپ ۋاقىراپ، 28 توپنى سېپىلنىڭ ئىچىگە قارىتىپ بىرلا ۋاقىتتا ئېتىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. توپلارنىڭ ئاۋازى پۈتۈن شەھەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ. توققۇز ئايدىن بېرى ئاچچىقتىن قىينىلىپ تۇرغان خۇيزۇ قىسىملىرى ئاق بايراق چىقىرىپ تەسلىم بولىدۇ. ياقۇپ بەگ تۇرپان لۈكچۈندە ئون ئاي تۇرۇپ، بۇ جايلاردىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ھېكىم بەگ خوجىنى تۇرپانغا باشلىق قىلىپ قويۇپ ئۆزى ھىجرىيە 1287 - يىلى رەجەپ ئاينىڭ 14 - (مىلادىيە 1870 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10) - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى داۋۇت خەلىپە ئۈستىگە يۈرۈش قىلىدۇ. مانا بۇلار چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يوقىتىلغاندىن كېيىن تۇرپان دىيارىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ قىسقىچە جەريانىدۇر.

ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، 1876 - يىلى زۇزۇڭتاڭ باشچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى قىسىملىرى شىنجاڭغا يېتىپ كېلىپ 1877 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىمالىي شىنجاڭنى تىنجىتىپ قەشقەرگە يېتىپ بارىدۇ. 1878 - يىلى 5 - ئايدا زۇزۇڭتاڭ ئۈرۈمچىدىكى ھەربى قوماندان ليوجىنتاڭغا «ھازىر غەربىي يۇرتنىڭ شىمالى ئاساسەن تىنجىدى، ئومۇمى غەلىبە ئالدىمىزدا، شۇنىڭ ئۈچۈن قومۇلدىن مەجبۇرى كۆچۈرۈپ كېلىپ كورلا، بۈگۈرگە ئورۇنلاشتۇرغان قومۇللۇقلارنى يول راسخوتى بېرىپ ئۆز يۇرتىغا ئاپىرىۋېتىش، شىمالىي شىنجاڭدىكى خان - خوجىلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك» دەپ ئۇقتۇرىدۇ. بۇ ئۇقتۇرۇش خېلى ۋاقىت كېچىكىپ تۇرپان ئامبىلى ئارقىلىق لۈكچۈنگە يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەفرىدۇن خوجىنىڭ لۈكچۈندە ئوغلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ۋاڭ ئورنىدا كىمنى خان - خوجا نامزاتىغا كۆرسىتىش توغرىلىق غۇلغۇلا باشلانغان چاغدا، ئەفرىدۇن خوجىنى كىچىكىدىن بېقىپ چوڭ قىلغان ۋە 1825 - يىلى 9 - ئايدا 6 يېشىدا قەشقەردىن لۈكچۈنگە ئېلىپ كەلگەن ئايپىسى خۇشنىگارا فۇجۇڭ③ ھېچ كىمگە سەزدۈرمەي ئىلگىرى ئەفرىدۇن خوجىغا ھەمراھ بولۇپ قەشقەرگە بىللە بارغان ئاسىم تەيجىنى ئىككى كىشى بىلەن ئاتۇشقا ماڭدۇرىدۇ. ئۇلار يېتىپ بېرىپ ياشىنىپ قالغان ئىبراھىم بوۋاينى تېپىپ ئۇنىڭغا كېلىشتىكى مەقسىدنى چۈشەندۈرىدۇ.

بوۋاي قىزىنىڭ ئەفرىدۇن خوجىدىن بىر ئوغۇل تۇغقانلىقىنى، ئۇنىڭغا مامۇت دەپ ئات قويغانلىقىنى، ھازىر 17 ياشقا كىرگەنلىكىنى، بىراق قىزى ھاۋاخانىنىڭ تۇل ئولتۇرۇپ بىر يىل ئىلگىرى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ، مامۇتنى مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتۈرىدۇ. بىراق مامۇت «لۈكچۈنگە بارمايمەن» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. چوڭ دادىسىنىڭ ئۇنى لۈكچۈنگە ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسىدىنى تەكرار چۈشەندۈرىشى، نەسىھەت قىلىشى بىلەن ئىككى ئاغىنىسىنى بىللە ئېلىپ بېرىشقا قوشۇلىدۇ. ئاسىم تەيچى ئۈچ بالىنىڭ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، ئۇلارغا ئات تەييارلاپ، مېڭىش ۋاقتىدا ئىبراھىم بوۋايغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر قۇر كىيىم، ئون سەر تەڭگىنى ئالدىغا قويۇپ خوشلىشىپ يولغا ماڭىدۇ. ئۇلار مامۇتنى ئېلىپ لۈكچۈنگە كەلگەندىن كېيىن كىشىلەر ھەيران بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسىدىكى غۇلغۇلا توختايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مامۇتنىڭ چوڭ ئانىسى ئادەم ئەۋەتىپ تۇرپان، ئۈرۈمچى ئەمەلدارلىرىغا نۇرغۇن تىللا تەڭگىنى پارا بېرىش ئارقىلىق پادىشاھقا مەلۇمات يوللاپ مامۇتنى ئىنانچىخانلىققا تەستىقلىتىدۇ.

گۇاڭشۇنىڭ 6 - يىلى (1881 - يىلى)

1- ئايدا تەستىق يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا سۇلتاننى قوشۇپ سۇلتان مامۇت خوجاخان دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇ ئىنانچى خانلىق ئورنىغا چىققاندىن كېيىن داۋۇت ئاخۇنۇم دېگەن كىشىگە تۆت ئادەمنى قوشۇپ قەشقەرگە ئەۋەتىپ تاجاۋۇزچى ياقۇپ بەگنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن 1872 - يىلى يازدا قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن ئاتىسى ئەفرىدۇن خوجا بىلەن 1875 - يىلى ئەتىيازدا يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان ئەتتاخاننىڭ جەسىدىنى قايتا دەپنە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇلار بۇ ئىككى كىشىنىڭ جەسىدىنى بۇگۈنكىچە قەشقەر شەھەرلىك باغچىنىڭ شەرقىدە ساقلىنىپ تۇرغان ئىسكەندەر خوجىنىڭ مەقبەرىسى (ئاق مازار) نىڭ ئىشىكى ئالدىدىغا دەپنە قىلىپ، ئۇستىگە ئىككى قەبرە قاتۇرۇپ قويۇپ قايتىپ كېلىدۇ. 1885 - يىلى سۇلتان مامۇت خوجا بىرىنچى قېتىم پادىشاھنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بېيجىڭگە بارغاندا پادىشاھ گۇاڭشۇ ئۇنى «سىز ئۇيغۇر خوجىلىرىغا خاس ئىقتىدارغا، شىجائەتكە ئىگە كىلىشكەن يىگىت ئىكەنسىز» دەپ ماختايدۇ. ۋاڭ - خوجىلارنىڭ ئارخىپىنى تەكشۈرگەندە ئۇنىڭ ئىسمى چىقمىغاندىن كېيىن ئاچچىقلىنىپ «ئەفرىدۇن بىزگە سادىق ئەمەسكەن، ئوغلىنى روېخەتكە ئالدۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆلۈكىگە 250 توقماق ئۇرۇلسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. (بۇ ھەقتە ئىلگىرى «ئۆلۈكى جازالانغان خوجا» دېگەن ماقالىدا تەپسىلى توختالغانىدۇق. بۇ يەردە تەكرارلىمايمىز). بىراق شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئارىسىدا سۇلتان مامۇت خوجا ياشىدا بار داڭزىدا يوق، دېگەن سۆز پەيدا بولىدۇ. 1890- يىلى (گۇاڭشۇنىڭ 16 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سۇلتان مامۇت خوجىغا ئۈچ كۆزلۈك گۈللۈك پۆپۈك ئىنئام قىلىنىدۇ. 1897- يىلى (گۇاڭشۇنىڭ 23 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، سۇلتان مامۇت خوجا بېيجىڭگە بېرىپ شىنۇۋمېندا پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ. سۇلتان مامۇت خوجا ئانچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ 19 يىللىق خان - خوجىلىق ھاياتىدا خەلققە سالغان زۇلۇملىرى ھەققىدە پىچان تارىخي ماتېرىياللىرىدا مەلۇماتلار بار. بۇ يەردە يەنە تەكرارلىمايمەن. ئەمما تۇرپان خان - خوجىلىرىنىڭ دەۋرلىرىدە پەيدا قىلغان جازا - قوراللىرى، خان - خوجىلارغا قارشى قىلغان قوزغىلاڭلىرى ھەققىدە كېيىنكى ماقالىدا تەپسىلي توختىلىمىز. تۆۋەندە ئەينى چاغدا كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان ۋە ھەر خىل ئىنكاسلار پەيدا قىلغان سۇلتان مامۇت خوجىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمەن.

1950 - يىللىرىدا سۇلتان مامۇت خوجىنى بىلىدىغان ياشانغان كىشىلەر خان - خوجىلارغا خىزمەت قىلغان تەيجى، كالەرنىڭ ئەۋلادلىرى لۈكچۈننىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلاتتى. ئەمما سۇلتان مامۇتنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى قاراشلار ئوخشاش ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى سۇلتان مامۇت

خوجا كېسەل بىلەن ئەمەس دەللال خوتۇن تېپىپ كەلگەن مەجبۇرى نىكاھىغا ئالغان قىزنىڭ ئاخشىمى ياتقاندا ئۇستۇرا سىلىشى بىلەن ئېغىر يارىلىنىپ، ئادەملىرى ئۇنى ئۆرتەڭ ئاراشاڭغا ئېلىپ بارغاندا ۋاپات بولغانلىقى، ئاراشاڭغا ئاپىرىش، قايتۇرۇپ كېلىش ئىشلىرىنىڭ ھەممسنى كېچىسى مەخپىي ئېلىپ بېرىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك، لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسى بىلەن ئۆرتەڭ ئاغزىدىكى ياقۇپ بەگ سالدۇرغان تۇرنىڭ يېنىدىكى ئادەملەر بار جايغا 26 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ يەردىن تۆۋەن مەھەللىگە 13 كىلومېتىر، تۆۋەن مەھەللىدىن ئۆرتەڭ ئارشاڭغا 6 كىلومېتىر جەمئىي 19 كىلومېتىر يول بولۇپ، سۇلتان ماموت خوجا جان ئۈزگەن شەرقى توقاي تۆۋەن مەھەللە بىلەن ئارشاڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى تارىخىي پاكىتقا نەزەر سالايلى. مەن 1987 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى پىچان ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىدىن بولۇپ 4 كىشى خىزمەت بىلەن ئۆرتەڭ سۇ پونكىتىغا كەلگەن ئىدۇق. بۇ يەردىكى خىزمەتچىلەر بىزگە بۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق ئۆز ئوغلى يوق 108 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ تېخىچە قولىدىن كەتمەن چۈشمەيدىغان توختىنىياز ئاكىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىزگە ئېيتتى. بىز يوقلاپ كىرسەك كېسەل ئەمەس بەلكى كاڭدىن يىقىلىپ چۈشۈپ كەتكەن ئىكەن. پاراڭ ئارىلاپ مەن ئۇنىڭدىن «سۇلتان ماموت خوجىنىڭ ئۆلۈمىنى بىلەملا» دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ بىلىمەن. مېنىڭ 27 ياشقا كىرگەن ۋاقتىم ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگەن چايدىن كېيىن ئىشىك ئالدىغا ئاتقا بوغۇز بەرگىلى چىقسام تۇرنىڭ ئارقىدىن ئاتلارنىڭ تىۋىشى ئاڭلاندى. بىردەمدىلا كۆرۈككە يېتىپ كەلدى، ھەممىسى 11 ئاتلىق كىشىكەن. ئاتلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى ئاتقا باغلانغان چىرغىدا بىر كېسەل كىشى يېتىپتۇ. ئاپام چىقىپ ئۆيگە تەكلىپ قىلىۋىدى جاۋاب بەرمەي كېتىۋەردى. ئۇلار مېنىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭدى. تۆۋەن مەھەللىگە كەلگەندە يەنە بىر ياش بالىنى قوشۇۋالدى. بىز كۈن ئولتۇرغاندا ئۆرتەڭ ئارشاڭغا يېتىپ چىقتۇق. بۇ ۋاقىت 1900 - يىلى 8 - ئاي يېڭى كىرگەن چاغلار ئىدى. ئۇلار بىزگە ئوتتۇن تەردۇرۇپ چاي قايناتىپ ئىچىپ كېسەل كىشىگە ئىككى كىشىنى قارىتىپ قويۇپ، بىزگە ئاتلارغا قاراشنى تاپشۇرۇپ قويۇپ ئۆزلىرى يېتىپ ئۇخلاپ كەتتى. كېسەل كىشى كۆزىنى ئاچالمايتتى. قارىغۇچىلار پات - پات ئاغزىغا سۇ تېمىتىپ قوياتتى. بىزمۇ ئاتلارنىڭ پۇتىنى چېتىپ قويۇپ ئۇخلاپ قاپتىمىز. بىر چاغدا قىيا - چىيا بولۇپ كەتتى. ئويغانساق ئىرىقتا تاشقىن سۇ كېلىپ جىرغىنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆچى بىزگە يەتتى. بىز ئىككى ياش يۈگۈرۈپ كەلسەك جىرغا شەرقىي توقايدا توختاپ قاپتۇ. كېسەل كىشى ئۆلگەن ئىكەن ئاتلىقلار يېتىپ كېلىپ يىغا - زارە قىلىشىپ، ئۆلۈكنى جىرغىغا سېلىپ تۆۋەن مەھەللىگە ئېلىپ كېلىپ بىر ئۆيگە چۈشۈپ بىزگە سۇ ئەكەلدۇرۇپ ئۆلگەن كىشىنى يۇيۇپ كېپەنلىدى. ئەمما ئىشىكتە ئىككى كىشى تۇرۇپ ئۆيگە ھېچكىمنى كىرگۈزمىدى. بىز ئېلىپ كەلگەن سۇنىمۇ قولىمىزدىن شۇلار ئېلىپ ئۆي ئىچىگە ئۆزلىرى ئەكىردى. نېمىشقىدۇ ئۇلار مېڭىشقا ئالدىرىمايتتى. كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن يولغا چىقىپ ئۆلۈك كىشىنى ئىككى ئاتقا باغلاپ ياسالغان جىرغىغا سېلىپ ئاستا ئېلىپ ماڭدى. مەن مېيىتنى يۇيۇپ كېپەنلىگەن ئۆينىڭ ئىگىسىدىن ئۆلگۈچىنىڭ سۇلتان ماموت خوجا ئىكەنلىكىنى، يوغۇچىلارنىڭ «خان خوجام ئەمدى 37 ياشقا ماڭغان ئىدى، ۋاي ئىسىت ياش كېتىپ قالدى» دەپ يىغا زارە قىلىشقانلىقىنى ئاڭلىدىم، دېدى. شىنجاڭ يىلنامىسىدا 1900 - يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 26 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جاساق ئىنانچىخانى ماموت ئۆلدى دەپ يېزىلغان.

سۇلتان ماموت خوجىدىن تۆت ئوغۇل قالغان، چوڭى ئىمىن خوجا تەيجى، ئىككىنچىسى بەھرام بەگ خوجا، ئۈچىنچىسى پەيزۇللاخان، تۆتىنچىسى ... ئاقخان. ئىمىن خوجا ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن «باش تەيجى» مەرتىۋىسى بىلەن ۋاڭلىق ئىشلىرىنى ۋاقىتنچە باشقۇرۇپ تۇردۇ. 1901 - يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 27 - يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاتىسىنىڭ ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسىگە

ۋارىسلىق قىلىش تەستىقلىنىپ، شۇ كۈندىن باشلاپ ئىمىن خوجا دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىنىسى بىھرام «گۇڭ» لۇق مەرتىۋىسى بىلەن ئىمىن خوجىنىڭ قوراللىق قوغداش (تىنچلىق ساقلاش) ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ تۇرىدۇ. پەيزۇللاخان لەمجىن يېزىسىنىڭ غەربىدىكى تۇركارىزغا ئورۇنلىشىدۇ. ئاقخان دالانكارىز يېزىسىنىڭ شەرقىدىكى دۇمبۇلچۇققا كارىزىغا ئورۇنلىشىدۇ.

ئىزاھات:

① ئاقساقال قەشقەردە يەرلىك ئەمەل مەنسىنى بىلدۈرىدۇ. ئەينى چاغدا، يېزا بازارلاردىكى ئاشپەز - ناۋايلار ئاشلىق ئېلىپ ساتقۇچىلار باشقا سودىگەرلەرنىڭ باشلىقلىرىنى كەسپى تۈرلىرى بويىچە ئاقساقال دەپ ئاتايدۇ. ناھىيە - ۋىلايەتتىكىلەرنى باش ئاقساقال دەيدۇ. بۇ ھەرگىز ساقالنىڭ ئىقىغا قارىتىلغان ئۇقۇم ئەمەس.

② داۋۇت خەلىپە - خۇيزۇچە ئىسمى تودىيلىڭ قىسقارتىلىپ تومىيىڭ دەپمۇ ئاتايدۇ. مۇسۇلمانچە ئىسمى داۋۇت. خۇيزۇ سوپىلارنىڭ باشلىقى بولغاچقا داۋۇت خەلىپە دەپ ئاتالغان. ھەربىي ئۇنۋانى دايۈەنشۇەي، 1864 - يىلى زوزۇڭتاڭ شىئەن قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرغاندا شىنجاڭغا قېچىپ چىقىپ قاچقۇنلارنى توپلاپ ئارتىبالىقنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ. 1865 - يىلى ئەتىيازدا كوچار قوزغىلاڭچىلىرىدىن ئىسھاق خوجا تۇرپانغا كەلگەندە ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. بۇ كىشى ياردەمگە ئەۋەتكەن ئادەم قورال كۈچى بىلەن ئۈرۈمچىنى بويسۇندۇرىدۇ. يىل ئاخىرى ئىسھاق خوجا كۇچارغا قايتقاندىن كېيىن تۇرپان، پىچان، توقسۇننى بېسىۋالىدۇ. 1867 - يىلى 2 - ئايدا ئادەملىرى بىلەن قومۇلغا بېرىپ خەلقنى بۇلاپ- تالاپ، ئوت قويۇپ، قىرغىن قىلىپ شەھەرگە كىرىپ بىشرۋاڭ باشلىق بەش كىشىگە «خۇيزۇلارنى ئۆلتۈردى» دېگەن گۇناھنى ئارتىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىپ قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. 1870 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ياقۇپ بەگ قوشۇنى ئۈرۈمچى شەھرىگە ھۇجۇم قىلغاندا ئۈرۈشتا يېڭىلىپ تەسلىم بولىدۇ. ئەمما ياقۇپ بەگ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزى بىلگىنىنى قىلىدۇ. 1872 - يىلى ياقۇپ بەگ ئوغلى بەك قۇلى بەك باشچىلىقىدا ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ ئۈرۈمچىنى 2 - قېتىم بويسۇندۇرغاندا داۋۇت خەلىپە ماناسقا قېچىپ كېتىپ شەھەر ئىچىگە مۇداپىئەلىنىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ ياقۇپ بەگ قەشقەردىن نۇرغۇن سوۋغات، خەت - ئالاقە بىلەن يەھيا يۈز بېشى باشلىق 6 كىشىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ. بۇلار ماناسقا يېتىپ كەلگەندە داۋۇت خەلىپە ئاچچىقلىنىپ «مەن ئەنجانلىق قىپچاقلارنىڭ سوغىسىنى قوبۇل قىلمايمەن» دەپ ياھيا يۈزبېشىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ بەك قۇلى بەك ئۈرۈمچىدىن ماناسقا يېتىپ كەلگەندە 1872- يىلى 12 - ئايدا داۋۇت خەلىپە دورا يەپ ئۆلىۋالىدۇ.

③ خۇشنىگار- مۇھەممەت سەيد ۋاڭنىڭ لۈكچۈنلۈك ئايالى بولۇپ، ئەفرىدۇن قەشقەرلىك ئايالى شەھەر بانودىن 1821 - يىلى باھاردا تۇغۇلغان، ئۆز ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ خۇشنىگار خېنىم بېقىپ چوڭ قىلغان.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى». «17 - ئەسىردىن بۇيانقى شىنجاڭ تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن زور ۋەقەلەر توغرىسىدا» ئىبراھىم نىياز (قەشقەر سىفەن شۆيۈەن ئىلمى ژۇرنىلى 1981 - يىلى 3 - سان)
شىنجاڭ يىلنامىسى: شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى 27 - سانىغا بېسىلغان.

(ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بانكىسى ياشانغانلار باشقارمىسىدىن)
تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكى

دىلئارام مەخمۇت

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇرلاردا ئىسىم قويۇشتا مەلۇم بىر قېلىپ ياكى ئىزچىللىق شەكىللەنمىگەنلىكىنى بايقايمىز. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇرلار تارىخىدا شەكىللەندۇرگەن مىللىي ئۆرپ - ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، دۇنيا قارىشى، ئەخلاق ئۆلچىمى، تۇرمۇش پەلسەپىسى، ياشىغان مۇھىتى، ھاياتىدىكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر، سەزگۈ ھەم ئېڭىغا كۆرسەتكەن ئىچكى، تاشقى ئامىللار تۈپەيلى ھەر خىل مەنا ۋە شەكىلدىكى ئىسىملارنى قوللىنىپ، ئۆزىگە خاس ئىسىم قويۇش كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتى ۋە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئىپادىلەنگەن دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىغا مۇراجەت قىلىش ئارقىلىق بىلەلەيمىز. بولۇپمۇ، ھەر قايسى دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان مەنا ۋە شەكىل ھاسىل قىلغان كىشى ئىسىملىرىنىڭ ھەرگىزمۇ ئاساسسىز مەيدانغا كەلگەن بولماستىن، مەلۇم بىر مىللىي مەدەنىيەت، خاس دۇنيا قاراش ۋە ئېستېتىك ئامىللارغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى روشەن ھېس قىلىمىز.

تۆۋەندە، ئۇيغۇر مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئۆزگۈرلىرىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز. يىراق قەدىمكى زامانلاردىكى كىشى ئىسىملىرى ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە ئادەتلىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىپتىدائىي ئىنسانلار دەۋرىدىكى ئەڭ تۈپكى ئىشلەپچىقىرىش ئوۋچىلىق بولۇپ، بۇ مەزگىللەردە كىشىلەر ھايۋانلار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلغان. ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەكنى ھايۋانلار دۇنياسىدىن ئالغان بولغاچقا، ئۆز پەرزەنتلىرىگە ھايۋانلارنىڭ ناملىرىنى ئىسىم ئورنىدا قويۇش ئادىتى شەكىللەنگەن. بىراق ئۇلار ھايۋانلارنىڭ نامىنى قارا قويۇق قوللانماستىن، ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ماس كېلىدىغان كۈچلۈك، تەدبىرلىك، ھوشيار ھايۋانلارنى، شۇنىڭدەك ئىنسانلارغا نىسبەتەن مەنپەئەتى زور، كۆرۈنۈشى چىرايلىق ھايۋانلارنى تاللاپ، ئۇلارنىڭ ناملىرىنى پەرزەنتلىرىگە ئىسىم ئورنىدا قويغان.

مەسىلەن، يولۋاس، ئارسلان، قاپلان، قوچقار، بۇقا، بۆكە (ئەجدىھا)، ياغان (پىل)، چاغرى (لاچىن) دېگەندەك. بۇ ئىسىملاردا كىشىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ خۇددى ئاشۇ ھايۋانلاردەك كۈچلۈك، قورقۇمسىز، باتۇر بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش مۇددىئاسى ئىپادىلەنگەن. ئەجدادلارنىڭ بۆرە، ئارسلان، بۇغرا، بۈركۈت دېگەندەك ئىسىملارنى قويغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتېم قاراشلىرى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قۇندۇز، بۇلبۇل، قارلىغاچ، كاككۇك دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇپ پەرزەنتلىرىنىڭ شۇ ھايۋان ۋە قۇشلارغا ئوخشاش گۈزەل، يېقىملىق ھەم ئەتىۋارلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان.

ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى تەبىئەت قوينىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، خىلمۇ خىل شەيئىلەر بولۇپمۇ، چەكسىز كەتكەن ئاسمان، يەر - جاھاننى قىزدۇرۇپ تۇرغان قۇياش، نۇرلۇق ئاي، سانسىزلىغان يۇلتۇزلار، ھەيۋەتلىك تاغ - دەريالار، دەل - دەرەخلەر، گۈل - چېچەكلەر كىشىلەرنىڭ سەزگۈسىگە تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنداقلا گۈزەل ھېسلارنى ئويغاتقان. مەسىلەن، «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇزخاننىڭ ئۆز ئوغۇللىرىغا «كۈن، ئاي، يۇلتۇز، كۆك، تاغ، دېڭىز» دەپ ئىسىم قويغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

ئورقۇن يېنسەي يادىكارلىقلىرىدا، كۆلتېگىن

(ئەقلى كۆلدەك شاھزادە)، كۆلبىلگە قاغان (بىلىم كۆلدەك خاقان) دېگەندەك ئىسىملار خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن كىلاسسىك ئەسەرلەردە شەمس (قۇياش)، قەمەر (ئاي) باھار، نورۇز، سەييارە، گۆھەر، چىمەن، ئانار، چىنار، مايسىخان، ئالمىخان، سەنۇبەر دېگەندەك ئىسىملار ئۇچرايدۇ. كىشىلەر تەبىئەتنىڭ سىرلىق قۇدرىتى، كائىناتنىڭ تەبىئى مۆجىزاتلىرىنى ئۇلۇغلاش، ھاياتلىقتىكى رولىدىن سۆيۈنۈش، ياخشى كۆرۈش مۇددىئاسىنى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن قويۇلغان ئىسىملاردىن ئالماس، پولات، تۆمۈر، چولپان، جىنەستە قاتارلىق شەيئى - نەرسىلەرنىڭ نامىنى پەرزەنتلىرىگە ئىسىم ئورنىدا قويۇپ، پەرزەنتلىرىنىڭمۇ شۇ نەرسىلەردەك گۈزەل، چىداملىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە، ئەخلاقىي ۋە گۈزەللىك قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئارىغ (پاكىز)، چېچەك (گۈل)، غۇنچە، يىدلاغ (پۇراقلىق)، سىلىغ (مۇلايىم)، قۇتلۇق (بەختلىك) دېگەندەك ئىسىملارنى قوللانغان. بۇ خىل ئىسىملارنىڭ قوللىنىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق، گۈزەللىك قاراشلىرىنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى، شۇنداقلا پەرزەنتلىرىنىڭمۇ ئەخلاقلىق، گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان، گۈزەل تۇرمۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەردىن بولۇشىنى تىلەشتەك ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ھېس قىلىش مۇمكىن.

ئورقۇن - يېنىسەي ۋادىسىدىكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان يادىكارلىقلاردا: ئالىپ (قەھرىمان)، بىلگە (ئالىم)، باتۇر، بۆكە، قەدىر (قەيسەر)، بۆكۈبىلگە (ئەقىللىق ھەم ئالىم) دېگەندەك كىشى ئىسىملىرى خاتىرىلەنگەن. بۇ ئىسىملاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى باتۇر، قەيسەرلىكنى ئەلا بىلىدىغان، قەھرىمانلىقنى ئۇلۇغلايدىغان مىللى پىسخىكىسىنى، شۇنداقلا ئەۋلادلىرىنىڭ ئەقىللىق، بىلىملىك ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بايقايمىز.

ئەتىۋارلىق، قىممەت باھالىق نەرسىلەرنىڭ نامىدىن ئېلىپ قويۇلغان ئىسىملار. بۇ خىل ئىسىملاردا ئاتا - ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتىنى ئۇلۇغلاش، كۆيۈنۈش ۋە ئەزىزلەش تۇيغۇسى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئالتۇن، كۈمۈش، ياقۇت، لەئىل، مارجان، گۆھەر.

رەڭلەرنىڭ نامى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار، مەسىلەن، قىزىل (قىزىلخان) ھاۋا (ھاۋاگۈل) سارىغ (سارىخان) دېگەنلەرگە ئوخشاش. تەتقىقاتچىلار قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل ئىسىملارنىڭ قوللىنىشى ئۆز زامانىسىدىكى رەڭلەرنى مۇقەددەس بىلىش قارىشىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ.

كۆپىنچە خان جەمەتى، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئۆز باللىرىغا قويىدىغان، ئەلنى ئىدارە قىلىش ئارزۇسى نامايەن قىلىنىدىغان ئىسىملار ۋە پادىشاھ ئەۋلادلىرىغا قوشۇپ ئېيتىلىدىغان «تېگىن»«خان» قاتارلىق قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملار، بۇغراخان، ئارسلانخان، بۆرە، تېگىن، ئېل ئىنانچ (ئەل ئىشىنىدىغان) ئېل ئەردەم (خەلقپەرۋەر) قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ ئىسىملار ئۆز زامانىسىدىكى مۇئەييەن خاسلىققا ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىسىملار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە ئۆزى تەۋە قەبىلىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە قويۇلغان ئىسىملارمۇ بار بولۇپ، بۇ ئۆزگە خاس بولغان ئىسىم قويۇش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇر، ئۆتەمىش، ياغلاقار، ئۇتۇش قاتارلىقلار.

ئۇيغۇرلار مىلادىيىنىڭ ئالدى كەينىدىلا بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان، بۇددا ئەقىدىلىرى بارا - بارا ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل ماددىي ۋە مەنىۋىي ھاياتىغا سىڭىپ كىرىشى بىلەن، ئۇيغۇرلار بۇددا دىنى مەزھەپلىرىنىڭ بۇددا نوملىرىنىڭ نامى، بۇددا دىنىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئىسىم ئورنىدا قوللانغان. چىستان، خايمادى، تويىن، ماخادىۋى، ئاچارى، بۇرھان قاتارلىقلار. بۇ ئىسىملارنىڭ قوللىنىشىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىنىڭ ئۇلۇغلىنىشىنى شۇنداقلا، پەرزەنتلىرىنىڭمۇ ھەقىقىي بۇددا مۇخلىسى بولۇشىنى ئۈمىد

قىلىشتەك ئارزۇسىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى دېگەندە، ئۇيغۇرلار 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى ئۇيغۇر قارا خانىيلار خانلىقىنىڭ پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئۆزىگە «ئابدۇلكەرىم» دەپ مۇسۇلمانچە ئات قويغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ۋە قوللىنىلغان ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىلگىرىكى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كىشى ئىسىملىرىمۇ ئىلگىرىكى ئۇيغۇرچە قويۇلۇۋاتقان ئىسىملاردىن بىراقلا ئەرەبچە ئىسىملارغا ئالماشتى. بۇ مەزگىلدە ئىسلام دىنىنىڭ خىلمۇ خىل ساھەلىرىگە تۇتاشقان ئىسىملارنى قويۇش ئەۋج ئالدى.

1. ئىسلام دىنى بىردىنبىر ئاللانى مەركەز قىلغان دىن بولۇپ، ئاللانىڭ 99 خىل ئىسمى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم» دە زىكرى قىلىنغان. بۇ ئىسىملارنى قويغاندا، ئىسىم ئالدىغا «ئاللانىڭ قولى» مەنىسىدىكى «ئابد» دېگەن سۆزنى قوشۇپ ئاتىغان. بۇنداق بولۇشى ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ئاللاغا غەيرى شېرىك كەلتۈرمەسلىكنى مەقسەت قىلىشتۇر. مەسىلەن، ئابدۇقادىر، ئابدۇغېنى، ئابدۇلئەزىز، ئابدۇۋاھاپ، ئابدۇغەففار، ئابدۇساتتار ئابدۇلھەمىد ...... قاتارلىقلار.

2. ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى ۋە سۈپەتلىرىنى ئىسىم ئورنىدا قويۇشمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان. مۇھەممەد، مەھمۇد، ئەھمەد، مەمەتئىمىن، ياسىن، ئوبۇلقاسىم، ئىمام، ھەبىب، ھەكىم، مۇختەر، ئەزىز قاتارلىقلار.

3. «قۇرئان كەرىم» دە زىكرى قىلىنغان باشقا پەيغەمبەر ۋە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئىسىم ئورنىدا قويۇشمۇ كەڭ ئومۇملاشقان. مەسىلەن، نوھ، ئىيسا، موسا، يۇنۇس، لوقمان، يۇسۇپ، ئىلياس، ئىدرىس، سۇلايمان، ئەدھەم، دانىيال، داۋۇت، زۇلەيخا، خىزىر، ئىسكەندەر، ئىسرافىل، ئىسرائىل ھاۋا ... قاتارلىقلار.

4. قۇرئان كەرىمدىكى مەنىلىك سۆز ئىبارىلەرنى پەرزەنتلىرىگە ئىسىم ئورنىدا قويۇش. مەسىلەن، رەھمەتۇللا (ئاللانىڭ رەھمىتى)، زوھۇرىدىن (دىنىنىڭ غەلبىسى، رازىيە (رازى بولغۇچى)، نەسرۇللا (ئاللانىڭ نۇسرىتى)، ئەزىم (كەڭ، ئۇلۇغ) قاتارلىقلار.

5. ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن، مۇھەممەد پەيغەمبەر بىلەن دەۋرداش بولغان مەشھۇر شەخسلەر، قەھرىمانلارنىڭ نامىنى ئىسىم ئورنىدا قويۇش. مەسىلەن، خالىد (خالىدئىبنى ۋەلىد)، ئابابەكرى (ئەبۇبەكرى سىددىق)، ئوسمان، ئۆمەر، ئەلى، ئايشەم (بۈۋى ئائىشە)، ھاجەر، خەلىچە، پاتەمخان (بۈۋى پاتىمە) قاتارلىقلار.

ئۇيغۇرلار يەنە ھېيت ـ بايرام، خاتىرە كۈنلىرىنى ئۇلۇغلاپ، پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسمى قىلىپ قويۇشقا ئادەتلەنگەن، يېڭى يىلدا تۇغۇلغان بالىلىرىغا نورۇز، ئۇشۇر ئېيىدا تۇغۇلغان بالىلىرىغا ئۇشۇر، ھوشۇرخان، ھۇشۇرجان دەپ ئىسىم قويغان. بارات ئېيىدا تۇغۇلغان بالىلىرىغا بارات، رامزان ئېيىدا تۇغۇلغان بالىلىرىغا رامزان، روزى، رەجەپ ئېيىدا تۇغۇلغان بالىلىرىغا رەجەپ، ھېيت كۈنى تۇغۇلغان بالىلىرىغا قۇربان، روزى، ھېيت، ھېيتەم، ھېيتئاخۇن دېگەندەك ئىسىملارنى قويغان.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدە ئەرەبلەرگە ئوخشاش دىنىي تۈس ئالغان ئىسىملاردىن باشقا پارسچە ئىسىملارنى قويۇشمۇ خېلى ئومۇملاشقان. مەسىلەن، بەختىگۈل، بەختىيار، پەرمان، پولات، ئەختەر (يۇلتۇز)، باھادىر (باتۇر)، پەرىزات، بۇزرۇكۋار (ئۇلۇغ) قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلاردا ئۇزۇن مۇددەت پەرزەنت يۈزى كۆرمەي، كېيىنچە بالىلىق بولغان كىشىلەر، بالىلىرىنى ئەتىۋارلاش ئارزۇسى بويىچە پەرزەنت ئاتا قىلغان تەڭرىگە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن بالىلىرىغا ئىگەمبەردى، خۇدابەردى، تويى بولدى دېگەندەك ئىسىملارنى قويغان. ئۇنىڭدىن باشقا بالىسى تۇغۇلغاندا

تۇغۇشى تەس بولغان ياكى ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان پەرزەنتلىرىگە يادىكار، غېرىپ، ئاسان دېگەندەك ئىسىملارنى قويغان.

رىۋايەتلەردىكى ئاشىق ـ مەشۇقلار ۋە رېئال ياشاپ ئۆتكەن پاك مۇھەببەت ئۇچۇن كۈرەش قىلغان مۇھەببەت ئىگىلىرىنىڭ قەيسەرلىكى، ۋاپادارلىقى، گۈزەللىكىدىن ئىستىنتىك زوق ئالغان ئۇيغۇر خەلقى ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ۋاپادار، قەيسەر چوڭ بولۇشى، شۇلاردەك قەلبىنى پاك ـ مۇھەببەت بىلەن سۇغۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى قويغان. مەسىلەن، مەسئۇد، دىلئارام، رابىيە، سەئىدىن، پەرھات، شېرىن، گۈلنىسا، سەنەم، لەيلىگۈل، زۇلەيخا قاتارلىقلار.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بولۇپمۇ قىز پەرزەنتلىرىنىڭ چىرايلىق، ئەخلاقلىق چوڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ، تەبىئەتتىكى گۈزەل شەيئى ـ نەرسىلەرنىڭ ناملىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاش ياكى ئىسمىغا قوشۇپ چاقىرىش ئادىتى بار. مەسىلەن، گۈلى، گۈلشەن، گۈلزار، گۈلبوستان، گۈلئايشەم، گۈلنار، گۈلجەملە، گۈلمەرەم، ئاي، ئايپاشا، خۇرسەنئاي، ئەركىنئاي، گۈلجەننەت، مايسىخان، ئالمىخان، ئەلانۇر، غۇنچە، ئايجامال، ئايپاتىمە، تۇرسۇنئاي، نۇرگۈل، گۈلنۇر، نۇرجامال، نۇرئامىنە، ئاينۇر، شەمشىنۇر، قەلبىنۇر، جاھاننۇر قاتارلىقلار.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىلىم ئەھلىلىرىنى، جامائەت ئەربابلىرىنى ھۆرمەتلەش، خەلقنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاققان مەشھۇر شەخسلەرگە چوقۇنۇش، ئۇلارنى ئەسلەش، ئۆزلىرى ئۇچۇن ئۈرنەك قىلىشنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بىر تەرىپىگە ئايلاندۇرغان، شۇڭا پەرزەنتلىرىنىڭمۇ شۇ شەخسلەردەك بولۇپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇبارەك نام ـ تەخەللۇسلىرىنى پەرزەنتلىرىگە ئىسىم ئورنىدا قويغان. مەھمۇد (مەھمۇد قەشقىرى)، ئامانىساخان، نادىرە (شائىرە نادىرە) ئەلشىر (نەۋائى)، ئۆتكۈر، لۇتپۇللا، ئابدۇخالىق قاتارلىقلار.

ئازادلىقتىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ئەمەلىي تۇرمۇش مۇھىتىدا يېڭىچە ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ يۇرتىمىز يېڭى ئازاد بولغان مەزگىللەردە تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەت ۋە ئىسلاھاتلارنىڭ كۆپرەك ئېلىپ بېرىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادەتلىرىگە مەلۇم تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. كىشىلەر ئارىسىدا پەرزەنتلىرىگە ئازات، ھۆرىيەت، ئەركىن دېگەن ئىسىملارنى؛ ئىسلاھات، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش مەزگىللىرىدە دولقۇن، غەيرەت، ئۆركىش؛ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىللىرىدە، مەدەنىيەت، ئۇچقۇن، يالقۇن، كۈرەش، قەيسەر، جۈرئەت، ئەزىمەت دېگەندەك ئىسىملارنى قويغان.

1980 ـ يىللاردىن كېيىنكى يېڭى دەۋر ئۇيغۇرلار ھاياتىغا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە جانلىنىش ئاتا قىلدى. پەن ـ مەدەنىيەت ۋە ئىچكى ـ تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇپ، يېڭى سەھىپىلەرنى ئاچتى. ھەممە پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويۇشقىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، مەنىلىك، يېقىملىق، چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان ئىسىملارنى قويۇشقا يۈزلەندى. پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسىنىڭ پارلاق، بەختلىك بولۇشىنى، ئەل ـ يۇرت بىلەن ئۇم ـ ئىناق ئۆتۈپ، ۋەتەن ـ مىللەتكە كۆيۈمچان بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئارزۇ قىلىپ بەختىيار، راھەت، سائادەت، ئىليار، مۇرات، توتىيار، سالامەت، خۇشدىل، ئەسەت، قۇتلۇق، قۇتيار، يارقۇت، ئەلقۇت سادافەت دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشقا باشلىدى.

بۇ دەۋردىكى بىر بۆلەك ئىسىملاردا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئىنتىلىش، توغرا يولدا مېڭىش، مەدەنىيەتنى سۆيۈش ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنى، ئىقتىدارنى ئۇلۇغلاش خاھىشى ۋە روھى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ئالىم، ئىلمنۇر، ئىرپان، مەرىپەت، مەدەنىيەت، مەدىنەئاي، ئىرشات، ئاقىل، ھېكمەت قاتارلىقلار.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلاردا يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىپادىلەش، جەمئىيەتنىڭ پاراۋان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش خاھىشلىرى ئاساسىدا ئېنىكلىق قاراشلىرىدىكى مۇھىم تەرەپ

ۋە نۇقتىلارنى پەرزەنتلىرىگە ئىسىم ئورنىدا قويۇش ئادىتىمۇ شەكىللەنگەن. مەسىلەن، ئادىل، مېھرىبان، ئادالەت، رەپقەت، مېھرىگۈل، مۇھەببەت، ئېھسان، رەھىمە، زەمىر (ۋىجدان) قاتارلىقلار.

يەنە ئانا يۇرتنى سۆيۈش، تىنچلىق، ئەمىنلىك (خاتىرجەملىك)، پەخىرلىنىش، پەرزەنتكە بولغان ئامراقلىق ۋە كۆيۈنۈش قاتارلىق مەزمۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئامىللارنى ئىسىم ئورنىدا قويۇش ئادىتىمۇ شەكىللەنگەن. مەسىلەن، زېمىنجان، سەلىمە (تىنچلىق) ئامان، ئىپتىخار (پەخىرلىنىمەك) سالام (تىنچلىق)، نىجات، ناۋاتخان، ھۆرىگۈل، ئالمىرە قاتارلىقلار.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخى مابەينىدە، شۇ دەۋرلەردىكى ئۆزگىرىشلەر، يېڭىلىقلارغا ماس ھالدا ئۆزىگە خاس بەلگىلىك مىللى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىسىم قويۇش ئادىتىنى شەكىللەندۇرگەن. ئىسىم قويۇش ئادىتى پۈتكۈل كائىنات جۈملىدىن ئاسمان جىسىملىرى، تەبىئەت ھادىسىلىرى، ئىجتىمائىي ھادىسىلەر، كىشىلىك ھاياتنىڭ پۈتكۈل قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرگەن بولۇپ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى سەرگۈزەشتىسى، ھاياتىنى بىلگىلى بولىدۇ.


**پايدىلانمىلار:**

① مۇتەللىپ سىدىقنىڭ «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى قوللانمىسى»

② «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»

③«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»

④«ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى» غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتوتى 1990 - يىل 4 - سان

⑤«ئادەم ئىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» تىل ۋە تەتقىقات ژۇرنىلىنىڭ 92 - يىل 1 - سان



(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)


تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

# قايدا سەن ھەببۇللا قەدرىڭ ئۆتتى بۆلەكچىلا

قاسىم خوجا

*( بۇ ماقالامنى تۇرپانشۇناس ۋە ئۇيغۇرشۇناس ھەببۇللا خوجا لەمجىنىنىڭ ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىغا بېغىشلايمەن )*

كۆزگە كۆرۈنگەن تۇرپانشۇناس ۋە ئۇيغۇرشۇناس ھەببۇللا خوجا لەمجىنى ئاشقازان كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ، تېببى داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 2007 - يىلى 12 - يانۋار ئۈرۈمچىدە بەختكە قارشى 55 يېشىدا ۋاپات بولدى. بۇ مۇدھىش قازا شۇئان ھەببۇللا خوجىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى، ئۇرۇق - جەمەتلىرىنى قەدىناس يارۇ - بۇرادەرلىرىنى ۋە خىزمەتداشلىرىنى قايغۇ - مۇسىبەت قاينىمىغا غەرق قىلىۋەتتى. ھەببۇللا خوجىنىڭ ۋاپاتى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شۇنداقلا تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات جەمئىيىتى ئۈچۈن چوڭ بىر يوقىتىشتۇر. بىز ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى ھەببۇللا خوجىنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپات بولغانلىقىغا قاتتىق ئېچىنىمىز ۋە چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز.

كومپارتىيە ئەزاسى، كاندىدات تەتقىقاتچى ھەببۇللا خوجا لەمجىنى ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دىن تەتقىقات ئىنستىتوتىدا ئىشلەيتتى. ھەببۇللا خوجا 1952 - يىلى 10 - ئايدا پىچان ناھىيىسىگە قاراشلىق لەمجىن يېزىسىنىڭ بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. پىچان ناھىيىسى تەۋەسىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى ۋە تولۇقسىز ھەم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئوقۇپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1978 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكولتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1983 - يىل 7 - ئايدا ئۇنىۋېرسىتېتنى باكلاۋىرلىق ئىلمى ئۇنۋانى بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. 1983 - يىلى 8 - ئايدىن 1993 - يىلى 12 - ئايغا قەدەر «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن ۋە بۇ مەزگىلدە ئاكادېمىيە رەھبەرلىكىنىڭ قارارى بويىچە تارىخشۇناس ئالىم ئۇيغۇر سايرانى (ئاكادېمىيىنىڭ سابىق رەھبىرى) غا تەتقىقات ياردەمچىسى بولغان.

تارىخشۇناس ئۇيغۇر سايرانىغا تەتقىقات ياردەمچىسى بولغان ھەببۇللا خوجا بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر سايرانىنىڭ تەرجىمە - تەتقىقات ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئالىمنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر تارىخ بىلىمى، تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش تەجرىبىسىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن. ھەببۇللانىڭ ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ جەريان ئۇنىڭ ئۈچۈن گويا تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە تېخىمۇ ئەتراپلىق بىلىم ئالغان ئىككىنچى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇش جەريانى بولغان.

ئۇيغۇر سايرانى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغان «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېرىكلىرى»، «9 - 12 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، «11 - 14 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى»، «ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» قاتارلىق كىتابلارنىڭ تەرجىمە - تەھرىرلىك ئىشلىرىغا ھەببۇللا خوجا باشتىن - ئاخىر ياردەملىشىپ، بۇ كىتابلارنىڭ سۈپەتلىك نەشر قىلىنىشىغا ھەسسە قوشقان. يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، ھەببۇللا خوجا يەنە ئۇيغۇر سايرانىغا ياردەملىشىپ «بىر قىسىم شەرقشۇناس - ئۇيغۇرشۇناس ئالىملارنىڭ ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى» ناملىق ماتېرىياللار توپلىمىنى تەييارلىغان.

ئاكادېمىيە رەھبەرلىكىنىڭ قارارى بويىچە، 1994 - يىلى 1 - ئايدا ھەببۇللا خوجانىڭ خىزمىتى دىن تەتقىقات ئىنستىتوتىغا يۆتكەلگەن.

ھەببۇللا خوجا 2003 ـ يىلى 5 ـ ئايغا قەدەر دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1996 ـ يىلى، يەنە تەتقىقات جەھەتتىكى مول نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، ھەببۇللا خوجىغا كاندىدات تەتقىقاتچى دېگەن كەسپىي ئۇنۋان بېرىلگەن.

ھەببۇللا خوجا لەمجىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆزى تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن ئىختىساسلىق ۋە مول ھوسۇللۇق مىللىي تەتقىقاتچىلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيانقى قىسقىغىنە 20 نەچچە يىل داۋامىدا ھەببۇللا تەشكىلىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە يېتەكچى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ تەربىيىسىدە ھەم ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە تېز ئالغا بېسىپ، كۆپلىگەن تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ ئېلان قىلغان. ھەببۇللا ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئۆگەنگەن تارىخ كەسپىنى ئاساس قىلغان ھالدا مىللەت، دىن، ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، تىل ـ يېزىق ۋە سەنئەت قاتارلىق ساھەلەر بويىچە يۈزلىگەن ئىلمىي ماقالىلارنى يېزىپ، ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدىكى ۋە مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ۋە مەجمۇئەلەردە داۋاملىق ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق ۋە تۇرپانشۇناسلىققا دائىر ماقالىلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى خېلىلا يۇقىرى بولغان، ھەببۇللانىڭ بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلىرى ئالاقىدار ئورگانلار ۋە مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن ئىجابىي باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان. بۇنىڭ بىلەن ھەببۇللا خوجا لەمجىنىنىڭ نامى جەمئىيەتكە تەدرىجىي تونۇلۇشقا باشلىغان.

ھەببۇللا خوجا لەمجىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيىلىك كاتالوگى تۆۋەندىكىچە:

«ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە بولۇپ شەكىللىنىش مەسىلىسى ھەققىدە»
(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى». ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى 1 ـ سان).

«ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى»
(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى 2 ـ سان).

«مەشھۇر خەنزۇشۇناس بىچۇرىن ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى»
(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى 4 ـ سان).

«گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ھەققىدە قىسقىچە بايان»
(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى 4 ـ سان).

«چەتئەللەردە غەربىي رايون ئارخېئولوگىيىسىنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى»
(«شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىلى 1 ـ سان).

«ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەردە شەرقشۇناسلىق، ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى»
(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1990ـ يىلى 2 ـ سان).

«ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى»
(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىلى 3 ـ سان).

«قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتى»
(«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990 ـ يىل 4 ـ سان).

«ھوڭگرىيىدە شەرقشۇناسلىق —— ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1990ـ يىل 4 ـ سان).

«ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قەدىمكى تۇرپان رايونىنىڭ توقۇمىچىلىق ئىشلىرىغا بىر نەزەر» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1991 ـ يىلى 2 ـ سان).

«پىچان ناھىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى («قۇرغاق رايون قوغراپىيىسى» ژۇرنىلى، 1991 ـ يىلى 3 ـ سان»).

«توخارىستان ۋە توخارلار توغرىسىدا ئىزدىنىش» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىلى 2 ـ سان).

«ساكلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ھەققىدە»
(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىلى 4 ـ سان).

«قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسى ۋە يۈەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىلى 2 ـ سان.

«تارىخشۇناس، جامائەت ئەربابى ئۇيغۇر سايرانى»
(«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىلى 2 ـ سان).

«جۇڭگو تارىخىدا تۈزۈلگەن بىر نەچچە ئاساسى قانۇن»
(«سىياسىي قانۇن ئۆگىنىش» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىلى 3 ـ سان).

«سوغدىيانا ۋە سوغدىلار» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىلى 4 ـ سان).

«شۈەنزاڭ ۋە ئۇنىڭ غەربىي رايونغا سەپىرى»
(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىلى 3 ـ سان).

«تۇرپان رايونىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مىقدارى مەسىلىسى» («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىلى 4 ـ سان).

«دىن بىلەن مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئۇيغۇنلىشىشىنىڭ ئاساسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىلى 2 ـ سان».

«روزا تۇتۇش ۋە روزا ھېيت» («جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىلى 3 ـ سان).

«مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت بىلەن دىنىي ئېتىقادنى توغرا پەرق ئېتىشكە ماھىر بولۇش كېرەك» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىل 3 ـ سان).

«نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش لازىم» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىل 3 ـ سان).

«ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىقنى قوغداپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشايلى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىل 3 ـ سان).

«تۇرپان رايونىنىڭ قەدىمكى دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى ھەققىدە» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل 3 ـ سان).

«ئۇيغۇرلارنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك تىپى مەسىلىسى» («جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات مەجمۇئەسى»
1 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشرى. «مەشھۇر تۈركشۇناس گابائىن ۋە قوچو ئۇيغۇر خانلىقى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىل 1 ـ سان).

«سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايلى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىلى 3 ـ سان).

«ئۇيغۇر مىللىتىنى ئېرق ۋە ئىنسانشۇناسلىق جەھەتتىن تەتقىق قىلىش» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىل 4 ـ سان)

«مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت بىلەن دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش، پارتىيىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىش ھەققىدە» («مىللەت ۋە دىن» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىل 1 ـ سان).

«ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2000 ـ يىلى 1 ـ سان).

«ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى» («شىنجاڭ گېزىتى»، 2000 ـ يىل 4 ـ فېۋرال).

«قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 2001 ـ يىل

2 ـ سان).

«قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى» («شىنجاڭ گېزىتى»، 2002 ـ يىل 7 ـ يانۋار).

«ماركسىزملىق دىن قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى توغرا ۋە ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلايلى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر» ژۇرنىلى، 2002 ـ يىل 1 ـ سان).

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر خاتىرىلەر ھەققىدە («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2002 ـ يىل 3 ـ سان).

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۆزدىن ئىشلەنگەن پۇلى «قامدۇ» توغرىسىدا. («شىنجاڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2003 ـ يىل، ئومۇمىي 37 ـ سان).

«قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنى مەدەنىيىتى ۔وغرىسىدا» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2003 ـ يىل 1 ـ سان).

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن قەدىمكى ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا بىر نەزەر («جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى»، 2003 ـ يىلى ئۆكتەبىر).

«ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ـ تىجارىتى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلىشى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىل 1 ـ 2 ـ سانلىرىدا).

«قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2005 ـ يىل 1 ـ سان).

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ئورنى ۋە قىممىتى («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىل 3 ـ سان).

«ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولى» («تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىل 1 ـ سان).

«خۇتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى» (ئابدۇرازاق سايىم، كۇرەش تاھىر، ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى، تۇرنىسا روزى، ئىلى غوپۇر ئاپتورلىقىدا، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2006 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى سانىدا بېسىلغان. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىل 3 ـ 4 ـ سانلىرىدا كۆچۈرۈپ بېسىلغان).

يۇقىرىقىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىدىن باشقا، ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنىنىڭ بەزى تەرجىمە ماقالىلىرىمۇ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان. مەسىلەن، «1918 ـ يىلدىن 1984 ـ يىللارغىچە ئۆزبېكىستاندا جۇڭگونىڭ تەتقىق قىلىنىشى» («ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىل 2 ـ سان).

بۇنىڭدىن باشقا، ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بەزى شەھەرلەردە ئېچىلغان ھەر دەرىجىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا كۆپ قېتىم قاتنىشىپ، ئىلىم ئالماشتۇرۇش ھەمدە ماقالە يېزىپ تاپشۇرۇش ئارقىلىقمۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقات سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ بارغان.

ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى تەتقىقات خىزمىتى جەريانىدا ماتېرىيال توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ ۋە خەنزۇچە سەۋىيىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، بۇ ئىككى جەھەتتە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان ھەمدە تەدرىجىي رەۋىشتە بۇ جەھەتلەردىكى ئاجىزلىقىنى ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرغان.

ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە ۋە مەملىكىتىمىز دائىرىسىدە بىر مۇنچە ھەر دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەرگە ئەزا بولغان ھەمدە بەزى ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ رەھبەرلىك تەركىۋىگە قاتناشقان. ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، جۇڭگو دىنشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىنشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، شىنجاڭ

مىللەتلەر تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ تارىخ تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ۋە مۇقام تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. ھەببۇللا بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرىگە پائال قاتنىشىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان.

ھەببۇللا خوجا لەمجىنى پەقەت ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىغىلا ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە بولۇپ قالماستىن، يەنە ئەدىبىيە - ئەخلاق، ئاممىۋى مۇناسىۋەت، باشقىلارغا كۆيۈنۈش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئېسىل پەزىلەتكە ئىگە ئىدى. بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە ھەببۇللانىڭ ياردەم قىلغانلىقىغا دائىر مۇنداق بىر ئىش مېنىڭ زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

2000 - يىلى 5 - ئاي مەزگىلى، تۇرپانلىق مەشھۇر شائىر، جامائەت ئەربابى رىشت مەخسۇت ئەپەندى كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 1 - شۆبە دوختۇرخانىسىدا بالنىستا يېتىپ داۋالىنىش جەريانىدا داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي بەختكە قارشى ۋاپات بولغان. رىشت مەخسۇتنىڭ تەسىرى چوڭ ئالىم كىشى ئىكەنلىكىنى ۋە شۇ تۇرقۇم يېنىدا ياردەملەشكىدەك ئادىمى يوقلىقىنى بىلگەن ھەببۇللا خوجا دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ رىشت مەخسۇتنىڭ تۇرپاندىكى ۋە ئۈرۈمچىدىكى ئائىلە - تەۋەلىرى ھەم ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا تېلېفون ئارقىلىق خەۋەر قىلىشتىن تارتىپ تاكى رىشت مەخسۇت جەسىتىنى ئاپتوموبىل بىلەن تۇرپانغا يەتكۈزۈپ دەپنە قىلغانغا قەدەر بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە باشتىن - ئاخىر قاتنىشىپ جان - دىلى بىلەن ياردەملەشكەن. رىشت مەخسۇتنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ۋە تۇرپاندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھەببۇللا خوجا لەمجىنىنىڭ بۇ خەير - خاھلىقىدىن چوڭقۇر مىننەتدار بولغان.

*ئۇيغۇر سايرانىنىڭ مەرھۇم ھەببۇللا خوجا ھەققىدە ئېيتقانلىرى*

ھەببۇللا خوجا لەمجىنىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئاتاقلىق تارىخشۇناس ئۇيغۇر سايرانىنىڭ بىۋاسىتە تەلىم - تەربىيىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مەن بۇ ماقالىنى يېزىشتا ئالدى بىلەن ئۇيغۇر سايرانىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ مەرھۇم ھەببۇللا ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈشنى زۆرۈر تاپتىم.

ھەببۇللا خوجىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا ئېچىنغان ئۇيغۇر سايرانى مۇنداق دېدى: «ھەببۇللانىڭ ۋاقىتسىز ۋاپات بولغانلىقىغا مەن بەكمۇ ئېچىنىمەن، چۈنكى بىرىنچىدىن، ھەببۇللا تېخى ياش ئىدى. ئىككىنچىدىن، ھەببۇللا بىلەن ئىككىمىز ئۇزاق يىللار بىرلىشىپ ئىشلەش جەريانىدا ئۆزئارا كۆڭۈلىمىز يېقىن بولۇپ قالغانىدى.»

ھەببۇللا خوجىنىڭ ئۆز خىزمىتىگە بەرگەن ياردىمى ھەققىدە ئۇيغۇر سايرانى مۇنداق دېدى: «ھەببۇللا مېنىڭ تەرجىمە - تەتقىقات ئىشلىرىمغا ئۇزاق يىللار ياردەملەشتى. نەشر قىلىنغان بىر مۇنچە ئەسەرلىرىمگە ھەببۇللانىڭ كۆپ قان - تەرى سىڭگەن.»

ھەببۇللا خوجىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە باھا بېرىپ ئۇيغۇر سايرانى مۇنداق دېدى: «ھەببۇللا مېنىڭ تەرجىمە - تەتقىقات ئىشلىرىمغا ياردەم قىلىش جەريانىدا، تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق كەسپىي جەھەتتە تېز ئىلگىرىلىدى. مەن ئۇنىڭ تەتقىقات ئىستىقبالى بارلىقىنى بايقاپ، ئۇنى نۇقتىلىق ھالدا تارىخ كەسپىي بويىچە تەربىيىلىدىم. بىلىمىم ۋە تەتقىقات تەجرىبىلىرىمنى، مول ماتېرىياللىرىمنى، ئىچكى - تاشقى تەتقىقات ئۇچۇرلىرىنى ھەببۇللادىن ھەرگىز ئايىمىدىم. تارىخ تەتقىقاتىدا خەنزۇچىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنىمۇ ھەببۇللاغا دائىم ئەسكەرتىپ تۇردۇم. تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ھەببۇللا ئاستا - ئاستا ئۆزى مۇستەقىل تەتقىقات ماقالىلىرىنى يازالايدىغان سەۋىيىگە ئىگە بولدى. كېيىنچە، ئۇنىڭ ئېلان قىلغان ماقالىلىرىنىڭ سانى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. ماقالىلىرىنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسىمۇ تەدرىجىي ئۆسۈشكە باشلىدى. ھەببۇللا يەنە خەنزۇچە ئۆگىنىشنى داۋاملىق چىڭ تۇتقانلىقتىن، يازغان ماقالىلىرىدا خەنزۇچە مەنبەلەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى بارغانسېرى ئاشتى».

ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىگە ياردەملەشكەن ھەببۇللانى ئەسلىگىنىدە، ئۇيغۇر سايرانى ھاياجان بىلەن مۇنداق دېدى: «ھەببۇللا مېنىڭ تەرجىمە - تەتقىقات ئىشلىرىمغا ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ 20 نەچچە يىل ياردەملەشتى. ھەببۇللا بىلەن ئىككىمىزنىڭ بىرلىشىپ ئىشلىگەن ئەڭ ئاخىرقى ئىشىمىز بارتولدنىڭ «تۈركىي خەلقلەر توغرىسىدا 12 لېكسىيە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدۇر. بۇ ئەسەرنى مەن رۇسچىدىن ئۇيغۇرچىگە ئاغزاكى تەرجىمە قىلدىم، ھەببۇللا يازدى، تەرجىمە تاماملانغاندىن كېيىن، ئىككىمىز سېلىشتۇرۇپ تەھرىرلىدۇق. ھەببۇللا يەنە بىر قېتىم كۆچۈرۈپ چىقىپ، 2006 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى - دە، قايتا ئۆرە بولالمىدى. «12 - لېكسىيە» نەشردىن چىقسا، ھەببۇللانىڭ ماڭا قالدۇرغان ئەڭ ئاخىرقى خاتىرىسى بولۇپ قالغۇسى.

مەرھۇم ھەببۇللانى مەتبۇئاتتا تونۇشتۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە ئۇيغۇر سايرانى مۇنداق دېدى: «ھەببۇللا خوجا لەمجىنىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى جەمئىيەتكە خەۋەر قىلىش، ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەتبۇئات ئارقىلىق جەمئىيەتكە تونۇشتۇرۇش كېرەك. مەرھۇم ھەببۇللا خوجا لەمجىنىنىڭ تارىخشۇناسلىق، ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بىلىم سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش روھى ھەمدە ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئاساسىدا مول تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يارىتىپ، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش روھى ياش ئەۋلادلارغا ئۈلگە بولۇپ قالغۇسى»

*ئاخىرقى سۆز:*

*مەزكۇر ماقالىنى يېزىشتا مەن «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئالىي مۇھەررىرى ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇقنىڭ تۈرتكىسى ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ھەمدە مەرھۇم ھەببۇللا خوجىنىڭ ئوغلى مۇزەپپەر ھەببۇللانىڭ كۆپ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىشىگە مۇيەسسەر بولدۇم، شۇ ۋەجىدىن بۇ ئىككى ئەپەندىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.*

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ياشانغان كادىرلار مەركىزىدىن)
تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

# قەدىمكى يىپەك يولىدا يېڭى ئېچىلغان بىر دەستە خۇشپۇراقلىق گۈل

— «تۇرپان تارىخى» ناملىق مەخسۇس ئەسەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش —

ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ، 90 ـ يىللىرىغا قەدەر تۇرپاننىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخى، ئارخېئولوگىيىسى، مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى قاتارلىقلار ھەققىدە سۆز بولغاندا، تۇرپاننىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تاش قۇراللار دەۋرى، ئارخېئولوگىيىسى، مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى قاتارلىقلاردىن ئېغىز ئېچىشقا مۇمكىن بولماي كەلگەن ئىدى. بۇنىڭ بىردىن بىر سەۋەبى باشقا ئەمەس، دەل ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارنىڭ كەملىكى ئىدى.

تارىخنىڭ دەۋر چاقى ئىلگىرىلەپ 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ، 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولدى. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدا تارىخىي بۆسۈش خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەت قولغا كەلدى. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدىن، جۈملىدىن تۇرپان رايونىدىن نەچچە يۈز پارچە تاش قورال مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرىنى تاپتى. نەق مەيداندا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش قىلىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەر بۇ يادىكارلىقلارنى ئىنچىكە كۆزىتىش، كۆپ تەرەپلىمە سېلىشتۇرۇش، ئەتراپلىق تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يار غولدا تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ يىل دەۋرى قەدىمكى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى، بۇ پاكىت تۇرپان رايونىدا ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ بۇنىڭدىن 20 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئىنسانلار ياشاپ، پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ دەپ يەكۈن چىقاردى①. تۇرپان رايونىدىن، شىنجاڭدىن قەدىمكى تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى يادىكارلىقىنىڭ تېپىلىشى تۇرپان ئارخېئولوگىيىسى تارىخىدىمۇ مىسلىسىز زور بايقاش ھېسابلىنىدۇ. مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى ۋە شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى ساھەسىدە شۇ كەمگىچە ھۆكۈمرۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن تۇرپان رايونىدا، شىنجاڭ رايونىدا قەدىمكى تاش قوراللار دەۋرىدە ئىنسانلار ياشىمىغان، تۇرپاننىڭ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخى قەدىمكى تاش قوراللار دەۋرىگە قەدەر يېتىپ بارالمايدۇ، تۇرپاننىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تاش قوراللار دەۋرى تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، دەيدىغان كۆز قاراشقا ئۈزۈل ـ كېسىل خاتىمە بېرىلدى. قىسقىسى، 1990 ـ يىللاردا يارغول قەدىمكى شەھىرى تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە شۇ ئاساستا ئېلىپ بىرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى تۇرپان ئويمانلىقىدا ئاز دېگەندىمۇ بۇنىڭدىن 20 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئەجداتلىرىمىزنىڭ ياشاپ، قەدىمكى تاش قوراللارنى ياساپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تىرىكچىلىك قىلىپ، قەدىمكى تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتىنى ياراتقانلىقىنى نامايەن قىلدى. بۇ تۇرپان ۋە شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدىكى غايەت زور بايقاش. يېقىندا «تۇرپان تارىخى» ناملىق مەخسۇس ئەسەرنىڭ بېشىدىلا يەنە بىر قېتىم ئېنىق قەيت قىلىپ ئۆتۈلدى.

2004 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن شىنجاڭ بويىچە شۇنداقلا مەملىكىتىمىز بويىچە نۇقتىلىق ئارخېئولوگىيىلىك رايونلارنىڭ ۋە مەملىكىتىمىز بويىچە قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان تۇرپاننىڭ قەدىمكى تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپ تاكى مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) غىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى قاتارلىقلار بىر قەدەر ئىلمىي ھالدا يورۇتۇپ بېرىلگەن مەخسۇس ئەسەر «تۇرپان تارىخى» نەشر قىلىندى. بۇ، مەملىكىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن، تۇرپاننىڭ ئومۇمىي تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بىر قەدەر يۇقىرى تەلەپ بويىچە كوللېكتىپ تەرىپىدىن يېزىلغان تۇنجى مەخسۇس ئەسەردۇر.

«تۇرپان تارىخى» نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى ۋە تارىخ پەنلىرىنىڭ دوكتورى تيەن ۋېيجاڭ ئەپەندىدۇر.

مەزكۇر كىتابنىڭ بېشىغا «تۇرپان تارىخى» تەھرىر

كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارى سۇڭ ئەيرۇڭ يېزىپ بەرگەن «سۆز بېشى» (4 بەت)، ئۇنىڭ كەينىگە «تۇرپان تارىخى» تەھرىر كومىتېتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، جۇڭگو دۇنخۇاڭ — تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى چېن گوشيەن ئەپەندى يېزىپ بەرگەن «مۇقەددىمە» (12 بەت)، ئاندىن مۇندەرىجە (6 بەت) بېرىلگەن. كىتابنىڭ باش قىسمىغا يەنە 24 پارچە قىممەتلىك رەڭلىك سۈرەت، كىتابنىڭ ئىچىگە تېكىستىنىڭ مەزمۇنىغا ماسلاشتۇرۇپ 60 نەچچە پارچە رەڭسىز قىستۇرما رەسىم؛ كىتابنىڭ ئاخىرىسىغا «چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» (16 بەت)، «خاتىمە» (3 بەت) بېرىلگەن.

«تۇرپان تارىخى» ناملىق كىتاب خەنزۇچە 420 مىڭ خەت بولۇپ، ھەجمى 584 بەت كېلىدۇ. مەزكۇر كىتابنىڭ مەزمۇن دائىرىسى تۇرپان رايونىنىڭ يىراق قەدىمكى زامان دەۋرىدىن، يەنى قەدىمكى تاش قوراللار دەۋرىدىن تاكى 1949 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي، سودا، مەدەنىيەت، سەنئەت ... قاتارلىق ئومۇمىي تارىخنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تارىخىي ھادىسە ۋە ۋەقەلىكلەر خرونولوگىيىلىك تەرتىپ بويىچە بايان قىلىنغان.

بۇ كىتاب تۆۋەندىكى باب — پاراگرافلاردىن تەركىب تاپقان:

1. باب «ئالدىنقى چىن دەۋرى». بەش پاراگراف: (1) «تۇرپاننىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسى»؛ (2) «تاش قوراللار دەۋرى»؛ (3) «مىس قۇراللار دەۋرى ۋە دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرى»؛ (4) «مەدەنىيەت ۋە ئىپتىدائىي دىن»؛ (5) «ئالدىنقى چىن دەۋرىدىكى تۇرپان بىلەن ئۇنىڭغا قوشنا رايونلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىلىرى».

2. باب «ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرى». تۆت پاراگراف: (1) «خەن سۇلالىسىنىڭ قوشلار (قائىقىڭلار) رايونىنى ئىدارە قىلىشى (قوشلار دەۋرى: ئىككى خەن سۇلالىسىنىڭ قائىقىڭلار رايونىنى تالىشىشى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى؛ ئالدى قوش پادىشاھلىقى ۋە ئۇنىڭ شەرقى خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى)»؛ (2) «خەن سۇلالىسىنىڭ تىركەك ۋە ئوتتۇرانچى تىركەك چېرىكچى تەسىس قىلىشى»؛ (3) «ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى» (جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى؛ يارغول شەھىرىنىڭ قۇرۇلمىسى؛ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە سىنىپلارنىڭ ئەھۋالى؛ يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى)؛ (4) «مەدەنىيەت ۋە دىن».

3. باب «ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر ۋە سۈي، تاڭ سۇلالىرى دەۋرى». بەش پاراگراف: (1) «قوچو ئايمىقىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئالدىنقى لياڭ بەگلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى (ئايماق بولۇپ قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى قوچو؛ قوچو ئايمىقىنىڭ تەسىس قىلىنىشى؛ ئالدىنقى لياڭنىڭ قوچو ئايمىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى)»؛ (2) «ئالدىنقى چىن، كېيىنكى لياڭ، غەربىي لياڭ، شىمالىي لياڭ، كەن شۇائىلارنىڭ قوچوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى» (ئالدىنقى چىن بەگلىكىنىڭ قوچو ئايمىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى؛ كېيىنكى لياڭ ۋە دۇەن جەمەتىنىڭ قوچو ئايمىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى؛ غەربىي لياڭنىڭ قوچو ئايمىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى؛ كۈي، چۈي جەمەتى ۋە شىمالىي لياڭنىڭ قوچو ئايمىقىغا ھۆكۈمرۇنلىق قىلىشى؛ كەن شۇائىنىڭ قوچو ئايمىقىغا ھۆكۈمرۇنلىق قىلىشى)؛ (3) «قوچو دۆلىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە مۇنقەرز بولۇشى» (قوچو دۆلىتىنىڭ شەكىللىنىشى، كۈي، چۈي، كەن، جاڭ، ما ... جەمەتلىرى دەۋرىدىكى قوچو دۆلىتى، ئەمەل - مەنسەپ تۈزۈمى ۋە قوچو دۆلىتىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى؛ قوچو دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادى)؛ (4) «يىپەك يولى ۋە قوچو» (يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى قوچو؛ قوچونىڭ شەرق - غەرپ سودىسىدا تۇتقان ئورنى؛ ھۆججەتلەردە ئۇچرايدىغان ئەلچىلىكلەر ۋە ئەلچى مەھكىمىلىرى؛ قوچودىكى سوغدىلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ماكانلىششى)؛ (5) «مەدەنىيەت ۋە سەنئەت» (قوچودىكى خەنزۇ مەدەنىيتى؛ قوچودىكى بۇددا مەدەنىيتى، قوچودىكى زوروئاستىر مەدەنىيتى؛ قوچونىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر مەدەنىيتى).

4. باب «تاڭ سۇلالىسى دەۋرى». ئالتە پاراگراف: (1) «غەربىي ئوبلاست، غەربىي ئوبلاست تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى» (غەربىي ئوبلاست ۋە ئەنشى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى؛ تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە غەربىي ئوبلاست تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى)؛ (2) «غەربىي ئوبلاستنىڭ ھەربىي — سىياسىي جەھەتتىكى تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە غەربىي يۇرتنىڭ چېگرا مۇداپىئەسى» (ئەنشى [چوڭ] تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى غەربىي ئوبلاست، بېتىك، ئېۋىرغول، غەربىي ئوبلاست باسقاق مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى غەربىي ئوبلاست)؛ (3) «ئۆتكۈلۈك — سۆيگىن توپىلىڭىدىن كېيىنكى غەربىي ئوبلاست» (قوۋۇقتىن ئۆتۈپ، پادىشاھنى قوللاش ۋە ئۈچ يولدا بىرلەشمە مۇداپىئە كۆرۈش؛ غەربىي

ئوبلاستىنىڭ قولدىن كېتىشى)؛ (4) «غەربىي ئوبلاستنى ھەربىي — مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش سىستېمىسى ۋە قاتناش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش» (غەربىي ئوبلاست ۋە غەربىي ئوبلاست تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ھەربىي — سىياسىي باشقۇرۇش سىستېمىسى؛ غەربىي ئوبلاستىنىڭ قاتناش ئىشلىرى)؛ (5) «غەربىي ئوبلاستىنىڭ ئىقتىسادى» (نوپۇسقا قاراپ يەر تەقسىملەش ۋە ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش؛ يېزا ئىگىلىكى، سۇ ئىنشائاتى ۋە سۇغىرىش ئىشلىرى؛ قول سانائەت ۋە سودا)؛ (6) «خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان كۆپ خىل مەدەنىيەت» (كۇڭزىچىلىقنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشى؛ خەنزۇ بۇددا دىنى؛ كالىندارچىلىق ۋە تىبابەت؛ قۇرۇلۇش بىناكارلىق ۋە سەنئەت).

5. باب «بەش دەۋر، لياۋ، سۇڭ، جىن ۋە يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرى». تۆت پاراگراف: (1) «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، بەش دەۋر مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قوچو رايونىدىكى پائالىيىتى ۋە نەتىجىسى» (ئۇيغۇرلارنىڭ غەرپكە كۆچۈشى ۋە مەئىلىك تېگىنىنىڭ ئەنشى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلىشى؛ بۆگۈ جەمەتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى)؛ (2) «لياۋ، سۇڭ، جىن دەۋرلىرىدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرى» (قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئالاقىلىرى؛ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرى؛ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ لياۋ سۇلالىسىغا تەۋە بولۇشى)؛ (3) «موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئۇيغۇر قوچو ھاكىمىيىتى» (غەربىي لياۋ سۇلالىسىدىن قۇتۇلۇپ، موڭغۇللارغا قارام بولۇشى؛ موڭغۇل خانلىقى ۋە يۈەن سۇلال...نىڭ ئۇيغۇرىيەنى ئۆزىگە ھەربىي — مەمۇرىي جەھەتتىن قاراشلىق قىلىشى؛ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرى خان جەمەتىنىڭ شەرققە يۇڭچاڭغا كۆچۈشى؛ كېيىنكى ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرى ھاكىمىيىتى دەۋرى)؛ (4) «جەمئىيەت ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت — سەنئەت» (جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى؛ دىنىي تۇرمۇش؛ تىل-يېزىق؛ ئەدەبىيات، سەنئەت ۋە باشقىلار).

6. باب «مىڭ سۇلالىسى دەۋرى». ئۈچ پاراگراف: (1) «چاغاتاي ئۇرۇغ — ئەۋلاتلىرىنىڭ تۇرپاننى تالىشىشى» (چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىش؛ چىن جېڭنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى تۇرپان؛ ئۇۋەيس خان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تىزگىنلىشى)؛ (2) «تۇرپان بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى» (ئەلى [يۇنۇس] ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تۇرپان؛ ئەھمەد، مەنسۇرلارنىڭ قومۇلنى تالىشىشى؛ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ تۇرپاننى ئىدارە قىلىشى)؛ (3) «جەمئىيەت ئىقتىسادى ۋە دىن — مەدەنىيەت» (جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى؛ تۇرپان بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ سودا ئالاقىسى؛ دىنىدىكى ئۆزگىرىشلەر).

7. باب «چىڭ سۇلالىسى دەۋرى». تۆت پاراگراف: (1) «چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى چاغاتاي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تۇرپان» (مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى تۇرپاندىكى چاغاتاي ئەۋلادلىرى؛ چاغاتاي ئەۋلادلىرى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى)؛ (2) «چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدىكى تۇرپان» (چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغارلارنىڭ تۇرپاننى تالىشىشى؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇرپان رايونىدا ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ تىكلىنىشى؛ ئىمىن خوجا جەمەتى كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى)؛ (3) «چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇرپان رايونىنى ئىدارە قىلىشى» (شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى؛ شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇغاندىن كېيىنكى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى)؛ (4) «جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالى» (جەمئىيەت ئىقتىسادى، مەدەنىي ھايات).

8. باب «مىنگو دەۋرى». بەش پاراگراف: (1) «جەمئىيەت سىياسى (بېيجىڭ ھۆكۈمىتى مەزگىلى)» (مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ئۆزگىرىشى؛ ئاستانە — قارا غوجا ئاممىسىنىڭ پادىشاھ ئورنىسىغا قارشى كۈرەشلىرى؛ فېئودال كۈچلەرنىڭ يۈەن شىكەينى ھىمايە قىلىپ تىرىلدۈرۈشى؛ مەمۇرىيەتنى تەرتىپكە سېلىش، ئەدلىيەنىڭ ئۆزگىرىشى - ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى قوغداش)؛ (2) «جەمئىيەت ئىقتىسادى (نەنجىڭ ھۆكۈمىتى مەزگىلى)» (نەنجىڭ گومىن ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولۇش؛ تۇرپان ۋەقەسى؛ ما جۇڭيىڭنىڭ تۇرپانغا كىرىشى؛ شىڭ سىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرۇشى؛ تۇرپان — پىچان — توقسۇندىكى قوراللىق قوزغىلاڭ؛ تىنچلىق قوزغىلىڭى ۋە توپىلاڭنى تىنجىتىش ھەرىكىتى)؛ (3) «ئىجتىمائىي تۇرمۇش» (يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەگرى - توقايلىقلىرى ئىچىدە تەرەققىي قىلىشى، سانائەت، قاتناش، پوچتا - تېلېگراف ساھەسىدىكى يېڭى ئامىللار؛ تاشقى سودا ئىمتىيازى ۋە مەزكۇر رايوننىڭ سودا ئىشلىرى؛ مالىيە

ئوبوروت ئەھۋالى، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى بۆلۈنۈش)؛ (4) «مەدەنىيەت ـــ سەنئەت» (كونىچە ئوقۇتۇشتىن يېڭىچە ئوقۇتۇشقا ئۆتۈش مەزگىلىدىكى مائارىپ ئىشلىرى؛ خاسلىققا ئىگە يەرلىك مەدەنىيەت؛ ئاھما ئىچىدىكى دىنىي پائالىيەتلەر؛ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە داۋالاش سەھىيە ئەھۋالى)؛ (5) «قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ ئوغۇرلۇقچە قېزىلىشى ۋە تارقىلىپ كېتىشى» (كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى ئوغۇرلۇقچە قېزىشى ۋە ھەر قايسى ئەللەرنىڭ تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساقلاش ۋە تەتقىق قىلىش ئەھۋالى؛ ئېلىمىزنىڭ تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىش ۋە رەتلەش ئەھۋالى).

باب ـــ پاراگرافلار ئارىسىدىكى كىچىك تېمىلار، ئومۇمەن «تۇرپان تارىخى» نى بايان قىلىش، مەزمۇنىنى چۈشىنىش ۋە كىتابنىڭ ئوقۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە زور ۋە مۇھىم رول ئوينايدۇ ③.

«تۇرپان تارىخى» ناملىق مەخسۇس ئەسەر تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە رەھبەرلەرنىڭ غەمخورلۇقى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، شۇنداقلا ئۇزۇندىن بېرى شىنجاڭنىڭ تارىخ، ئارخېئولوگىيىسى، مىللەتلەر، دىن، تىل - يېزىق، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت - سەنئەت تەتقىقاتى، قەدىمكى تۇرپان ھۆججەتلىرى تەتقىقاتى ۋە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بىر تۈركۈم ئالىم ـــ مۇتەخەسسىلەرنىڭ زور تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا يېزىلىپ نەشردىن چىقتى.

كىتاب تارىخىي ماتېرىيالىزملىق مەيدان، نۇقتىئى نەزەر، مېتودولوگىيىدە چىڭ تۇرغان ھالدا، تارىخقا ھۆرمەت قىلىپ ئوبيېكتىپ ئىپادىلەش، مەزمۇنى ساغلام، توغرا، ئىلمىي ۋە ئاممىباپ بولۇش، تارىخنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولغان بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۇيۇشۇشچانلىقتىن ئىبارەت ئاساسىي لىنىيىنى گەۋدىلەندۈرۈش، تۇرپان ۋە شىنجاڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن چوڭ - چوڭ سىياسىي، تارىخىي ۋەقەلەرگە ئوبيېكتىپ ئادىل باھا بېرىش، كونكرېت مەسىلىلەرنى كونكرېت تەھلىل قىلىش، تۇرپاننىڭ، شىنجاڭنىڭ ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى تۇرپاندا، شىنجاڭدا ۋە مەملىكىتىمىزدە ياشىغان ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقان دېگەن توغرا تارىخىي قاراشنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخ مابەينىدە ياراتقان پارلاق، مول ماددىي مەدەنىيىتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىگە سۆيۈندۈرۈپ، يۇرت - ماكانىنى ۋە جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك مىزان ئاساسىدا، ماركسىزملىق دۆلەت، مىللەت، تارىخ، دىن مەدەنىيەت قارىشىغا مۇۋاپىق يېزىلغان.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، «تۇرپان تارىخى» ماتېرىيال ئاساسى مول ۋە ئىشەنچلىك، مەزمۇن ۋە نۇقتىئىنەزەرى توغرا، ئىلمىي ۋە ئاممىباب ئوقۇشچانلىقىغا ئىگە، بىر قەدەر يۇقىرى تەلەپ ۋە پرىنسىپلار ئاساسىدا يېزىلغان، تۇرپان تارىخى بويىچە ھۇشۇ كەمگىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بوشلۇقنى تولدۇرغان تۇنجى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

«تۇرپان تارىخى» نى يېزىشقا قەلەم تەۋرەتكۈچى ئىلمىي خادىملار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ، 2 ـ بابلارنى يېزىشقا قەلەم تەۋرەتكۈچى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ـ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقات ئورنىدىن مۇئاۋىن تەتقىقاتچى لىيۇ شۆتاڭ؛

3 ـ ، 5 ـ بابلارغا قەلەم تەۋرەتكۈچى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن دوتسېنت، شې شىنرۇڭ؛

4 ـ بابقا قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىدىن تەتقىقاتچى شۆ زۇڭجېن؛

5 ـ بابقا قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى ۋە دوكتور تيەن ۋېيجاڭ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن تەتقىقاتچىسى ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى؛

6 ـ باب، «چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ۋە «خاتىمە» گە قەلەم تەۋرەتكۈچى تيەن ۋېيجاڭ؛

7 ـ بابقا قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدىن تەتقىقاتچى چى چىڭسۇن؛

8 ـ بابقا قەلەم تەۋرەتكۈچى شىنجاڭ تەزكىرە كومىتېتىدىن جۇڭ شىڭچى قاتارلىق يولداشلار ④.

بۇنىڭدىن 20 مىڭ يىللار ئىلگىرى، يىراق ئەجدادلىرىمىز ياشاپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان قەدىمكى تۇرپان بوستانلىقى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، جۇڭگودىن تارتىپ چەت ئەلگىچە تۈرلۈك مىللەت كىشىلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلب قىلىپ كېلىۋاتقان كارامەت سېھرىي

كۆچكە ئىگە تولىمۇ ئاجايىپ بىر گۆھەر زېمىن.

ھېيران قالارلىق ھاۋا كېلىماتى، كېسەللەرنىڭ قۇمدا شىپالىنىشى، سېھىرلىك «يالقۇنتاغ»، دۇنيا بويىچە قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ پەس ئويمانلىق «ئايدىڭكۆل»، ئېلىمىزدىكى «ئۇلۇغ سېپىل»، مىسىردىكى «ئەلئېھرام» لار بىلەن تەڭ قاتاردا تۇرىدىغان پەۋقۇلئاددە ئىختىرا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى كارىز، بىناكارلىقتىكى مۆجىزە 3000 يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە «تەبىئىي سېپىللىق» يارغول قەدىمكى شەھىرى، «ئىدىقۇت شەھىرى»، «دەقيانۇس شەھىرى» دەپ ئاتىلىدىغان 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ۋە ئىتالىيىدىكى دۇنياغا مەشھۇر پومپېي شەھىرىدىن قېلىشمايدىغان «قوچو شەھىرى» ھەمدە سۇلايمان خوجا مۇنارى، چۈنجە، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر «يەر ئاستى مۇزېيى» ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقى، سەنئەت باغچىسى بېزەكلىك، داڭلىق سەيلىگاھ بۇلىيۇق قاتارلىق تۇرپان ۋادىسىنى تېخىمۇ سېھرىي كۆچكە ئىگە قىلىپ كىشىلەرنى ئۆزىگە تەلپۈندۈرۈپ كەلمەكتە.

تۇرپان ئاللىكىملەر ئېيتقان «غېرىبانە تۇرپان» ئەمەس، بەلكى تارىختىن بۇيان ئادەملىرىنىڭ مەنۋىيىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئىگىلىك ـ ئىقتىسادى روناق تاپقان، ئىلىم ـ ئېرپان، ھۈنەر ـ سەنئىتى ياشناپ تۇرغان، پارلاق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى چاقناپ تۇرغان بىر گۆھەر زېمىن.

تۇرپان كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ قەنت تېمىپ تۇرىدىغان كىشمىش ئۈزۈمىگە بىر مەرتىۋە سۆيۈندۈرسە، ئۇزاق تارىخقا، پارلاق مەدەنىيىتى، سەنئىتىگە ۋە قوينىدا ساقلانغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەم ئاسار ـ ئەتىقىلىرىگە مىڭ مەرتىۋە سۆيۈندۈرىدۇ. تۇرپان ـ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر گۆھەر زېمىنى. تۇرپان ـ يىپەك يولىدىكى بىر مەرۋايىت. تۇرپان ـ ئۇ ئۆزىنىڭ ياراتقان بىھېساب ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى بىلەن دۇنياۋى ئىلىم ـ «تۇرپانشۇناسلىق» نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مۇقەددەس گۆھەر ماكان.

تۇرپان ـ ئۇ مەڭگۈ سۆيۈنۈپ ئېيتىلىدىغان قېرىماس ناخشا.

تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ۋە كەينى ـ كەينىدىن تېپىلىۋاتقان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار، يازما ۋە باسما ماتېرىياللار، سەنئەت بۇيۇملىرى، بۇ رايوندا ساقلىنىپ قالغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى، ئاسار ـ ئەتىقىلەر ۋە باشقىلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى، مەزمۇنىنىڭ كەڭ، چوڭقۇرلىقى، شەكلى، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتىكى قىممىتى يېقىنقى 200 يىل مابەينىدە دۇنيا ئىلىم ساھەسىنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلب قىلىپ، ئاخىرى دۇنياۋى ئىلىم «تۇرپانشۇناسلىق» ئىلىمىنى مەيدانغا چىقاردى. بۇ جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۇلۇغ ۋە زور غەلىبىسى. تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس ۋە باشقىلارغا ھەقىقىي مۇھەببەت باغلىغان بارلىق ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسىدۇر. «تۇرپان تارىخى» ناملىق مەخسۇس ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشى «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» نى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ تۇرپان تارىخى، مەدەنىيىتى، سەنئىتى قاتارلىقلارغا قىزىققۇچىلار ۋە ئۇنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

«تۇرپان تارىخى» بۈيۈك «يىپەك يولى» دا ئېچىلغان خۇشپۇراقلىق بىر دەستە گۈلگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ غۇنچىسى ۋە بەرگىسىدىن ئەلمىساقتىن بېرى بۇ قەدىمكى گۆھەر زېمىندا ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياراتقان قىممەتلىك مەدەنىيەت ـ سەنئەت دۇردانىلىرى تۆكۈلۈپ تۇرسا، خۇش ھىدىدىن گۆھەر زېمىن تۇرپانغا، ئۇلۇغ ئانا ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ئاتەش كەبى يالقۇنلاپ تۇرىدۇ.

جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ تارىخى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىيىتى، مەدەنىيىتى، سەنئىتى ... گە قىزىقىسىڭىز «تۇرپان تارىخى» نى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىڭ.

ئىزاھلار:

«1993 ـ، 1994 ـ يىللاردا يارغول قەدىمكى شەھىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتىن دوكلات»، خەنزۇچە، «شەرق» نەشرىياتى، 1998 ـ يىل؛ «تۇرپان تارىخى» خەنزۇچە، 4 ـ، 6 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىل

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچىسى ئىدى)

تەھرىرلىگۈچى: **ئابلىم قېيۇم**

نىيۇرۇجى

# تەيۋەندىكى ئۇيغۇر تەتقىقاتى

تەرجىمان: ياسىن بوساق

تەيۋەندىكى ئۇيغۇر تەتقىقاتى ئاساسلىق تەيۋەن ئىگىلىكىدىكى سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ چېگرا رايونلار سىياستى تەتقىقات ئورنىغا مەركەزلەشكەن. يېقىندا تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىسمىنى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنى دەپ ئۆزگەرتتى. ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ ئەمەس، مەسىلەنكى مەزگىللەردە ئابدۇللا تىمەن، لى فۇتوڭ قاتارلىق كىشىلەر ئىدى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاساسلىق لىۇيىتاڭ قاتارلىق كىشىلەر، يېقىنقى مەزگىللەردە ئاساسلىق لىن ئېنشيەن، بى چاڭپۇ، چېن چىڭلۇڭ قاتارلىق كىشىلەر ئۇيغۇر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانماقتا. تەيۋەندە نەشر قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى گەرچە تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك ئەسەرلەر بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىر قىسىم ئەسەرلەرنىڭ تەتقىقاتى بەلگىلىك دەرىجىدە چوڭقۇرلاشقان، ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئايرىم تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

**ئابدۇللا تىمەن** — شىنجاڭ غۇلجىدىن، ئۇيغۇر، كېيىن گومىنداڭغا ئەگىشىپ تەيۋەنگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. دەسلەپتە تەيۋەن ئىگىلىكىدىكى سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ چېگرا رايونلار سىياستى تەتقىقات ئورنىنىڭ پروفېسسورى بولغان، ھازىر تەيۋەننىڭ قانۇن تۈزۈش ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو چېگرا رايونلار سىياستى كېڭەشنىڭ كېڭەش باشلىقى، داڭلىق تەتقىقاتچى لىۇيىتاڭنىڭ ئۇستازى. ئابدۇللا تىمەن ئىلگىرى خەلق تەشكىلاتىنىڭ «شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنى» غا تەئەللۇق بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەرسلىكى لۇغىتىنى تەھرىرلەش كومىتېتىغا رىياسەتچىلىك قىلغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى: «ئۇيغۇرلارنىڭ مەنبەسى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا» («شىنجاڭ تەتقىقاتى» 1964-يىل، جۇڭگو چېگرا رايونلار تارىخ-ئەدەبىيات ئۇيۇشمىسى باسقان.)

لى فۇتوڭ — بۇ شەخسنىڭ تەرجىمىھالى-تەپسىلاتى ئېنىق ئەمەس، ئۇ تەيۋەنگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىشتىن ئىلگىرى ئۇيغۇر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەم بەزى ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. ئاساسلىقلىرى:

«تېلى ئۇلۇسى ئۇستىدە ئىزدىنىش» («شىنياڭ مۇزېيى ئىلمىي جەمئىيىتى توپلىمى» بىرىنچى نومۇر، 1947-يىل)، بۇ ماقالىدا تېلى ئۇلۇسىنىڭ شەكىللىنىشى ھەم ئولتۇراقلاشقان جايلىرى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بايان قىلىنغان. «ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ مەنبەسى ھەم ئۆزگىرىشى» (چېگرا سىياسى جامائەت پىكرى» 3-توپلام 5-سان، 1944-يىل) دېگەن ئەسىرىدە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ كېلىش مەنبەسى مەسىلىسى بايان قىلىنغان. لى فۇتوڭنىڭ تەيۋەندە ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن يازغان ئەڭ ئاساسلىق ئىلمىي ئەسىرى بولسا «ئۇيغۇرلار تارىخى» (ۋېن فېڭ نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتقان، 1963-يىل). بۇ ئەسىرى بىرقەدەر چوڭ مەخسۇس ئەسەر بولۇپ، شاشۆجۇن ۋە لەن ۋېنجېڭ ئەپەندىلەر ئىككى پارچە كىرىش سۆز يازغان. بۇ كىتاب جەمئىي توققۇز باب بولۇپ، 1.باب، ئۇيغۇر قەۋملىرى، بۇنىڭدا ئۇيغۇر نامى ھەم مەنبەسى، تەرەققىيات تارىخى، ئۇيغۇر ۋە تېلى ھەم ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بايان قىلىنىدۇ؛ 2. باب، ئۇيغۇرلارنىڭ چېگرا-زېمىنلىرى، بۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى زېمىنلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە سىرىق

ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىن ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ. 3.باب، شىمالىي چۆللۈك مەزگىللىرىدىكى ئۇيغۇرلار، بۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى شېئىر - ئەپسانىلىرى، كىچىك خانلىقلار ۋە دۆلەت ئەھۋالى، ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھالاك بولۇشى، ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا قەۋملەرنىڭ مۇناسىۋىتى (مەسىلەن، تۈرك، قىرغىز، سىرتاردۇش بىلەن شىرۋېيلار، خىتان ۋە تۇبۇت قاتارلىقلار) بايان قىلىنىدۇ. 4.باب، غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار، ئاساسلىق گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار، بەش سۇلالىلەر دەۋرىدىكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى، سۇڭ دەۋرىدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرى، سۇڭ، شىيا بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى، كۇسەن، ئۇدۇن، ئارسلان ئۇيغۇرلىرى، غەربىي لياۋ، موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى بايان قىلىنىدۇ. 5. باب، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرى بايان قىلىنىدۇ. 6. باب، كېيىنكى ئۇيغۇرلار، بۇنىڭدا ئاساسلىق قارلۇقلار، ئۇيغۇرلار ۋە سېرىق ئۇيغۇرلار بايان قىلىنىدۇ. 7. باب، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەل تۈزۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئىگىلىكى، بۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەل تۈزۈمىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئىقتىسادى ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ. 8. باب، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى. بۇنىڭدا ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان كۆپ خىل دىنلار، ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن يېزىقلار، سەنئەت ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىقلار بايان قىلىنىدۇ. 9. باب، خۇلاسە قىسمى، بۇنىڭدا ئۇيغۇر مىللىتى ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى بايان قىلىنىدۇ. كىتابنىڭ كەينىدە قوشۇمچە ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسى جەدۋىلى بار. بۇ كىتاب بەلگىلىك چوڭقۇرلۇقتىكى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، تەيۋەندىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ليۇيىتاڭ — جىياڭشى گەن شيەندىن بولۇپ، 1926 - يىلى تۇغۇلغان. تەيۋەن سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن، قانۇن كەسپىدە باكلاۋىرلىق ئۇنۋانى ئالغان، تەيۋەن سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ لىكتور، دوتسېنت، پروفېسسور، چېگرا رايونلار سىياسىي تەتقىقاتى ئورنىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، ھازىر بۇ تەتقىقات ئورنىنىڭ پروفېسسورى، ئۇ ئاساسلىق ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، داڭلىق ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تۆۋەندە ئاساسلىقلىرىدىن بىر نەچچىسىنى تونۇشتۇرىمىز.

1. «ئۇيغۇر تەتقىقاتى» بۇ ئۇنىڭ ماقالىلەر توپلىمى بولۇپ، 10 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن. ئۇلار: (1) «ئۇيغۇر نامى ۋە ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى تەتقىقات»؛ (2) «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى توغرىسىدىكى تەتقىقات»؛ (3) «شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى، نامى توغرىسىدىكى تەتقىقات»؛ (4) «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىشى توغرىسىدىكى تەتقىقات»؛ (5) «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا تەتققات»؛ (6) «بەگ تۈزۈمى توغرىسىدىكى تەتقىقات»؛ (7) «ئۇيغۇر ئات مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات»؛ (8) «ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتى ھەم ئۇنىڭ تەسىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات»؛ (9) «ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى - ئېتىقادى توغرىسىدىكى تەتقىقات»؛ (10) «ئۇيغۇر يېزىقى ھەم ئۇنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى تەتقىقات» دىن ئىبارەت.

2. «جۇڭگو چېگرا رايونلار مىللەتلەر تەتقىقاتى» (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى، تەيۋەن جۇڭخۇا كىتابچىلىق نەشرىياتى، 1979 - يىل)؛ بۇ كىتابتا قەدىمكى ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار تۆۋەندىكىچە بايان قىلىنغان. تۆتىنچى بۆلۈم، سەككىز باب، تۆتىنچى پاراگرافتىكى «دىڭلىڭلار»؛ بەشىنچى

پاراگرافتىكى «قاڭقىللار، تېلىلار»؛ بەشىنچى بۆلۈم 4. بابتىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ گۈللىنىشى، كۈچىيىشى ۋە غەربكە كۆچۈشى»؛ ئالتىنچى بۆلۈم. 6. بابتىكى «غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار»؛ يەتتىنچى بۆلۈم. 3. بابتىكى «ئۇيغۇرلار ۋە ئىسلام دىنى»؛ سەككىزىنچى بۆلۈم، 3. بابتىكى «تۈرك ئۇيغۇر مىللەت نەسەبى» قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

3. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» (جېجۇڭ كىتابچىلىقى، 1978 ـ يىل)، بۇ كىتاب تەيىپىدە 1980 ـ يىلى جۇڭشەن ئىلمىي ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ كىتاب 10. قىسىمدىن تۈزۈلگەن؛ 1) «مۇقەددىمە». 2) «ئۇيغۇر يېزىقى ھەم ئۇنىڭ تارىخى مەنبەسى»، 3) «ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىش جەريانى»، 4) «ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ھەم ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، 5) «ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ھەم ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى —— مورفولوگىيىسى توغرىسىدا»، 6) «ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ھەم ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى —— ئىسىملار توغرىسىدا»، 7) «سۈپەت»، 8) «ئالماش»، 9) «پېئىل»، 10) «رەۋىش»، «كەينى قوشۇلغۇچىلار»، «باغلىغۇچىلار»، «ئىملىق سۆزلەر» بايان قىلىنغان.

4. «(پادىشاھ ئۆزى بېكىتكەن غەربى يۇرت تەزكىرىسى)، ئىزاھات: (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى قىسمى)» (تەيۋەن سودا نەشرىياتى، 1984 ـ يىل)؛ ئاپتور بۇ كىتابتا خەنزۇ تىلىنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزىغا ئاساسەن، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب شىمالىدىكى يەر ـ نامىلىرى، تاغ نامىلىرى، دەريا ـ كۆل نامىلىرى قاتارلىق 413 تۈرك تىلىدىكى يەر ـ نامىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەمدە بىر ـ بىرلەپ ئىسپاتلاپ چىققان. ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە 40 تىن كۆپرەك ئادەم ئىسمىمۇ بار. بۇ تەتقىقات دۆلەت ئىچى سىرتىدىكى ئوخشاش خىلدىكى تەتقىقاتلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

5. «تۈرك ۋە ئۇيغۇر تەتقىقاتى» (جىلىڭ شى كىتابچىلىق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل)، بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ 20 يىل مابەينىدە ئېلان قىلغان 20 پارچە ماقالىسىنىڭ توپلىمى بولۇپ، پۈتۈن كىتاب 3 بۆلەكتىن تۈزۈلگەن. بىرىنچى بۆلىكى —— تارىخ. 1) «تۈرك خانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى توغرىسىدا تەتقىقات» 2) «ئوغۇزخان داستانىنىڭ پارچىسى توغرىسىدىكى تەتقىقات» 3) «ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشى توغرىسىدا مۇھاكىمە» 4) «ئۇيغۇر گېلى (葛勒可汗) خان توغرىسىدىكى تەتقىقات»، 5) ئۇيغۇرلار بىلەن لى تاڭ ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار توغرىسىدىكى تەتقىقات»، 6) «ئۆتلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭى ۋە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر بىرلەشمە قوشۇنى توغرىسىدا مۇھاكىمە»، 7) «تۇڭگانلارنىڭ تەۋەلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە»، «ئىككىنچى بۆلىكى —— ئەدەبىيات 1) «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى توغرىسىدا تولۇقلىما مۇنازىرە»، 2) «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى توغرىسىدا يەنە تولۇقلىما مۇنازىرە»، 3) «خەنزۇچە تەرجىمىدىكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى بېشبالىق توغرىسىدا»، 4) خەنزۇچە تەرجىمىدىكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى لى، لىق قوشۇمچىلىرى توغرىسىدا»، 5) «ئىككى دۆلەت ئارىلىقىدىكى چېگرا تەتقىقاتى»، 6) «چىڭگىزخانىنىڭ خانلىق نامى توغرىسىدا تەتقىقات»، 7) «قارا قورۇمنىڭ مەنە يەشمىسى توغرىسىدا»، 3. بۆلەك، ئىزاھات قىسمى. 1) «جۇنامىدىكى تۈركلەرنىڭ تەزكىرىسى ھەققىدە ئىزاھات»، 2) «سۈينامىدىكى تۈركلەر تەزكىرىسى ھەققىدە ئىزاھات»، 3) «يېڭى تاڭنامىدىكى تۈركلەر تەزكىرىسى ھەققىدە ئىزاھات»، 4) «سۈينامە غەربى تۈركلەر تەزكىرىسى ھەققىدە ئىزاھات»، 5) «يېڭى تاڭنامە غەربى تۈركلەر تەزكىرىسى ھەققىدە ئىزاھات»، 6) «يېڭى تاڭنامە ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى ھەققىدە ئىزاھات»، 7) ئىزاھات ئېنىقلىمىسىدىن ئىبارەت.

6. «تۈرك ۋە ئۇيغۇر مىللەتلىرى بىلەن خەنزۇ مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى

ئۇستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «فىلولوگىيە ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، ئۇۋىياگزىمەن ئەپەندى چىشۇخۇايەن ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى كومىتېتى باسمىسى، (لىيەنجىڭ نەشرىياتى كەسپىي شىركىتى باش سېتىش مەركىزى، 1988 ـ يىل 12 ـ ئاي)، بۇ ئەسەردە ئاپتور ئالدى بىلە خەنزۇ مىللىتى، تۈرك ۋە ئۇيغۇر مىللىتى توغرىسىدا چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ئاندىن، خەنزۇ مىللىتى بىلەن «تۈرك ۋە ئۇيغۇر مىللىتى» نىڭ مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس تاڭ (tang) ــــ (旦) خېتىنىڭ ئاھاڭ مەنىسى ۋە مۇناسىۋىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ. «لى فامىلىلىكلەر دۆلەت قۇرۇشتىن بۇرۇن ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ ئەجدادى تۇبۇت، غۇزلار بىلەن، بولۇپمۇ تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك، مەيلى قانداشلىق ياكى مەدەنىيەت جەھەتتە ئىككىسىنى ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ تەسىرى چوڭقۇر بولغان ھالەتتىمۇ دىنىي ئېتىقادنىڭ تەسىرىدىن ئاشالمايدۇ. چۈنكى، نۇرغا، يورۇقلۇققا چوقۇنۇشنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغىنى ــــ يورۇقلۇق. ياخشىلىق، يامانلىق، ئۈمىد، ئىستىقبالنىڭ سىمۋولىدۇر. تاڭ tang داڭ dang شەرق تەرەپنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا قەدىمكى خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە تاڭ دۆلەت نامى قىلىپ بېكىتكەن، بۇ بىر سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ئىسىم ئىدى.

ئاپتور يەنە ياخشى بىلەن baxsi«ھەزرەت، ئەۋلىيا»Qurum قۇرۇم بىلەن كۆنلۈن، خېلىن، تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يىلنامە ـ كالىندارى، ئوخشىمىغان يىمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى ۋە ئىدىيە ـ كۆزقاراشلار قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. بۇ كىتاب تەخمىنەن 30 ـ 40 مىڭ خەت ئەتراپىدا بولۇپ، بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي قىممىتى بار.

لىن ئېنشيەن ـ 1936 ـ يىلى تەيۋەننىڭ گاۋشيۇڭ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. تەيۋەن سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتى چىگرا رايونلار سىياسى فاكۇلتېتىنىڭ باكلاۋېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، ياپونىيە مەركىزى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى بۆلۈمىنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ئەدەبىيات كەسپلىرىنىڭ ماگىستىر ـ ئاسپىرانتى، دوكتورى، يەنە ياپونىيە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى، شەرق تارىخ ئىلمى تەتقىقاتى ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. يەنە تەيۋەن سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەت ـ جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى فاكولتېتىنىڭ پروفېسسورى قوشۇمچە فاكولتېت مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. جۇڭگو مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەت ۋە مۇھاجىرلار تەتقىقات ئورنىنىڭ پروفېسسورى، ياپونىيە مەركىزى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپلىك (پەخرى) تەتقىقاتچىسى، شەرق ئەدەبىي ئەسەرلەر ئامبىرىنىڭ چەت ئەللىك تەتقىقاتچىسى، ھازىر تەيۋەن سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيەتشۇناسلىق فاكولتېتىنىڭ پروفېسسورى ۋە چىگرا رايونلار سىياسى تەتقىقات ئورنى (يېقىندا مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى دەپ ئۆزگەرتىلدى) نىڭ تەتقىقات باشلىقى بولغان. ئۇ ئاساسلىق چىڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادى مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ مەخسۇس ئەسەرلىرى 60 پارچىدىن ئاشىدۇ (بۇ يەردە 1990 ـ يىلغا قەدەر ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەسەرلىرى تۆۋەندىكىلەر: 1. «چىڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى خەنزۇلار، ئۇيغۇرلارنى ئايرىش سىياسىتى ھەمدە خەنزۇ، ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ مەركىزى» («سىياسى ئۇنىۋېرسىتېت ئىلمىي ژورنىلى، 18 ـ سان، تەيبېي، 1968 ـ يىل) 2. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن قۇدا ـ باجىلىق سىياسىتى تەتقىقاتى» (سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ‹چىگرا رايونلار تەتقىقات ئورنىنىڭ يىللىق ژورنىلى، 1 ـ سان، 1970 ـ يىل)

3. «ئۇيغۇر تىلى تاۋۇشلىرى ۋە ئەدەبىيات گىراماتىكىسى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» «جۇڭگو چىگرا رايونلار سىياسى« 29 ـ ، 30 ـ ،

31 ـ، 32 ـ، 33 ـ، 36 ـ، 37 ـ سانلار، 1971 ـ 1972 ـ يىللار، تەيبېي).

4. «چيەنلۇڭ خان يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ھەققىدىكى تەتقىقات» («سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېت ئىلمىي ژۇرنىلى» 24 ـ سان، تەيبېي، 1971 ـ يىل).

5. «چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ھەققىدىكى تەتقىقات» («جۇڭخۇا مەدەنىيەت قايتا گۈللىنىش مەتبۇئاتى» 5~8، 9 ـ، 10 ـ سانلىرى، تەيبېي، 1972 ـ يىل).

6. «چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئايماق ـ ناھىيە تۈزۈمى تەتقىقاتى» («فىلولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» 2 ـ سان، تەيبېي، 1976 ـ يىل).

7. «چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ خەنزۇ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىنى ئايرىش سىياسىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات» («سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېت مىللەت ـ جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى» 14 ـ سان، 1976 ـ يىل).

8. «چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ جاساق تۈزۈمى توغرىسىدىكى تەتقىقات» («جۇڭگو يەرلىك ھۆججەتلەر ئىلمىي مەتبۇئاتى»، 1977 ـ يىل).

9. «چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭدىكى خەنزۇلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئايرىش سىياسىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات» («جۇڭخۇا ئىلمىي ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى توپلاملىرى» 10 ـ قىسىم، جەمئىيەتشۇناسلىق ماقالىلەر توپلىمى 1977 ـ يىل).

10. «چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ بەگلىك تۈزۈمى توغرىسىدىكى تەتقىقات» (جۇجيەنمىن ئەپەندى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تۈزۈلگەن ماقالىلەر توپلىمى، تەيبېي، 1978 ـ يىل).

11. «چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتىنى ئايرىش سىياسىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات» («مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەت ۋە مۇھاجىرلار ماقالىلەر توپلىمى» 3 ـ سان، تەيبېي، «چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭدىكى خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئايرىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە»، 1981 ـ يىل).

12. «ئېلىمىزنىڭ چېگرىلىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇھاكىمە» (تەيۋەن سودا نەشرىياتى، «جۇجيەنمىن ئەپەندى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تۈزۈلگەن ماقالىلەر توپلىمى» ئىجتىمائىي پەن قىسمى، «جۇڭگودىكى موڭغۇللار، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار، شىزاڭ ئاساسلىق چېگرا رايون مىللەتلىرى جەمئىيىتى»، 1983 ـ يىل)

13. «ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە قىسقىچە بايان» (تەيبېي ھۆججەت ـ ماتېرىياللار بىۋاسىتە يېزىقى 64، 63 ـ بىرلەشمە سانلار، تەيبېي، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق، توي ـ مۇراسىملىرى، جەمئىيەت تەشكىلى، ئىقتىسادىي تۈزۈمى، جازالاش ئۇسۇللىرى، ئەدەبىياتى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىق ئىجتىمائىي مەدەنىيەتلىرىنى (ئۆتمۈشتىن ـ ھازىرغىچە) تەھلىل ھەم تەتقىق قىلىدۇ، 1983 ـ يىل).

14. «دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى جۇڭگو چېگرىلىرى تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» («سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېت چېگرا رايونلار سىياسىي تەتقىقات ئورنى يىللىق ژۇرنىلى» 14 ـ سان، 1983 ـ يىل).

15. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، ئىككى قىسىم» («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 17 ـ، 18 ـ سانلار، تەيبېي، 1986 ـ يىل).

16. «شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى» («تارىخ ئايلىق مەتبۇئاتى» 9 ـ سان، تەيبېي، 1988 ـ يىل).

17. «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتى» («ئابدۇللا تىمەن ئەپەندى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن چىقىرىلغان توپلام» تەيبېي، 1989 ـ يىل).

18. «جۇڭگونىڭ ھەرقايسى سۇلالىلەردىكى چېگرا مىللەتلەر بىلەن قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى سىياسىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە» (مەركىزى تەتقىقات ئورنى «بىرىنچى نۆۋەتلىك خەلقئارا خەنزۇشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مەدەنىيەت گۇرۇپپىسى ماقالىلەر توپلىمى،

تەيبېي، 1982 ـ يىل).

19. «چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ ئاھالىلىرىنى ئايرىش سىياسىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات» (سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتى ‹خەلقئارالىق جۇڭگو چېگرىلىرى ئىلمىي يىغىنى ماقالىلەر توپلىمى› تەيبېي، 1985 ـ يىل).

20. «يېقىنقى دەۋردىكى جۇڭگو چېگرىلىرى تەتقىقاتى ئەسەرلەر كاتالوگى) مەخسۇس كىتاب، 1986 ـ يىل).

21. «چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ ئاھالىلىرىنى ئايرىش سىياسىتى توغرىسىدا» (مەخسۇس كىتاب، تەيۋەن سودا نەشرىياتى، 1988 ـ يىل).

22. «تۈرك تەتقىقاتى» (مەخسۇس كىتاب، تەيۋەن سودا نەشرىياتى، 1988 ـ يىل).

23. «چېگرا سىياسىي ھەققىدە ئومۇمىي ئوبزور» (خۇا چېن كىتابخانا نەشرىياتى، 1989 ـ يىل). بۇ كىتابنىڭ 11 ـ بابىدا «چېگرا سىياسىتى تۈزۈمى»، 14 ـ بابىدا «چېگرا رايونلار مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، 15 ـ بابىدا «چېگرا رايونلار جەمئىيىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» قاتارلىق ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار سۆزلىنىدۇ.

پروفېسسور بى جاڭپۇ ـ بۇ ئادەمنىڭ تەرجىمىھالى ئېنىق ئەمەس، 1986 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تەيبېينىڭ يېڭى ئەدەبىي ئەسەرلەر نەشرىيات شىركىتى بى جاڭپۇ ئەپەندىنىڭ يېڭى تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلار» ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلدى. بۇ ئەسەر ئاساسلىق تىل، تۇتېم، ئىرق بەدەن تىپى قاتارلىق تەرەپلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتى توغرىسىدا ناھايىتى مەزمۇنلۇق، بۆسۈش خاراكتېرلىك مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، تارىخ جەھەتتىن قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بولغان تىل ـ يېزىق، تۇتېمغا چوقۇنۇش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتىن كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، ئولتۇراقلىشىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئىرق بەدەن تىپى ئالاھىدىلىكى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كىتابتا قوشۇمچە 28 پارچە رەسىم، «تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلىرىنىڭ بىر پارچە خەرىتىسى» بار.

كىتابنىڭ مۇندەرىجىسى تۆۋەندىكىچە:

1. تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تۇتېم تارىخى ماتېرىياللار توپلىمى
2. تىل تەتقىقاتى
3. قۇش تۇتېمى ۋە ئۇنىڭ غەرب شەرققە تارقىلىشى توغرىسىدا
4. غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار
5. تارىخىي ئىزلاردىن بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارغا نەزەر
6. ھازىرقى ئۇيغۇرلار بىلەن شىمالىي چۆللۈك دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى سېلىشتۇرۇش
7. شىر تۇتېمىنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ ئىدىيە تارقىلىشى توغرىسىدا ئىزدىنىش
8. بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى دەپ قاراشلىرىنىڭ سەۋەبى ۋە يەكۈنى
9. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتېم مەدەنىيىتى توغرىسىدا قايتا مۇلاھىزە
10. خاتىمە

پروفېسسور چېن چىڭلۇڭ ـ بۇ كىشىنىڭمۇ تەرجىمىھالى ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «خوجا سۆزىگە ئىزاھات ـ سۆز مەنبەسى ۋە سۆز مەنىسى توغرىسىدا تەھلىل» ‹تارىخ تەتقىقات ئورنى ماقالىلار توپلىمى› 40 ـ توپلامنىڭ كېيىنى، 1968 ـ يىل، تەيبېي)، بۇ ماقالىدا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇرغۇن سۆزلەرنى خەنزۇچە سۆزدىن ياسىغانلىقىنى، كۆزىتىش ۋە سۆز ياساش ئۇسۇلى ئاساسىدا خەنزۇچە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشىنى مۇلاھىزە قىلىدۇ. ئۇ جۇڭگو ۋە غەربنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە كۆرۈلگەن سىياسىي ـ ئىقتىساد، ئېتىقاد،

كالىندارچىلىق، دىنىي ئاتالغۇلار قاتارلىق تەرەپلەردىكى 200 گە يېقىن خەنزۇچىدىن پايدىلىنىپ ياسىغان سۆزلەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئېلىپ بارغان. ھۆججەتلەردىكى خەنزۇچە خەت «خوجا» سۆزىنىڭ سۆز مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىسى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدە تارىختىن بۇيان ھەر خىل تالاش-تارتىشلار بولۇپ كەلگەن. چېن ئەپەندى، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى ۋە ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى بىر قىسىم تىللاردا كۆرۈلگەن «خوجا» سۆزىنىڭ خەت شەكلى ۋە ئاھاڭ جەھەتتە ئوخشاشلىق ياكى يېقىن كەلسىمۇ بىراق، سۆز مەنىسى جەھەتتە پەرق بار دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسلىدىلا كېلىش مەنبەسى ئوخشىمايدۇ، خەت مەنىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئالدىنقىسى موڭغۇل تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، «پىچىلمىگەن قوي، قوشقار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، كېيىنكىسى پارس تىلىدىن كەلگەن بولۇپ ئەسلىدە «مەشھۇر ئەربابنىڭ شان-شەرىپىنى ساقلىغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، سۆز مەنىسى تەدرىجىي ئۆزگىرىپ «مەمۇرىي ئەمەلدارلىق نامى» ياكى «ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى» دەپ قارىلىدىغان بولۇپ قالغان. ئەمما قەدىمكى شىنجاڭدا «خوجا» سۆزىنى «سىرلىق» مەزھەپ ئىسلام دىنى باشلىقىنىڭ نام-شەرىپى دەپ قاراپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىياسىي جەھەتتە ئالاھىدە يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلەيتتى. ئاپتور «قارا خوجا» قارىماققا «خوجا» سۆزىنىڭ مەنبەسى «خېجۇ، خوجۇ» سۆزلىرى بولۇپ، بىراق «خېجۇ، خوجۇ» سۆزلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى تۈركىي تىلىدىكى خەنزۇ تىلىدىن (خەنزۇچە خەتتىن) پايدىلىنىپ ياسىغان «گاۋچاڭ» (قوچو) سۆزى دەپ قارايدۇ.

لىن گۇەنجۈن - لېكتور، ماگىستىر-ئاسپىرانتلىق ئۇنۋانى ئالغان، ئاساسلىق ئۇيغۇرلار بىلەن تۇبۇتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارغا دائىر ئەسەرلىرىدىن: «شىمالىي چۆللۈك مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئىزدىنىش»؛ ‹بوقا تېگىن› «لياۋ، تاڭ سۇلالىسى، ئۇيغۇرلار، تۇبۇتلەر ئۈچ تەرەپ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش - سۇ، دەي، دېزۇڭ مەزگىلى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇ يەنە تۈرك تىلىغا قىزىقىدۇ، ئۇ «خەنزۇ ۋە تۈرك تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر، مەنىداش ۋە شەكىلداش خەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش» (‹جۇڭگو چېگرا رايونلار سىياسىي، 73-سان) ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان.

لى جىڭگۈي - تەيۋەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماگىستىر-ئاسپىرانتلىقىنى تۈگەتكەن، ھازىر جۇڭشىڭ سودا-سېتىق باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئالىي مەكتەپ ئىنگلىز تىلى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى. ئۇنىڭ ئاسپىرانتلىق ماقالىسى «ئۇيغۇر تىل تاۋۇشلىرى توغرىسىدا» (ئىنگلىزچە، ‹چېگرا رايونلار تەتقىقات ئورنىنىڭ يىللىق ژورنىلى، 10-سان)، بۇ ماقالىدىكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر لىۋيىتاڭ ئەپەندى تەمىنلىگەن سۆزلەر بىلەن ئوخشاش، لىۋيىتاڭ ئەپەندى ۋە تەيۋەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىنگلىز تىلى تەتقىقات ئورنىنىڭ پروفېسسورى دوڭ چاۋخۇي (ئاھاڭ تەرجىمىسى) لار بۇ ماقالىغا تۈزىتىش تەكلىپىنى بەرگەن. پۈتۈن ماقالە مۇقەددىمە (كىرىش سۆز)، بوغۇم ئاساسلىرى، ئالدىنقى ئاساس شەكلى، مەركىزى ئاساس شەكلى، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى، تاۋۇش ئورنىنىڭ چەكلىمىسى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە بىر قىسىم ئىزدەنگۈچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارمۇ بىر قىسىم مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. مەسىلەن، جۇدېلۇڭ «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئۇيغۇر توپىلاڭلىرى توغرىسىدا تەتقىقات»؛ شۇ مىڭيىن «شىمالىي ئاسىيا چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسى تەتقىقاتى - كۆك بۆرە ئەۋلادلىرى، تۈرك، موڭغۇل مىللەتلىرىنىڭ ئەجداد ئەپسانىلىرى ھەمدە تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىملىرى توغرىسىدىكى سىرلارنى يېشىش»؛ لى شېڭچېن «چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ، كاڭشى، داۋگۇاڭ دەۋرلىرىدىكى ئۇيغۇر

جەمئىيىتى تەرەققىياتى توغرىسىدىكى تەتقىقات 1760~1850 ـ يىللار»؛ ياڭ شىچۈەن «تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر بىرلەشمە قوشۇنى توغرىسىدىكى تەتقىقات ـ تاڭ سۇلالىسىدىكى ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭى مەزگىلى مەركەز قىلىندۇ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا، جاڭ داجۈن يازغان «شىنجاڭنىڭ بوران چاپقۇنلۇق 70 ـ يىلى» ۋە ياۋ داجۇڭ يازغان «قەدىمكى غەربىي شىمالىي جۇڭگو» (سەنمىن كىتابچىلىقى، 1981 ـ يىل) قاتارلىق ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك داڭلىق ئەسەرلەرمۇ بار.

يىغىنچاقلىغاندا، تەيۋەندىكى ئۇيغۇر تەتقىقاتى، گەرچە تەتقىقات ئەزالىرى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما كۆپلىگەن ئەسەرلەر تەتقىقات جەھەتتە بەلگىلىك چوڭقۇرلۇققا ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە، بەزى مەزمۇنلار دۆلىتىمىزدە ناھايىتى ئاز ھالدا چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىنغان. مەسىلەن، «پادىشاھ ئۆزى بېكىتكەن غەربىي يۇرت يەر ناملىرى تەزكىرىسى تەتقىقاتى»، «چىڭ دەۋرىدىكى خەنزۇ، ئۇيغۇرلارنى ئايرىش سىياسىتى تەتقىقاتى» قاتارلىقلار.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. تىيەن ۋېيجياڭ: «تەيۋەندىكى چېگرا رايونلار سىياسى تەتقىقات ئورنى ھەمدە شىنجاڭ تەتقىقاتى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە»، ‹شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر› تەتقىقاتى»ژۇرنىلى، 1987 ـ يىل 1 ـ سان.

2. ۋاڭ يۈەن شىن: «تەيۋەندىكى تۈركى تىللار تەتقىقاتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، ‹تىل ۋە تەرجىمە›، 1989 ـ يىل 1 ـ سان.

3. نيۇرۇجى: «تەيۋەن ‹جۇڭگو چېگرا مىللەتلەر تارىخى› ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە»، ‹مىللەتلەر تەتقىقاتى، ژۇرنىلى ماتېرىيال ئۈزۈندىلىرى› 1990 ـ يىل، 3 ـ سان.

4. نيۇرۇجى: «لىيۇيىتاڭ ‹پادىشاھ ئۆزى بېكىتكەن ماتېرىياللىرىغا ئىزاھات ـ شىنجاڭ ئۇيغۇرچە قىسمى› قىسقىچە چۈشەنچە»، ‹شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى› ژۇرنىلى 1986 ـ يىل 10 ـ سان.

5. نيۇرۇجى: «يېڭى تۈزگەن ‹تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار تەتقىقاتى› غا باھا» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى› ژۇرنىلى 1990 ـ يىل 3 ـ سان.

6. ياڭ فۇشۆ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە»، ‹مىللەتلەر تەتقىقاتى، ژۇرنىلى ماتېرىيال ئۈزۈندىلىرى 1990 ـ يىل، 1 ـ سان.

7. لىن ئېنشيەن: «چېگرا رايونلار سىياسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خۇاچىن كىتابچىلىقى، 1988 ـ يىل.

8. لىيۇيىتاڭ: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، جېڭجۇڭ كىتابچىلىقى، 1978 ـ يىل.

9. لىيۇيىتاڭ: «ئۇيغۇر تەتقىقاتى»، جېڭجۇڭ كىتابچىلىقى.

(تەرجىمان: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتى)
تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**

# Contents

## Researches on Cultural Relics

On the Importance of the Work of Cultural Relics........Ablim Kiyum (1)

On the Archaeological and Cultural Sites in Makit, Kashgar........Tursunbag Ibrahim Taymas (16)

## Archaeological Researches

A Report of Archaeological Excavation in the Aicient Oasis of Otang........Anwar Mamat (25)

On the Archaeological Findings Concerning the Sky – Worship of the Uyghur Ancestors........Muhtar Sulayman (28)

## Studies on Ancient Documents

Texts from Tunhuang and Turfan Concerning Idiq – qut Uyghur Buddhism........A.m.Umidyar E.I. kutluk (35)

The Euro – Asian Arial Aspect of Old Turkic written Culture........Dmitri. D. Vasilev [Translator: Mamutjan Imin Eltegin] (68)

A Study on the "Chinese-Like Script" of the Uyghurs........Ghalip Barat Erk(76)

## Researches on Idiq-qut Uyghur Civilization

A Study on Turfan Uyghur Folk Art Mashrap........Muhammat Niyaz (94)

Aesthete and Dressing of Uyghur Women........Mamutjan Tilek (98)

On the Reformation of the Custom "Horse-Riding and Dressing Like Ghoz" and it' s Influence........Yusupjan Musa (103)

An Observation on the Commercial Prosperity of Turfan during the 2nd Half of the 19th Century........Himit Niyaz (110)

## Historical Figures

Two Uyghur Diplomats and the Sino-Koria Diplomatic Relationships during Ming Dynasty........Abay Imin (120)

On Sultan Makhmut Ghoja and his Death........Mamut Ghazi (128)

On Uyghur Personal Names and Their Characteristics........Dilaram Mahmut (134)

Reminiscences of Habibullah........Kasim Ghoja (139)

## Introductions

An Introduction to the Historical Work: The History of Turfan........Habibullah Ghoja Lamjini (145)

Uyghur Studies In Taiwan........Niu Ruji [Translator: Yasin Bosak] (150)

**Xinjiang Turpan Research Socicty and Cultural Relics Bureuu Turpan xinjiang**

ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق ، باش كاتىپى ئابلىم قىيۇم ، مۇئاۋىن رەئىسى چىن گوشەن ، رەئىسى ئابلا قاسىم ، مۇئاۋىن رەئىسى ليۇخۇڭلياڭ ، ئەنۋەر ئابلىمىت قاتارلىقلار بىلەن 2000 ـ يىلى تۇرپاندا ئېچىلغان خەلقئارالىق تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا چۈشكەن خاتىرە سۈرىتى



ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنىنىڭ 2005 ـ يىل 8 ـ ئايدا تۇرپاندا ئېچىلغان خەلقئارا تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا تۈركىيە ئىستانبول ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئوسمان فىكرى سېرتكايا ۋە شۈكرۈ خالىق ئاكالىن بىلەن چۈشكەن خاتىرە سۈرىتى





( 1952.10 ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى 2007.1.12 )

ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى 2000 ـ يىلى ئاۋغۇستتا تۇرپاندا ئېچىلغان خەلقئارا تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان جۇڭگو ۋە چەتئەللىك ئالىم ، مۇتەخەسسلەر بىلەن چۈشكەن خاتىرە سۈرەت



ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى كەسپداشى
دۇبەسىر شۈكۈرى ، ئابلىم قىيۇم ،
كىن ئىمىننىياز قۇتلۇقلار بىلەن بىللە



ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ئابلىم قىيۇم ، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇقلار بىلەن چۈشكەن خاتىرە سۈرىتى





ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى 2006 ـ يىلى 16 ـ مايدا ئۇيغۇرلارنىڭ 2 ـ يۇرتى خوتەن جاكشادا ئېچىلغان ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى تەتقىقاتى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان مەكتەپداشلىرى بىلەن بىللە

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : ئىمىنىياز قۇتلۇق



# 吐鲁番学研究

# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى


主办单位：新疆吐鲁番学学会　吐鲁番地区文物局

编辑：《吐鲁番学研究》编辑部

地址：乌鲁木齐市延安路711号（伊斯兰教经文学院）3号楼2单元502房

印刷时间：2007年12月

印刷：新疆隆益达印务有限公司

邮政编码：830000 电话：0991-2566833

新疆内部资料（刊形）准印证：00153W

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى

نەشر قىلغۇچى: «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ئۇيغۇر تەھرىراتى

ئادرېس: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 711 - نومۇر «ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى» قورۇسى 3 - بىنا 2 - ئىشىك 502 - ئۆي

بېسىلغان ۋاقتى: 2007 - يىل 12 - ئاي

باسقان ئورۇن: ئۈرۈمچى لۇڭيىدا باسما چەكلىك شىركىتى

پوچتا نومۇرى: 830000 تېلېفون: 0991-2566833

ش ئۇ ئا ر ئىچكى ماتېرىيال (مەجمۇئە) لارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى 00153W